نەسرۇللا

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تەھرىرى: ئابلىمىت سىدىق
ھامۇت ساجىت

# ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
شىنجاڭ شىنخۇا 2-باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1980-يىل 10-ئاي 1-نەشرى
1981-يىل 2-ئاي 1-بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M7098.39
باھاسى: 0.60 يۈەن

# تۈزگۈچىدىن

«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دېگەن بۇ كىتابنى 1963- ۋە 1964 - يىللىرى يولداش مىر سۇلتان بىلەن ئىككىمىز تۈزگەن ھەم شىنجاڭ داشۆي تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىيات كەسپى ۋە خەنزۇ تىلى كەسپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا دەرس قىلىپ ئۆتكەن. ئوقۇتۇش داۋامىدا قىسمەن تولۇقلاندى ۋە تۈزىتىلدى. بۇ قېتىم تۈزۈش جەريانىدا تىلشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ئائىت ئەسەرلەر ۋە قېرىنداش تىللارغا ئائىت ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، ئۇيغۇر مىللى ئورتاق تىلىنىڭ جانلىق ۋە يازما شەكلىدىكى ئومۇمى خاراكتېرلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى بىر قەدەر تەپسىلى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتىم.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى تېخى تولۇق تەتقىق قىلىنغان ساھە ئەمەس، نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر خېلى كۆپ. مەن بۇ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويغان مۇھاكىمىلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان دەسلەپكى ئىزلىنىشىمنىڭ نەتىجىسى. سەۋىيەمنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەبىدىن، كىتابتا خاتالىق - نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىئى. كىتابخانلارنىڭ ئۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى، تۈزىتىش - تولۇقلاش ھەققىدە پىكىر بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باپ مۇقەددىمە ........................ 1

§ 1 - تىل ۋە ئۇنىڭ رولى ........................ 1

§ 2 - ئەدەبىي تىل ۋە دىئالېكت ........................ 3

§ 3 - ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەزمۇنى ........ 11

ئىككىنچى باپ فونېتىكا ........................ 13

§ 4 - فونېتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە ........................ 13

§ 5 - فونېما ........................ 14

§ 6 - تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى ۋە تاۋۇش چىقى-
رىش ئۇسۇلى ........................ 23

§ 7 - بوغۇم ۋە ئۇرغۇ ........................ 24

§ 8 - ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېتىك ئۆزگىرىشلەر ........ 29

ئۈچىنچى باپ يېزىق ........................ 39

§ 9 - يېزىق ۋە ئۇنىڭ رولى ........................ 39

§ 10 - ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى ۋە قوللانغان
يېزىقلىرى ھەققىدە ........................ 42

قىسقىچە چۈشەنچە

§ 11 - ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ........ 49

تۆتىنچى باپ لېكسىكولوگىيە ........................ 51

§ 12 - لېكسىكولوگىيە ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى... 51

§ 13 - سۆز ۋە سۆز مەنىسى ........................ 59

§ 14 - سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ........................ 57

§ 15 - بىر مەنىلىك ۋە كۆپ مەنىلىك سۆزلەر ........ 59

§ 16 - مەنىداش سۆزلەر، قارىمۇ-قارشى مەنىلىك

سوزلەر، ئاھاڭداش سوزلەر ..... 61

17 - § ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋى ..... 66

18 - § ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققىياتى ... 76

19 - § تۇراقلىق ئىبارىلەر ..... 83

بەشىنچى باپ گىرامماتىكا ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە ..... 90

20 - § گىرامماتىكا ۋە ئۇنىڭ رولى ھەم ئوبيېكتى ... 90

21 - § ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى توغرىسىدا ..... 92

ئالتىنچى باپ مورفولوگىيە ..... 97

22 - § مورفولوگىيە ھەققىدە چۈشەنچە ..... 97

23 - § سوز ۋە ئۇنىڭ مەنىلىك بولەكلىرى ..... 98

24 - § گىرامماتىكىلىق مەنە، گىرامماتىكىلىق شەكىل ۋە گىرامماتىكىلىق كاتىگورىيە ..... 101

25 - § ئۇيغۇر تىلىدىكى گىرامماتىكىلىق ئۇسۇل ..... 106

26 - § ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ..... 108

27 - § ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزلەرنى تۈركۈمگە بولۇش پىرىنسىپى ..... 116

يەتتىنچى باپ ئىسىم ..... 119

28 - § ئىسىم ھەققىدە چۈشەنچە ..... 119

29 - § ئىسىملارنىڭ سان كاتىگورىيىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى ..... 121

30 - § ئىسىملارنىڭ شەخس كاتىگورىيىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى ..... 124

31 - § ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتىگورىيىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى ..... 125

سەككىزىنچى باپ سۈپەت ..... 126

32 - § سۈپەت ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ..... 136

33 - § سۈپەت تۈرلىرى ..... 137

34 - § سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتىگورىيىسى ..... 139

توققۇزىنچى باپ سان ..... 140

35 - § سان ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ..... 144

36 - § سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ..... 145

37 سانلارنىڭ تۈرى ..... 149

38 - § بىر سانىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى ..... 151

ئونىنچى باپ ئالماش ..... 152

39 - § ئالماش ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ..... 152

40 - § ئالماشلارنىڭ تۈرى ..... 154

ئون بىرىنچى باپ پېئىل ..... 161

41 - § پېئىل ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ..... 161

42 - § پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز كاتې-
گورىيىسى ..... 164

43 - § پېئىللارنىڭ شەخس - سان كاتېگورىيىسى ..... 165

44 - § پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ..... 166

45 - § پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى ..... 175

46 - § پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسى ..... 176

47 - § پېئىللارنىڭ تۈس (قىياپەت) كاتېگورىيىسى ..... 188

48 - § شەخسسىز پېئىللار ..... 191

49 - § تولۇقسىز پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ..... 198

ئون ئىككىنچى باپ رەۋىش ..... 201

50 - § رەۋىش ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ..... 201

51 - § رەۋىشلەرنىڭ تۈرلىرى ..... 205

ئون ئۈچىنچى باپ ياردەمچى سۆزلەر ..... 211

52 - § ياردەمچى سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم خۇ-
سۇسىيىتى ..... 211

53 - § ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى ..... 212

ئون تۆتىنچى باپ ئىملىق سۆزلەر ۋە ئۈندەش سۆزلەر ..... 222

54 - § ئىملىق سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ..... 222

55 - § ئۈندەش سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ..... 226

ئون بەشىنچى باپ سىنتاكسىس ھەققىدە چۈشەنچە ..... 230

56 - § سىنتاكسىس ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى ..... 230

57 - § جۇملە ۋە ئۇنىڭ رولى ........................ 232
58 - § ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۇملە تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ
تەرەققىياتى ........................ 235
59 - § جۇملە تۈرلىرى ........................ 238
ئون ئالتىنچى باپ ئاددىي جۇملە سىنتاكسىسى ........................ 248
60 - § ئاددىي جۇملە ۋە ئۇنىڭ رولى ........................ 238
61 - § جۇملىدە سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش
يوللىرى ........................ 249
62 - § سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرى ........................ 255
ئون يەتتىنچى باپ جۇملە بۆلەكلىرى ........................ 259
63 - § جۇملە بۆلەكلىرى ھەققىدە چۈشەنچە ........................ 259
64 - § جۇملىنىڭ باش بۆلەكلىرى ........................ 260
65 - § جۇملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى ........................ 266
66 - جۇملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى ........................ 277
67 - § جۇملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرى ........................ 278
68 - § جۇملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋى ........................ 279
ئون سەككىزىنچى باپ جۇملە بىلەن گىراممatikىلىق باغلى-
نىشى يوق سۆزلەر ........................ 290
69 - § جۇملە بىلەن گىراممatikىلىق باغلىنىشى يوق
سۆزلەر ھەققىدە چۈشەنچە ........................ 290
70 - § قاراتما سۆز ........................ 291
71 - § قىستۇرما سۆز ........................ 292
72 - § ئۈندەش سۆز ........................ 294
ئون توققۇزىنچى باپ ئاددىي جۇملىنىڭ تۈرلىرى ........................ 295
73 - § يىغىق ۋە يېيىق جۇملە ........................ 295
74 - § ئىگىلىك ۋە ئىگىسىز جۇملە ........................ 296
75 - § تولۇق ۋە تولۇقسىز جۇملە ........................ 298
يىگىرمىنچى باپ مۇرەككەپ جۇملە ھەققىدە چۈشەنچە ... 300
76 - § مۇرەككەپ جۇملە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ... 300

§ 77 - مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈش شەكىللىرى ... 302

§ 78 - مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى 303

يىگىرمە بىرىنچى باپ تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە ......... 304

§ 79 - تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ......... 304

§ 80 - تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈرلىرى ...... 305

يىگىرمە ئىككىنچى باپ بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە ... 310

§ 81 - بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ......... 310

§ 82 - بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى ... 311

§ 83 - بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈرلىرى ... 313

يىگىرمە ئۈچىنچى باپ ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە ........ 317

§ 84 - ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ......... 317

§ 85 - ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈرلىرى ...... 318

يىگىرمە تۆتىنچى باپ كۆچۈرمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ... 321

§ 86 - كۆچۈرمە جۈملە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ...... 321

§ 87 - ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ... 322

يىگىرمە بەشىنچى باپ تىنىش بەلگىلىرى ......... 325

§ 88 - تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رولى ...... 325

§ 89 - ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئىشلىتىلىش قائىدىلىرى ......... 326

# بىرىنچى باپ مۇقەددىمە

## 1-§ تىل ۋە ئۇنىڭ رولى

تىل — ئىنسانلارنىڭ ئەڭ موھىم ئالاقە قورالى، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرى تىل ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئىنسانلار تىل ئارقىلىق بىر بىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرىدۇ، بىر بىرىنى چۈشىنىدۇ.

تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى سۈپىتىدە پۈتكۈل جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان ۋە جەمئىيەت ئۈچۈن بىرلىككە كەلگەن ئىجتىمائى ھادىسە. ھەر بىر ئىجتىمائى كوللېكتىپنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بولىدۇ، شۇ كوللېكتىپقا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ قانداق ئىجتىمائى تۈزۈملەردە ياشىشىدىن ۋە قانداق سىنىپقا مەنسۇپ بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار مەلۇم بىر ئورتاق تىلدا پىكىر ئالماشتۇرىدۇ ۋە بىر بىرى بىلەن ئالاقە قىلىشىدۇ. شۇڭا تىل باشقا ئىجتىمائى ھادىسىلەرگە (بازىس، ئۈستقۇرۇلما ۋە باشقىلارغا) ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە بىر خىل ئىجتىمائى ھادىسە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

تىل ئالاھىدە بىر ئىجتىمائى ھادىسە بولۇش بىلەن ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ۋە كۈرەش قورالى سۈپىتىدە خىزمەت قىلىدىغان ۋاستە. چۈنكى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئەمگەكلىرىدە پەقەت تىل ئارقىلىق بىر بىرىگە ماسلىشىپ ئىشلەيدۇ؛ تىل بولمايدىكەن، ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققى قىلالمايدۇ، ھەتتا مەۋجۇت بولۇپمۇ تۇرالمايدۇ. تىل ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە

يولداش ستالىن مۇنداق دەيدۇ: "پىكىر ئالماشتۇرۇش ھەمىشە ئىنتايىن زورۇر بولۇپ تۇرىدۇ، چۈنكى پىكىر ئالماشتۇرۇش بولمىسا، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت كۈچلىرىگە قارشى كۈرەشلىرىدىكى، زورۇر بولغان ماددى ئەشيالارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەشلىرىدىكى ئورتاق ھەركىتىنى تەرتىپكە سېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىش مۇمكىن ئەمەس، بۇ ھالدا، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆزىنىڭمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. دېمەك، پۈتۈن جەمىيەت ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان تىل بولمىسا، جەمىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان تىل بولمىسا، جەمىيەت ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىدۇ، يىمىرىلىدۇ ۋە جەمىيەت بولۇپ تۇرالمايدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تىل ھەم ئالاقىلىشىش قورالى، ھەم جەمىيەتنىڭ كۈرەش قىلىش ۋە تەرەققى قىلىش قورالى."*

ئۇيغۇر تىلىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرىدىغان، بىر بىرىنى چۈشىنىدىغان ئورتاق ئالاقە قورالى. ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە تىل بولۇپ، ئەنە شۇ ئۇزاق تارىخ جەريانىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالاقە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئالاقىلىشىش ۋاستىسى بولۇش رولىنى جارى قىلىپ كەلدى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پۈتۈن تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇشقا، بىر بىرىنى چۈشىنىشكە، شۇنداق قىلىپ جەمىيەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ئاساس بولۇپ كەلدى.

ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركى تىللار گۇرۇپپىسىنىڭ غەربىي ھون تارمىقى ئىچىدىكى قارلۇق تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. رەسمىي يېزىقتىن پايدىلانغان دەۋردىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ئاجىز-

---

*ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1974-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 30 - بەت.

مىز. ھازىرغىچە تېپىلغان يادىكارلىقلار ئاساسىدا چەتئەللەردىكى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى تۈركشۇناسلارنىڭ پەرەزلىرى بويىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي يېزىقتىن پايدىلانغاندىن بۇيانقى دەۋرلەردىكى تىلىنى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانلىرىغا قاراپ، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى، ئوتتۇرا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دېگەن تۆت دەۋرگە بۆلۈش مۇمكىن. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قەدىمقى تۈرك رونىك يېزىقى (ئورخۇن - يەنىسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) يادىكارلىقلىرىدا، ئوتتۇرا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە بىر قىسىم ئەرەب يېزىقى يادىكارلىقلىرىدا، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى 13 - ، 14 - ئەسىرلەردىن تا بىزنىڭ ئەسىرىمىزگىچە بولغان ئەرەب يېزىقى يادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەنە شۇ 3 خىل تارىخىي دەۋردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ بولۇپمۇ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا مەركىزىي دىيالېكت ۋە ئۈرۈمچى تەلەپپۇزى ئاساسىدا شەكىللەنگەن مىللىي ئەدەبىي ئورتاق تىل. شۇڭا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى ئەنە شۇ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر خەلقى مىللەت بولۇپ شەكىللىنىشكە يۈز تۇتقان دەۋردە مىللەتنى تەشكىل قىلغۇچى ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە شەكىللەنگەن مىللىي ئورتاق تىل دەيمىز. دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدا قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى شەكلى سۈپىتىدە شەكىللەنگەن ۋە قېلىپلاشقان مىللىي ئەدەبىي تىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 2 - § ئەدەبىي تىل ۋە دىيالېكت

تىلنىڭ ۋاستىلىك رولى نۇتۇق تاۋۇشلىرى ۋە يېزىق ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئەدەبىي جانلىق تىل ۋە ئەدەبىي يېزىق تىلى دېگەن ئىككى شەكىلنى

ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ جانلىق شەكلى نۇتۇق ۋە سوھبەتلەر-
دە، رادىيو، كىنو - تىياتىرلاردا، ئوقۇتۇش - ئىشلىرىدا
قوللىنىلىۋاتقان شەكلى؛ يېزىق شەكلى بولسا، يېزىقتا بىرلىككە كەل-
تۈرۈلۈپ مۇقىملاشتۇرۇلغان، مەدەنىي - مائارىپ، نەشرىيات ۋە يېزىق-
چىلىق ئىشلىرىدا قوللىنىلىۋاتقان شەكلىدىن ئىبارەت. ھازىرقى زا-
مان ئۇيغۇر تىلىنىڭ جانلىق شەكلى بىلەن يېزىق شەكلى تارىخ-
تىكى ھەر قانداق دەۋرگە نىسبەتەن بىرلىككە كەلمەكتە ھەم قې-
لىپلاشماقتا. ئۇ ھازىر ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەممە دىيالېكتلىرىغا ئۆز-
نىڭ ئىجابىي تەسىرىنى كۆرسەتمەكتە.

فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گراممatika جەھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئاي-
رىم خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن مىللىي ئەدەبىي تىلدىن پەرقلىنىپ تۇر-
ىدىغان رايون خاراكتېرلىق يەرلىك تىل دىيالېكت دېيىلىدۇ.

ئازاتلىقتىن بۇيانقى ئىككى قېتىملىق (1956 - ۋە 1959 - يىل-
لىرى) تەكشۈرۈلگەن ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىغا ئائىت ماتېرىيال-
لارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ دىيالېكتلىرىنى بەلگىلەشتە فو-
نېتىك پرىنسىپنى ئاساس قىلىش مۇۋاپىق. چۈنكى سۆزلەرنىڭ
لېكسىكىلىق ۋە گراممatikىلىق خۇسۇسىيەتلىرى جەھەتتىن دىيالېكت
رايونلىرى بويىچە ئوخشىماسلىقى، ئەمەلىيەتتە، فونېتىكىغا تاقىلىدۇ.
شۇنىڭدەك دۇنيادىكى تۈركشۇناسلارنىڭ تۈركىي تىللارنى فونېتىك
پرىنسىپقا ئاساسەن بۆلگىنىگە ۋە خەنزۇ تىلى دىيالېكتلىرىنى
فونېتىك پرىنسىپ بويىچە بۆلگىنىگە قارىغاندىمۇ، ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنى فونېتىك پرىنسىپ ئاساسىدا بەلگىلەش
تېخىمۇ مۇۋاپىق. بىر تىلنىڭ ياكى بىر دىيالېكتنىڭ فونېتىكا قىس-
مى، ئەمەلىيەتتە، ئۇنىڭ لېكسىكا ۋە گراممatika قىسمىدىن
ئايرىلغان ھالدا ئۆز ئالدىغا مەۋجۇت بولۇپ تۇرال-
مايدۇ، لېكسىكىلىق ۋە گراممatikىلىق خۇسۇسىيەت-
لەرمۇ فونېتىكا بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇھىم فونېتىك خۇسۇسىيەت ھېسابلىنىدىغان
سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى، ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلى-

شىشى، تاۋۇشلارنىڭ تەسىرات قانۇنىيىتى ھەم ئايرىم تاۋۇشلار-
نىڭ نوۋەتلىشىش قانۇنىيىتى بويىچە قارىغاندا، ھازىرقى زامان
ئۇيغۇر تىلىدا ئۈچ دىئالېكت بار دېيىش مۇمكىن.

## 1. مەركىزىي دىئالېكت

بۇ دىئالېكت رايونىغا قومۇلدىن تارتىپ ئىلى، ئاقسۇغىچە بول-
غان رايونلار كىرىدۇ. بۇ دىئالېكتنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى
توۋەندىكىچە:

بىرىنچى، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى خېلى
كۈچلۈك، يەنى سۆزنىڭ باش بوغۇمىدا ئو (O)، ئۆ (Θ) كەلسە، كې-
يىنكى بوغۇملىرىدا ئۈ (ü)، ئۇ (u) كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئويۇن، ئۆتتۈك، قولۇم، كۆزۈم، تويۇپ، كۆرۈپ.

ئىككىنچى، ق، ك، پ تاۋۇشلىرى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئارىسىدا
كەلسە، ياندىش تاۋۇشلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، جاراڭلىق غ، گ، ۋ
تاۋۇشلىرىغا نوۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن:

ياتاق - ياتىغى، يۈرەك - يۈرىگى، كىتاپ - كىتاۋى، قوناق قونى-
غى، چېلەك - چېلىگى، ئىنقىلاپ - ئىنقىلاۋى.

ئۈچىنچى، بۇ دىئالېكتتا ۋ بىلەن گ نىڭ نوۋەتلىشىشى كۆپ
ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

ئۇۋال - ئۇگال، جوۋا - جوگا، ئەندۈۋا - ھاندۈگا، ھاۋانچا - ھاگان-
چا، ھالۋا - ھالگا.

تۆتىنچى، سۆز بېشىدا (ئۇ (u)، ئۈ (ü)، ئى. سوزۇق تاۋۇشلىرى-
نىڭ ئالدىدا) كەلگەن ي، ژ ئارىلاش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

يۇلتۇز - ژۇلتۇز، يىل - ژىل، يۈرەك - ژۈرەك، يۇلغۇن - ژۇلغۇن،
يىلقا - ژىلقا.

## 2. غەربى جەنۇبى دىالېكت

بۇ دىالېكت رايونىغا قەشقەر، خوتەن ۋىلايەتلىرىگە قاراشلىق كەڭ رايونلار كىرىدۇ. بۇ دىالېكتنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئاجىز، سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى ئو (o)، ئو (ө) دىن كېيىن ئا، ئە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئويان، ئوتەك، قولام، كوزەم، توياپ، كورەپ، كوزەم.

ئىككىنچى، سوزۇق تاۋۇشلار ئارىسىدا كەلگەن ق، ك، پ تاۋۇشلىرى غ، گ، ۋ تاۋۇشلىرى بىلەن نوۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

ژۇرىكى، كىتاپى، چېلەكى، ياتىقى، مەكتەپى، پىچىقى.

ئۈچىنچى، ۋ تاۋۇشى گ تاۋۇشى بىلەن نوۋەتلەشمەيدۇ. مەسىلەن:

جوۋا، ھاۋانچا، ئاۋال، ھالۋا.

تۆتىنچى، سۆز بېشىدا (ئۇ (u)، ئۇ (ü)، ئى لەرنىڭ ئالدىدا) ئاساسەن، ژ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ژىلان، ژىلقا، ژىلتىز، ژۇرەك، ژىل.

بەشىنچى، بەزى بىر بوغۇملۇق سۆزلەردە ئو (ө) ئەمەس، ئو (o)، ئۇ (ü) ئەمەس، ئۇ (u) قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

گور (gor)، گوش (gox)، گۇل (gul).

ئالتىنچى، بەزى سۆزلەردە ئا، ئە تاۋۇشلىرىدىن كېيىن بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن ل تاۋۇشى ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن تاۋۇشنىڭ تەسىرى بىلەن، م غا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئال ـ ئامما، كەل ـ كەممە، قىل ـ قىمما، سال ـ سامما.

## ۋ. لوپنۇر دىئالېكتى

لوپنۇر دىئالېكتى ئەدەبىي تىلغا نىسبەتەن ئالاھىدىرەك دىئالېكت بولۇپ، بۇ دىئالېكت رايونىغا لوپنۇر ناھىيىسىگە قاراشلىق رايونلار كىرىدۇ. بۇ دىئالېكتنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ناھايىتى كۈچلۈك. سوزنىڭ 4 - ، 5 - ، 6 - بوغۇملىرىدىمۇ لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: قوي - قويمو - قويموغون - قويموغونلور، كورەوگونلور - كورەوگونلورنو.

ئىككىنچى، سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدا كەلگەن ق، ك، پ تاۋۇشلىرى مەركىزىي دىئالېكتقا ئوخشاش ئاجىزلىشىپ، جاراڭلىق غ، گ، ۋ غا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: ياتاغى، چىلەگى، كىتاۋى، ئۇرۇغۇ (ئۇرۇغى).

ئۈچىنچى، ۋ نىڭ ئورنىغا گ نى قوللىنىش خۇددى تۇرپان، قۇمۇل شىۋىلىرىدىكىدەك كوپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئاگا (ھاۋا)، گادە (ۋەدە)، ئاگال (ئاۋال).

تۆتىنچى، بۇ دىئالېكتتا ي نىڭ ئورنىدا ژ نى ئىشلىتىش ئەھۋالى يوق.

بەشىنچى، بۇ دىئالېكتتا ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئالدى تەسراتى كۈچلۈك. شۇڭا بەزى كېلىش قوشۇمچىلىرى ئون نەچچە خىلغا بارىدۇ. مەسىلەن:

مۇشۇك - مۇشۇككۇ (مۇشۇكنىڭ)، ئوق - ئوققۇ (ئوقنىڭ)، ئىشىك - ئىشىككى (ئىشىكنىڭ)، مىق - مىققى (مىخنىڭ)، كول - كوللۇ (كولنىڭ)، تال - تاللى (تالنىڭ)، تاگ - تاگگى (تاگنىڭ)، مىس - مىسسى (مىسنىڭ)، يولۋاز - يولۋازۇ (يولۋاسنىڭ)، جان - جاننى (جاننىڭ).

يۇقۇرقى مىسالالاردا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى 10

خىل بولۇپ كەلگەن.

يۇقۇرقىلار ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرىنىڭ گىراممىاتىكا ۋە لېكسىكا جەھەتتىكى پەرقى يوق دىيەرلىك. شۇنداقتىمۇ ئايرىم دىيالېكت ۋە شېۋىلەرنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

گىراممىاتىكا جەھەتتىكى پەرق

1. لوپنۇر دىيالېكتىدا ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ پەرقى يوق. باشقا دىيالېكت ۋە شېۋىلەردە بولسا پەرقلىق. مەسىلەن:

| لوپنۇر دىيالېكتىدا | باشقا دىيالېكت ۋە شېۋىلەردە |
|---|---|
| ئورمۇنۇ كۆنۈ | ئورمىنىڭ كۆنى |
| ئورمۇنۇ ئورۇپ | ئورمىنى ئورۇپ |
| ئاشتى تۈزۈ | ئاشنىڭ تۈزى |
| ئاشتى ئەتىپ | ئاشنى ئېتىپ |
| تاۋۇزۇ ئورۇغۇ | تاۋۇزنىڭ ئورۇغى |
| تاۋۇزۇ ئالىپ | تاۋۇزنى ئېلىپ |

2. لوپنۇر دىيالېكتىدا پېئىللارنىڭ 3 - شەخس بىرلىك ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىسى پەرقلىق. باشقا دىيالېكت ۋە شېۋىلەردە بولسا پەرقسىز. مەسىلەن:

| لوپنۇردا | باشقا دىيالېكت ۋە شېۋىلەردە |
|---|---|
| بالا بارادۇ | بالا } بارىدۇ |
| بالالار بارادۇلەر | بالىلار } بارىدۇ |
| قىز ئالدى | قىز } ئالدى. |
| قىززار ئالدىلەر | قىزلار } ئالدى. |

3. پېئىللارنىڭ زامان شەكىللىرىدە دىيالېكت ۋە شېۋىلەر ئارا قىسمەن پەرقلەر مەۋجۇت. بۇخىل پەرق تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، فونېتىك جەھەتتىكى ئالاھىدىلىك بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن:

| خوتەن شىۋىسىدە | لوپنۇردا | مەركىزىي دىيالېكتتا |
| --- | --- | --- |
| بايتمە | بارادىمەن | بارىمەن |
| توسۇتمىز | توسۇدىۋىز | توسىمىز |
| ئۈيتو | ئۇرادۇر | ئۇرىدۇ |

### لېكسىكا جەھەتتىكى پەرق

1956 - يىلقى تىل تەكشۈرۈشتە 4600 گە يېقىن سۆزنى ئاساس قىلىپ، دىيالېكتلار ئارا لېكسىكا جەھەتتىكى پەرق تەكشۈرۈلگەن ئىدى. مۇتلەق كۆپ ساندىكى سۆزلەر ھەممە دىيالېكت ۋە شىۋىلەردە ئوخشاش بولغاندىن تاشقىرى، ناھايىتى ئاز ساندىكى سۆزلەر قىسمەن دىيالېكت ۋە شىۋىلەردە ئوخشىمايدىغانلىقى ئېنىقلاندى. مەسىلەن:

| لوپنۇردا | ئەدەبىي تىلدا |
| --- | --- |
| ئىنې | ئانا - ئاپا |
| شاڭ | ماتا |
| تاق | شىمال |
| قاراشغۇ | بورە |
| قاغىناق | ئىلگەك |

| خوتەن شىۋىسىدە | ئەدەبىي تىلدا |
| --- | --- |
| خايەت (خارەت) | ياغاچچى |
| بوزچى | باپكار |
| زىدەك | سەۋزە |
| خام | ماتا |
| پوتىڭگان | چەيزە (پىدىگەن) |

ئومۇمەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ئارىسىدىكى پەرق ئانچە چوڭ ئەمەس. بولۇپمۇ مەركىزىي دىيالېكت بىلەن غەربىي - جەنۇبىي دىيالېكت ئوتتۇرىسىدا لېكسىكا، گىرامماتىكا جەھەتتىكى پەرق يوق دېيەرلىك. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، دىيالېكتلار ئارا

پەرق تەدرىجى ئازىيىپ بارىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجابىي تەركىبلىرى بىلەن ئەدەبىي تىلىمىزنى بېيىتىپ، بارا - بارا يوقىلىپ كېتىدۇ. ھازىر خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆز دىئالېكت خۇسۇسىيەتلىرىدىن چەتنەپ ئەدەبىي تىلنى ئۆگىنىشكە ۋە ئىگەللەشكە بولغان ئىنتىلىشى بۇ ئۇقتىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئازاتلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاپ ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي جەھەتلەردە زور يۈكسىلىشكە ئېرىشىشى نەتىجىسىدە، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ھەر جەھەتتىن، بولۇپمۇ لۇغەت تەركىۋى جەھەتتىن زور ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز فوندى ئاساسىدا ياسالغان سۆز ۋە ئاتالغۇلاردىن باشقا، خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار ئارقىلىق ئۆزىنى بېيىتىپ، ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇردى، ئۇيغۇر تىلىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان سۆزلەر كونىرىغان سۆزلەرگە قارىغاندا ناھايىتى كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ، بۇ سۆز - ئاتالغۇلار سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، پەن - تېخنىكا ۋە ھەربىي ئىشلار قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلىتىلىدىغان سۆز ۋە ئاتالغۇلاردىن ئىبارەت. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ، بولۇپمۇ جۈملە قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىمۇ خېلى كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولماقتا. خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان تۈرلۈك ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىش جەريانىدا ئەدەبىي تىلىمىزدىكى ئاددىي ۋە مۇرەككەپ جۈملە شەكىللىرى خېلى بېيىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەدەبىي تىلىمىز ئەڭ ئىنچىكە چۈشەنچىلەرنى ۋە چوڭقۇر نوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولدى.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ھەممە جەھەتتىن كامالەتكە يەتتى، ئۇنىڭدا ھەل قىلىشقا، تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە يوق دېگىلى بولمايدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىرامماتىكا جەھەتلى-

رىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر خېلى كۆپ. شۇڭا بىز تىل - يېزىق خادىملىرى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى داۋاملىق يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىز لازىم.

## 3-§ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەزمۇنى

ھەرقانداق تىل فونېتىكا، لېكسىكا، گرامماتىكىدىن ئىبارەت 3 قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىمۇ شۇنداق.

ھەرقانداق تىل تىل تاۋۇشلىرى ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ، شۇڭا تىل تاۋۇشلىرى تىلنىڭ ماددى پوستى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەرقانداق تىلنىڭ ئۆزىگە خاس فونېتىك سىستېمىسى بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا قىسمىدا ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك سىستېمىسى ۋە فونېتىك خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇيغۇر جانلىق تىلىدىكى فونېتىك ئۆزگىرىش، ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملارنىڭ تۈزۈلۈش شەكىللىرى قاتارلىق جەھەتلەردىن مەلۇمات بېرىلىدۇ. يېزىق قىسمىدا بولسا ئۇيغۇرلار قوللانغان يېزىقلار ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى مەلۇمات بېرىلىدۇ.

بىر تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى شۇ تىلىنىڭ لېكسىكىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا لېكسىكا تىلنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ لېكسىكىسى باي بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئۇزاق تارىخقا ئىگە قەدىمىي سۆزلەر، ئۇيغۇر خەلقى بېسىپ ئۆتكەن تارىخىي جەريانلاردا خەنزۇ تىلى ۋە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر بار. لېكسىكا قىسمىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىكى ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ.

گرامماتىكا تىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى يەنى سۆزلەر-

نىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش ھەم سوزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدە-
قانۇنىيەتلىرىنى ئۆگىتىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرام-
ماتىكىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا
ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفولوگىيىلىك ۋە سىنتاكسىسلىق قائىدە-
قانۇنىيەتلەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ.

# ئىككىنچى باپ فونېتىكا

## § 4 - فونېتىكا ھەققىدە ئومۇمىي چۈشەنچە

فونېتىكا گرېكچە phonetikos يەنى تاۋۇش دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان. ھازىر بىزنىڭ تىلىمىزدا كونكرېت تىل تاۋۇشلىرى ۋە تىل تاۋۇشلىرى ھەققىدىكى ئىلىم دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ.

فونېتىكا مەلۇم بىر تىلنىڭ فونېتىك سىستېمىسى، تاۋۇش چىقىرىش ئورگانلىرى، شۇ تىلدا فونېما بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان تاۋۇشلار، تاۋۇش ۋارىيانتى، تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرى، فونېتىك ئۆزگىرىشلىرى ۋە بوغۇم تۈزۈلۈش قائىدىلىرى قاتارلىق جەھەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

تىل ھەققىدىكى ماركسىستىك قاراش تىلنى توغرا تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ماركسىزم: "تارىختا ئۆزىنىڭ تاۋۇشلۇق تىلى بولمىغان ھېچقانداق بىر ئىنسانىيەت جەمئىيىتى — مەيلى ئۇ ئەڭ قالاق جەمئىيەت بولسۇن — بولغان ئەمەس...... تاۋۇشلۇق تىل ئىنسانىيەت تارىخىدا كىشىلەرنىڭ ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىشىغا، جەمئىيەت تۈزۈشىگە، ئۆز تەپەككۇرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئويۇشتۇرۇشىغا، تەبىئەت كۈچلىرى بىلەن غەلىبىلىك ئۇردە كۆرەش قىلىشىغا ھەمدە ھازىرقى ۋاقىتتا بىز قولغا كەلتۈرگەن تەرەققىياتقا يېتىشىگە ياردەم بەرگەن كۈچلەرنىڭ بىرى"* دەپ قارايدۇ. مانا بۇنىڭدىن تىل تاۋۇشلىرىنىڭ غايەت

* ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى». مىللەتلەر نەشرىياتى 1974 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 64 -، 65 - بەتلەر.

زور رولىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ.

تىل تاۋۇشلىرى — تىلنىڭ ماددى پوستى، چۈنكى تىلنىڭ ئاساسى ھېساپلىنىدىغان ئاساسى لۇغەت فوندى بىلەن گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ھەممە تىلدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رول ئوينايدىغان لۇغەت تەركىۋىدىكى بارلىق سۆزلەر تىل تاۋۇشلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. تىل تاۋۇشلىرىسىز ھەرقانداق سۆزنىڭ، ھەرقانداق گىراماتىكىلىق ھادىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا تىل تەتقىقاتىدا تىلنىڭ لېكسىكىسى بىلەن گىراماتىكىسىنى تەتقىق قىلىش قانچە مۇھىم بولسا، تىلنىڭ ماددى پوستى بولغان فونېتىكىنى تەتقىق قىلىشمۇ شۇنچە مۇھىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، بىر تىلنىڭ باشقا قىسىملىرىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىن ئاۋۋال شۇ تىلنىڭ فونېتىكا قىسمىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ فونېتىك سىستېمىسى بىلەن تونۇشۇش تېخىمۇ مۇھىم.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىك سىستېمىسى، تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى، فونېما بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان تاۋۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىيانتلىرى، تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرى ھەم تۈرلۈك فونېتىك ئۆزگىرىشلىرى، بوغۇم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق جەھەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

## 5 - § فونېما

بىر تىلدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە گىراماتىكىلىق شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاساس بولىدىغان تىل تاۋۇشلىرى فونېما دەپ ئاتىلىدۇ.

سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە گىراماتىكىلىق شەكىللىرىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاساس بولالمايدىغان تىل تاۋۇشلىرى ۋارىيانت دەپ ئاتىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي جانلىق تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان تاۋۇشلارنىڭ سانى خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇلاردىن فونېمىلىق رولىغا ئىگە تاۋۇشلار ئوتتۇز، بۇلارنىڭ سەككىزى سوزۇق تاۋۇشلار، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشلار.

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار ئا، ئو (o)، ئو (ɵ)، ئۇ (u)، ئۈ (ü)، ئە، ې، ئى لاردىن ئىبارەت. سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ ۋە ئۈنلۈك تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. سوزۇق تاۋۇشلار سۆز مەنىلىرىنى پەرقلەندۈرۈشتە مۇھىم رولغا ئىگە. مەسىلەن: ئات، ئوت (ot)، ئوت (ɵt)، ئۇت (utti)، ئەت، ئىت ... دىگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈشتە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ مۇھىم رول ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

ئۈزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى تەرىپىدىن تۈرلۈك توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئۈنسىز تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار 22. ئۇلار ب، د، گ، ك، خ، ج، ل، م، ن، پ، چ، ر، س، ت، ۋ، ش، ي، ز، ڭ، ھ، غ، ق لاردىن ئىبارەت. ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۈنسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، تەلەپپۇز قىلغاندا، تەبىي ھالدا سوزۇق تاۋۇش قوشۇلىدۇ. ئۈزۈك تاۋۇشلارمۇ خۇددى سوزۇق تاۋۇشلارغا ئوخشاش، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ۋە گرامماتىكىلىق شەكىللەرنى پەرقلەندۈرۈش رولىغا ئىگە. مەسىلەن: يات، سات، قات، كات، تات، مات، شات ...... دىگەن مىساللاردا باشتىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ، ئات، ئال، ئاز، ئاچ، ئاق، ئاش، ئاي دىگەن سۆزلەردە سۆز ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ مۇشۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرقلەندۈرۈشتە ئاساس بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز.

## 1. سوزۇق فونېملارنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئۇلار ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل

بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىل ئۇچى ئالدىغا سوزۇلسا، بەزى سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىل ئۇچى ئارقىغا تارتىلىدۇ. تىل ئۇچىنىڭ مانا مۇشۇنداق ھەرىكىتىگە ئاساسەن، سوزۇق تاۋۇشلار ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ:

1) تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى

ئە، ئۆ (ө)، ئۈ (ü) ، ې، ئى سوزۇق تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىل بىر ئاز ئالدىغا سوزۇلىدۇ. شۇڭا بۇنداق سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلىرى دېيىلىدۇ.

2) تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى

ئا، ئو (o)، ئۇ (u) سوزۇق تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، تىل بىر ئاز ئارقىغا تارتىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق سوزۇق تاۋۇشلار تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلىرى دېيىلىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، لەۋنىڭ (كالپۇكنىڭ) ھەرىكىتى ھەرخىل بولىدۇ. شۇڭا لەۋنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ، سوزۇق تاۋۇشلار ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار

ئو (o)، ئۆ (ө)، ئۇ (u)، ئۈ (ü) لەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا، لەۋ ئالدىغا سوزۇلۇپ يۇمۇلاقلىشىدۇ، شۇڭا بۇلار لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

2) لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار

ئا، ئە، ې، ئى لەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا، لەۋ ئەسلى ھالىتىنى ساقلايدۇ. شۇڭا ئۇلار لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى ھەرخىل بولىدۇ. شۇڭا ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسىگە قاراپ، سوزۇق تاۋۇشلار تۆت تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش

ئا تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئېغىز چوڭ ئېچىلىدۇ. شۇڭا بۇ تاۋۇش ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش دېيىلىدۇ.

2) يېرىم ئوچۇق تاۋۇش

ئە تاۋۇشىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئېغىز چوڭراق ئېچىلىدۇ. شۇڭا بۇ تاۋۇش يېرىم ئوچۇق تاۋۇش دېيىلىدۇ.

3) يېپىق سوزۇق تاۋۇش

ئۇ (u)، ئۈ (ü)، ئى تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئېغىز كىچىك ئېچىلىدۇ. شۇڭا بۇلار يېپىق سوزۇق تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

4) يېرىم يېپىق سوزۇق تاۋۇش

ئو (o)، ئۆ (ɵ)، ې تاۋۇشلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ئېغىز

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بۆلۈنۈشىنى

كۆرسىتىش جەدۋىلى

| لەۋ ھالىتىگە قاراپ / تىل ھەرىكىتىگە قاراپ / ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسىگە قاراپ | لەۋلەشكەن | | لەۋلەشمىگەن | |
|---|---|---|---|---|
| | تىل ئالدى | تىل كەينى | تىل ئالدى | تىل كەينى |
| ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش | | | | ئا |
| يېرىم ئوچۇق سوزۇق تاۋۇش | | | ئە | |
| يېرىم يېپىق سوزۇق تاۋۇش | ئۆ (ɵ) | ئو (o) | ې | |
| يېپىق سوزۇق تاۋۇش | ئۈ (ü) | ئۇ (u) | ئى | |

كىچىكرەك ئېچىلىدۇ، شۇڭا بۇلار يېرىم يېپىق سوزۇق تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى قانچە چوڭ بولسا، تىل ئورنى شۇنچە تۆۋەن بولىدۇ؛ ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى قانچە كىچىك بولسا، تىل ئورنى شۇنچە يۇقۇرى بولىدۇ. شۇڭا، ئادەتتە، يېپىق سوزۇق تاۋۇشلار يۇقۇرى سوزۇق تاۋۇش، ئوچۇق سوزۇق تاۋۇشلار تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئى، ې فونېمىلىرى توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھات:

1) ئۇيغۇر تىلىدىكى ئى سوزۇق تاۋۇشى تاۋۇش ئورنى جەھەتتىن تىل ئالدى ياكى تىل ئالدىراق ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىللە كەلگەندە، ئۆزىنىڭ تىل ئالدى تاۋۇشلۇق خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالىدۇ، لېكىن تىل ئۈستى ياكى تىل كەينى ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن بىللە كەلگەندە، خەلقارا ترانسكرىپسىيىدىكى ئارا سوزۇق تاۋۇش ɨ گە مايىل ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن: قىر، قىز، خىل، سىڭىل.

ئى سوزۇق تاۋۇشىنىڭ مۇنداق ئىككى تەرەپلىمىلىك خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، ئى تاۋۇشى بىلەن تۈزۈلگەن سوزلەرگە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى بويىچە ئىككى خىل مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: بىلىم ـ بىلىمگە، كىم ـ كىملەر، ئىچ ـ ئىچكەن دېگەنگە ئوخشاش سوزلەرگە تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار؛ قىل ـ قىلما، قىر ـ قىرغا، قىز ـ قىزلار، قىش ـ قىشلا دېگەنگە ئوخشاش سوزلەرگە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلۇق قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ.

2) ې فونېمىسى تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تىل ئۇچى ئالدىغا سوزۇلىدۇ، ئېغىزنىڭ ئېچىلىش دەرىجىسى «ئە» گە قارىغاندا كىچىكرەك بولىدۇ. بۇ فونېما ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بوغۇملۇق سوزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇملىرىدا كەلمەيدۇ، بىر بوغۇملۇق سوزلەردىمۇ ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر تىلى تارىخىدىن قارىغاندا، ې

فونېمىسىنى "ئا" ياكى "ئە" نىڭ ئاجىزلىشىشىدىن شەكىللەنگەن يېڭى فونېما دېيىشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| قەدىمدە | ھازىر |
| ئايىق | ئېيىق |
| يارىم | يېرىم |
| بالىغ | بېلىق |
| ئارىغ | ئېرىق |
| چەچەك | چېچەك |
| كەلىن | كېلىن |

بۇ فونېما ئادەتتە ئارا ياكى ئوتتۇرا سوزۇق تاۋۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## 2. ئۈزۈك فونېمىلارنىڭ بولۇنۇشى ۋە ئۇلار ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل

ئۈزۈك فونېمىلار چىقىش ئورنى ۋە چىقىش ئۇسۇلى جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بولۇنىدۇ:

بىرىنچى، ئۈزۈك فونېمىلار تەلەپپۇز قىلىنىغاندا، ھاۋا ئېقىمىنىڭ توسالغۇغا ئۇچرىغان ئورنىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك 7 تۈرگە بولۇنىدۇ:

1) ب، پ، م، ۋ فونېمىلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ھاۋا ئېقىمى قوش كالپۇكنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇلار قوش كالپۇك تاۋۇشلىرى دېيىلىدۇ.

2) د، ت، ن، ل، ر، س، ز فونېمىلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ھاۋا ئېقىمى تىل ئۇچى ئالدى بىلەن تىل ئۇچى ئوتتۇرىسىنىڭ چىش مىلىكىگە يېقىنلىشىشى ئارقىلىق توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇلار تىل ئۇچى تاۋۇشلىرى دېيىلىدۇ.

3) ج، چ، ش فونېمىلىرىنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ھاۋا ئېقىمى تىل ئالدىنىڭ يۇقىرى تاڭلايغا يېقىنلىشىشى ئارقىلىق توسالغۇغا

ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇلار تىل ئالدى تاڭلاي تاۋۇشلىرى دېيىلىدۇ.

4) ي فونېمىسى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى تىل ئۈستى-نىڭ يۇقۇرى تاڭلايغا يېقىنلىشىشى ئارقىلىق توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇ تىل ئۈستى تاڭلاي تاۋۇشى دېيىلىدۇ.

5) گ، ك، ڭ فونېمىلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى تىل تۈۋىنىڭ يۇمشاق تاڭلايغا يېقىنلىشىشى ئارقىلىق توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇلار تىل تۈۋى تاۋۇشلىرى دېيىلىدۇ.

6) ق، غ، خ فونېمىلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى كىچىك تىل كەينىنىڭ ئۈستى تەرەپكە كوتىرىلىشى ئارقىلىق توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇلار كىچىك تىل تاۋۇشلىرى دېيىلىدۇ.

7) ە فونېمىسى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى بوغۇزدىن (تاماقتىن) سىرىلىپ چىقىدۇ. شۇڭا بۇ تاۋۇش تاماق (بوغۇز) تا-ۋۇشى دېيىلىدۇ.

ئىككىنچى، ئۈزۈك فونېمىلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تاۋۇش پەر-دىسىنىڭ تىترىشى ياكى تىترىمەسلىكىگە قاراپ، تۆۋەندىكىدەك 2 تۈرگە بولۇنىدۇ:

1) ب، د، گ، ج، ل، م، ن، ر، ۋ، ي، ز، غ، ڭ دىن ئىبا-رەت 13 ئۈزۈك فونېما تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تاۋۇش پەردىسى تىتى-رەيدۇ، شۇڭا بۇلار جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

2) خ، ك، پ، چ، س، ت، ش، ھ، ق دىن ئىبارەت 9 ئۈزۈك فونېما تەلەپپۇز قىلىنغاندا، تاۋۇش پەردىسى تىترىمەيدۇ، شۇڭا بۇلار جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

ئۈچىنچى، ئۈزۈك فونېمىلار تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى-نىڭ قانداق چىقىرىلىشىغا قاراپ، تۆۋەندىكىدەك 6 تۈرگە بولۇنىدۇ:

1) ب، د، گ، ك، پ، ق، ت فونېمىلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، هاۋا ئېقىمى تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسالغۇسىنى بۇسۇپ پارتلاپ چىقىدۇ، شۇڭا بۇلار پارتلىغۇچى ئۈزۈك تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

## ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك فونېمالارنىڭ چىقىش ئورنى ۋە چىقىش ئۇسۇلى جەھەتتىن بولۇنۇشىنى كورسىتىش جادۋىلى

| تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى / تاۋۇشلار / تاۋۇش چىقىرىش ئورنى | | قوش كالپۇك تاۋۇشلىرى | تىل ئۇچى تاۋۇشلىرى: تىل ئۇچى ئالدى | تىل ئۇچى تاۋۇشلىرى: تىل ئۇچى ئوتتۇرىسى | تىل ئالدى تاۋۇشلىرى | تىل ئوتتۇرىسى تاۋۇشى | تىل تۈۋى تاۋۇشلىرى | كىچىك تىل تاۋۇشلىرى | تاماق تاۋۇشى |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| پارتلىغۇچى تاۋۇشلار | جاراڭلىق | ب | | د | | | گ | | |
| | جاراڭسىز | پ | | ت | | | ك | ق | |
| پارتلىغۇچى - سىرىلاڭغۇ تاۋۇشلار | جاراڭلىق | | | | ج | | | | |
| | جاراڭسىز | | | | چ | | | | |
| سىرىلاڭغۇ تاۋۇشلار | جاراڭلىق | ۋ | ز | | | ي | | غ | |
| | جاراڭسىز | | س | | ش | | | خ | ھ |
| دىماق تاۋۇشلىرى | | م | | ن | | | ڭ | | |
| تىترەڭگۈ تاۋۇش | جاراڭلىق | | | ر | | | | | |
| قوۋۇز تاۋۇش | | | | ل | | | | | |

2) ج، چ فونېمىلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسالغۇسىنى بوسۇپ سىرىلىپ چىقىدۇ، شۇڭا بۇلار پارتلىغۇچى سىرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

3) ۋ، ز، ي، غ، س، ش، خ، ھ فونېمىلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ توسالغۇسىدىن سىرىلىپ چىقىدۇ، شۇڭا بۇلار سىرىلاڭغۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار دېيىلىدۇ.

4) م، ن، ڭ فونېمىلىرى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى بۇرۇن بوشلۇقىدىن چىقىدۇ. شۇڭا بۇلار دىماق تاۋۇشلىرى دېيىلىدۇ.

5) ر فونېمىسى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى تىل ئۇچىنى تىترىتىپ چىقىدۇ، شۇڭا بۇ تىترەڭگۈ ئۈزۈك تاۋۇش دېيىلىدۇ.

6) ل فونېمىسى تەلەپپۇز قىلىنغاندا، ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن سىرىلىپ چىقىدۇ، شۇڭا بۇ قوۋۇز تاۋۇشى دېيىلىدۇ.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن 22 ئۈزۈك فونېما ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا خاس فونېمىلار. بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇر جانلىق تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان ژ تاۋۇشى فونېتىكاشۇنىلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، فونېمىلىق رولىغا ئىگە ئەمەس، چۈنكى بۇ تاۋۇش سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرقلەندۈرەلمەيدۇ، گىرامماتىكىلىق شەكىللەردە پەقەت كۆرۈلمەيدۇ. بۇ تاۋۇش ئايرىم شىۋىلەردە (قەشقەر، ئاقسۇ ۋە غۇلجىنىڭ قىسمەن جايلىرىدا)، كۆپىنچە، سۆز بېشىدا ئۇ (u)، ئۈ (ü)، ئى لەردىن بۇرۇن كەلگەن ي بىلەن ئالمىشىپ، ي نىڭ ۋارىيانتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، يىل — ژىل، يۇر — ژۇر، يۈرەك — ژۈرەك، يىراق — ژىراق، يۇلتۇز — ژۇلتۇز. ھەممە دىيالېكت ۋە شىۋىلەردە بوغۇم ئاخىرىدا كەلگەن ج نىڭ ۋارىيانتى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، باج — باژ، ۋىجدان — ۋىژدان، ئىجتىمائى — ئىژتىمائى، گەجگە — گەژگە.

## 6 - § تاۋۇش چقرىش ئورگانلرى ۋە تاۋۇش چقرىش ئۇسۇلى

تل تاۋۇشلرنى چقرىشقا مۇناسۋەتلك ئورگانلار تاۋۇش چقرىش ئورگانلرى دېيلدۇ. ھەرقانداق تل تاۋۇشى تاۋۇش چقرىش ئورگانلرنڭ قاتنشىشى بلەن پەيدا بولدۇ، تاۋۇش چقرىش ئورگانلرنڭ ئىشتراكسز تل تاۋۇشلرنى ئىپادلەش مۇمكن ئەمەس. شۇڭا تاۋۇش چقرىش ئورگانلرى فونېتكنڭ تەتقىقات ئوبيېكتلرىدىن برى بولۇپ ھساپلندۇ. ھەرقانداق بر تلنڭ فونېتكسنى ئۆگنىش ئۈچۈن، تاۋۇش چقرىش ئورگانلرى ۋە ئۇلارنڭ تاۋۇش چقرىش خۇسۇسيەتلرنى ئىگەللەش ناھايتى مۇھم.

تاۋۇش چقرىش ئورگانلرى تۆۋەندىكلەردىن ئىبارەت: يۇقۇرى - تۆۋەن لەۋ (كالپۇك)، چش، تاڭلاي (قاتتق ۋە يۇمشاق تاڭلاي)، كچك تل، تل (تل ئۇچى، تل كەينى، تل ئوتتۇرسى)، كاناي (بوغۇز)، كمكرتەك ياپقۇچ، تاۋۇش پەردسى، قوۋۇز، ئېغز بوشلۇغى، دماق، ئۆپكە.

تاۋۇش چقرىشتا ئۆپكىدىن چققان ھاۋا ئېقىمنڭ توسالغۇغا ئۇچرىغان جايى (تاۋۇش ئەزاسى) تاۋۇش چقرىش ئورنى دەپ ئاتلىدۇ. شۇ توسالغۇنڭ قانداق يمرلشى تاۋۇش چقرىش ئۇسۇلى دېيلىدۇ. مەسلەن: د، ت لارنى تەلەپپۇز قلغاندا، ئۆپكىدىن چققان ھاۋا تل ئۇچى چش تۈۋىگە تېگىش بلەن توسالغۇغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا مانا مۇشۇ توسالغۇ ھاسل بولغان جاي (تل ئۇچى بلەن چش تۈۋى) تاۋۇش چقرىش ئورنى دېيلىدۇ. بۇ توسالغۇ تل ئۇچى بلەن چش تۈۋىنڭ بر برىدىن بردىنلا يىراقلىشىشى ئارقىلق بۇ تاۋۇشلار پارتلاش خاراكتېرىدا ئىپادلىنىدۇ؛ د نى تەلەپپۇز قلغاندا، تاۋۇش پەردسى تترىسە، ت نى تەلەپپۇز قلغاندا، تاۋۇش پەردسى تتر-

ھەيدۇ، مانا بۇ ئەھۋاللار تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

## 7-§. بوغۇم ۋە ئۇرغۇ

### 1. بوغۇم ھەققىدە چۈشەنچە

سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغىنىمىزدا، ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنىڭ بەزىدە كۈچىيىپ، بەزىدە ئاجىزلىشىشى نەتىجىسىدە تاۋۇشلارنىڭ ياكى تاۋۇش توپىنىڭ بۆلۈنۈپ - بۆلۈنۈپ چىقىشى پەيدا بولىدۇ، مانا شۇنداق تەبىي ھالدا بۆلۈنۈپ ئېيتىلغان تاۋۇش ياكى تاۋۇش توپى بوغۇم دېيىلىدۇ. بوغۇم تىل تاۋۇشلىرىنىڭ تەبىي بىرلىكى بولغانلىقى ئۈچۈن، مەلۇم سۆزدە قانچە بوغۇم بارلىقى ۋە ئۇنىڭ قايەردىن ئايرىلىشى تەلەپپۇز ئارقىلىق روشەنلىشىدۇ. مەسىلەن: تەنتەنە، سانائەتلىشىش دېگەن سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغىنىمىزدا، تەن - تەن - ە، سان - ا - ئەت - لىش - ىش شەكلىدە ئەمەس، تەن - تە - نە، سا - نا - ئەت - لە - شىش شەكلىدە ئۈزۈپ - ئۈزۈپ تەلەپپۇز قىلىمىز. نەتىجىدە بىرىنچى سۆزدە ئۈچ، ئىككىنچى سۆزدە بەش بوغۇم بارلىقىنى بىلىمىز.

بوغۇمنىڭ ئايرىلىش چېگرىسى ۋە مەركىزى بولىدۇ. بوغۇمنىڭ ئېگىز ۋە كۈچلۈك ئېيتىلغان قىسمى بوغۇم مەركىزى دېيىلسە، بوغۇمنىڭ پەس ۋە كۈچسىز ئېيتىلغان قىسمى بوغۇم چېگرىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، كوممۇنىزىم دېگەن سۆزنى كوم - مۇ - نى - زىم دەپ بوغۇمغا ئايرىپ تەلەپپۇز قىلغاندا، ھەر بىر بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ بوغۇم مەركىزى، ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ بوغۇم چېگرىسى بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق.

سۆزلەرنىڭ تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەرگە كىرىشى (ياسىلىشى ۋە تۈرلىنىشى) نەتىجىسىدە، تۈپ سۆزلەرنىڭ بوغۇم چېگرىسىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ. مەسىلەن: ياز - يېزىق، سۈز - سۈزۈك، كۆز -

كۆزۈم دېگەن سۆزلەردە ياز، سۆز، كۆزلەرنىڭ بوغۇم ئاخىرىدىكى ز تاۋۇشى (يې - زىق، سۆ - زۈك، كۆ - زۈم) ئىككىنچى بوغۇمنىڭ بېشى بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇملاردا سوزۇق تاۋۇش كۈچلۈك ۋە ئېگىز ئېيتىلغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر بوغۇمنىڭ مەركىزى سوزۇق تاۋۇش بولىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم بولمايدۇ، شۇنىڭدەك بىر بوغۇمدا ئىككى سوزۇق تاۋۇشمۇ بولمايدۇ. بۇ ئۇيغۇر تىلى بوغۇم تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزىگە خاس مۇھىم خۇسۇسىيىتى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەر بىر بوغۇملۇق ۋە كۆپ بوغۇملۇق بولۇپ كېلىدۇ. كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنى بوغۇمغا ئايرىپ ئوقۇش تۆۋەندىكى قائىدە بويىچە بولىدۇ:

بىرىنچى، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا بىر ئۈزۈك تاۋۇش كەلسە، ئۇ ئۈزۈك تاۋۇش ئىككىنچى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ.

مەسىلەن: ۋەتەن - ۋە - تەن، ياشىسۇن - يا - شى - سۇن، كۆرۈنۈش - كۆ - رۈ - نۈش.

ئىككىنچى، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئوتتۇرىسىدا ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش كەلسە، ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسى بوغۇم چېگرىسى بولىدۇ.

مەسىلەن: توغ - را، ئوي - لاش، ئىش - لەپ - چى - قىرىش.

ئۈچىنچى، ئىككى سوزۇق تاۋۇش ئارىسىدا ئۈچ ئۈزۈك تاۋۇش كەلسە، ئالدىنقى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇش ئالدىنقى بوغۇمغا، كېيىنكى بىر ئۈزۈك تاۋۇش كېيىنكى بوغۇمغا تەۋە بولىدۇ.

مەسىلەن: دەرس - لىك، دوست - لۇق، قايت - ما.

## 2. ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇم تۈرلىرى

بوغۇم سوزۇق ياكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقانلىقىغا قاراپ، ئوچۇق بوغۇم ۋە يېپىق بوغۇم دەپ ئىككى تۈرگە

بولۇنىدۇ.

سوزۇق تاۋۇشنىلا تۈزۈلگەن ياكى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئا-ياقلاشقان بوغۇم ئوچۇق بوغۇم دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بې-زا، ئۈ-كا، ئە-نى، تو-لا، يا-شا، شۇ، ئۇ، نە-نە، ئو-قۇ-غۇ-چى.

ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان بوغۇم يېپىق بوغۇم دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇي-غۇر، ئوت، مەك-تەپ، ئېيت، كوز، كۆن، ئاي، ئىسسىق.

بوغۇمنىڭ تەركىبىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ چىقىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن قانداق سوزۇق تاۋۇش ئىكەنلىكىگە قاراپ، بوغۇم تۆرت تۈرگە بولۇنىدۇ.

بىرىنچى، تىل ئارقا لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇملار: ئا-زات، ھا-يات، جا-ھان، ئا-نا، قا-را.

ئىككىنچى، تىل ئالدى لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇملار: ئە-لىم، بە-لىم، مەملە-كەت، ئەي-نەك.

ئۈچىنچى، تىل ئارقا لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇملار: ئول-تۇ-رۇش، ئو-رۇن-دۇق، ئو-لۇغ، ئو-قۇش.

تۆتىنچى، تىل ئالدى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلاردىن تۈزۈلگەن بوغۇملار: ئۆت-كۈ-زۈش، ئۈ-زۈم، ئۆز.

## 3. بوغۇم شەكلى

ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم قائىدىسى بويىچە بىر بوغۇمدا ئەڭ كوپ دېگەندە تۆت تاۋۇش بولىدۇ. بۇنىڭ بىرسى سوزۇق، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇش.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بوغۇم شەكلى 6 تۈرلۈك. سوزۇق تاۋۇشقا Aنى، ئۈزۈك تاۋۇشقا Bنى شەرتلىك بەلگە قىلىپ كۆرسەتكەندە، تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

بىرىنچى، A شەكلى بولۇپ، بۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوز ئالدىغا بوغۇم هاسىل قىلىدىغانلىقىنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن: ئا - دەم، ئو - زۇق، ئۇ - رۇش، ئې - لان، ئو - دەك، ئە - دارە، ئە - مەت.

ئىككىنچى، BA شەكلى بولۇپ، بۇ، ئالدىنقىسى سوزۇق، كېيىنكىسى ئۈزۈك تاۋۇشلۇق بوغۇملارنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن: ئىز، ئەل، ئوز، ئوي، ئۆي، ئوق، ئات.

ئۈچىنچى، AB شەكلى بولۇپ، بۇ، ئالدىنقىسى ئۈزۈك، كېيىنكىسى سوزۇق تاۋۇشلۇق بوغۇملارنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن: تە - نە، قا - را، بە - نا، با - لا.

توتىنچى، BBA شەكلى بولۇپ، بۇ، ئالدىنقىسى سوزۇق، ئاخىرى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇملارنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن: ئارت، ئۈست، ئاست، ئېيت، ئەنت.

بەشىنچى، BAB شەكلى بولۇپ، بۇ، ئالدى - كەينى ئۈزۈك، ئوتتۇرىسى سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇملارنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن: توز، كوز، مىڭ، ياز، ماڭ، تور، كەم، كوي، بوي، قوش.

ئالتىنچى، BBAB شەكلى بولۇپ، بۇ، ئالدى بىر ئۈزۈك، ئوتتۇرىسى سوزۇق، ئاخىرى ئىككى ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇملارنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن: قەلب، شەرق، خەلق، دوستە، قايت، دەرس، شەرت، غەرپ.

## 4. ئۇرغۇ

كوپ بوغۇملۇق سوزلەردە مەلۇم بوغۇم باشقا بوغۇملارغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك ياكى قاتتىقراق ئېيتىلىدۇ. شۇڭا كوپ بوغۇملۇق سوزلەردىكى مەلۇم بوغۇمنىڭ ئاۋاز كۈچلۈكلۈكى ئۇرغۇ دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئاتا، قۇرۇلۇش، ئەمگەك، مەكتەپ، سىنىپ، تەشۋىقات دېگەن سوزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى باشقا بوغۇملىرىغا قا-

رىغاندا كۈچلۈكرەك ياكى ئاۋازلىقراق ئېيتىلىدۇ. شۇڭا بۇ بوغۇملار ئۇرغۇلۇق بوغۇملار بولىدۇ. ئۇرغۇ، ئەمەلىيەتتە، شۇ بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ كۈچلۈك ئېيتىلىشى، يېزىقتا ئۇرغۇلۇق بوغۇمنىڭ تەركىۋىدىكى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئۈستىگە „ʼ" بەلگىسى قويۇلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرغۇ باشقا تىللاردىكىگە ئوخشاش، سوز ئۇرغۇسى ۋە جۈملە ئۇرغۇسى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

سوزدىكى مەلۇم بوغۇمنىڭ باشقا بوغۇمغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك ئېيتىلىشى سوز ئۇرغۇسى دېيىلىدۇ. بۇ خىل ئۇرغۇ تاۋۇشنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: ئەھۋال، ئوقتۇرۇش، تارىخ، كۆرەش دىگەن سوزلەردە بۇ سوزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى باشقا بوغۇملىرىغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك ئېيتىلىدۇ. شۇڭا بۇ بوغۇملار ئۇرغۇلۇق بوغۇملار، قالغانلىرى ئۇرغۇسىز بوغۇملار ھېسابلىنىدۇ.

جۈملىدىكى ئوي - پىكىر بىلەن ئالاھىدە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر سوزنىڭ تۈرلۈك ئاھاڭدا ئېيتىلىشى جۈملە ئۇرغۇسى دېيىلىدۇ. چۈنكى بۇ خىل ئۇرغۇ شۇ جۈملىنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن: مۇنەۋۋەر بېيجىڭغا كەتتى دىگەن جۈملىدىكى كەتتى سوزىنى ئىگىزرەك سوزۇپ ئېيتىش بىلەن سوراق مەنىسىنى، بىر پەسەيتىپ، يەنە يۇقۇرى كوتىرىپ ئېيتىش بىلەن تەكىتلەش مەنىسىنى، پەسەيتىپ يۇقۇرى كوتىرىپ سوزۇپ ئېيتىش بىلەن مەسخىرە مەنىسىنى ئىپادىلەيمىز. يەنە شۇنىڭدەك، شەرەپ داشۆيگە ئوقۇغىلى كەپتۇ. شەرەپ داشۆيگە ئوقۇغىلى كەپتۇ؟ شەرەپ داشۆيگە ئوقۇغىلى كەپتۇ! دىگەن جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلاردىكى كەپتۇ سوزى تۈرلۈك ئاھاڭ ۋە تۈرلۈك تاۋۇش بىلەن ئېيتىلغاچقا (ئۇرغۇ يوتكەلگەچكە)، بىرىنچىسى بايان، ئىككىنچىسى سوراق، ئۈچىنچىسى ئۈندەش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوز ئۇرغۇسى، ئاساسەن، سوزنىڭ ئاخىرقى

بوغۇمدا بولىدۇ، ئۇرغۇ سوزلەرنىڭ مەنىسىنى پەرقلەندۇرۇش رولىغا ئىگە ئەمەس.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوز ئۇرغۇسى، ئاساسەن، سوزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، سوزلەرگە قوشۇمچە ئۇلانغاندا، ئۇرغۇ قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇشقا كوچىدۇ. بۇ — ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۇرغۇنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن: غەلىبە — غەلىبىلەر — غەلىبىلىرى — غەلىبىلىرىمىز؛ ئىش — ئىشچى — ئىشچىلىق — ئىشچىلىققا — ئىشچىلار — ئىشچىلىرىمىز. مانا بۇ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوز ئۇرغۇسىنىڭ تۇراقسىزلىقىنى كورسىتىدۇ، لېكىن بىر قىسىم سوزلەرنىڭ ئۇرغۇسى قوشۇمچىگە كوچمەيدۇ. يەنى تۇراقلىق بولىدۇ: مەسىلەن: زامان — زامانە — زامانىۋى، ئىنقىلاپ — ئىنقىلاۋى، ئەخلاق — ئەخلاقىمىز.

جانلىق تىلدا بەزى سوزلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىدىكى بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن ئۈزۈك تاۋۇش چۈشۈپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق بوغۇملار ئۇرغۇلۇق بوغۇمغا ئوخشاش كۈچلۈك ئېيتىلىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا بۇ خىل سوزلەر ئىككى ئۇرغۇلۇق بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: باردىم — بادىم، كەلسۇن — كەسۇن، كوردۇڭ — كودۇڭ، تېردۇق — تەدۇق.

## 8-§ ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېتىك ئوزگىرىشلەر

ئۇيغۇر تىلىدا سوز تەركىۋىدىكى تاۋۇشلار تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن بىر-بىرىگە تەسىر قىلىشىدۇ، يەنى بىرى يەنە بىرىنى ئوزىگە ئوخشىتىۋالىدۇ ياكى ياتلاشتۇرىدۇ، بەزى تاۋۇشلار چۈشۈپ قالسا، بەزى تاۋۇشلار كوپىيىپ قالىدۇ. مانا بۇ خىل ھادىسىلەر فونېتىك ئوزگىرىش دېيىلىدۇ. تاۋۇشلاردىكى بۇ خىل ئوزگىرىش ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش سىستېمىسى ۋە ئوزئارا بىرىكىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. تاۋۇشلار-

نىڭ چىقىش ئورنى ۋە چىقىش ئۇسۇلى ھەمدە تاۋۇش كۈچى
ئوخشاش بولمىغانلىقى، شۇنىڭدەك سوز ئۇرغۇسىنىڭ كوچۇپ تۇ-
رۇشى نەتىجىسىدە، بۇ خىل ئوزگىرىش پەيدا بولىدۇ.

تاۋۇشلارنىڭ ئوزگىرىشى ئادەتتە بەلگىلىك ئوزگىرىش قائىدى-
سىگە بويسۇنىدۇ. لېكىن بەزى ئوخشاش تاۋۇشلارنىڭ ئوزگىرىشى
ئوخشىمىغان دىئالېكت ۋە شىۋىلەردە بىر خىل بولمايدۇ. ئۇيغۇر
تىلىدا بىر بوغۇملۇق سوزلەردىكى ۋە كوپ بوغۇملۇق سوزلەرنىڭ
ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ئا، ئە تاۋۇشلىرى شۇ سوزلەرگە قوشۇمچە
قوشۇلغاندا ې ياكى ئى غا نوۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: ئات - ئېتى،
بالا - بالىسى.

قەشقەر شىۋىسىدە كوپ بوغۇملۇق سوزلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ق،
ك تاۋۇشلىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار ئۇلان-
غاندا ئەسلىنى ساقلاپ قالسا (چىلەك - چىلىكى، قولاق - قۇ-
لىقى)، غۇلجا، تۇرپان شىۋىلىرىدە ئەسلىنى ئوزگەرتىپ ق تاۋۇ-
شى غ غا، ك تاۋۇشى گ غا نوۋەتلىشىدۇ (يۇرەك - يۇرىگى،
قولاق - قۇلىغى). يەنە بىر تەرەپتىن، ئوخشاش بىر فونېتىك
شارائىتتىكى بىر تاۋۇش ئوخشاش بىر يەردە ھەرقانداق ۋاقىتتا
بىر خىل ئوزگىرىشتە بولۇۋەرمەيدۇ، بەلكى مەلۇم بىر دەۋردە مە-
لۇم بىر ئوزگىرىشتە بولىدۇ. مەسىلەن: تارىخىي يادىكارلىقلاردىن
مەلۇم بولۇشىچە، ئۇيغۇرلار 6 -، 7 - ئەسىرلەردە ھازىرقى مىڭ
سوزىنى بىڭ، مەن سوزىنى بەن دەپ قوللانغان.

تىلنىڭ فونېتىك سىستېمىسى بىلەن تاۋۇشلىرى قېتىپ قالغان
نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدا ئىنسانىيەت جەمئىيىتى مۇناسىۋىتى-
نىڭ كېڭىيىشى ۋە دەۋرلەرنىڭ ئوتۇشى بىلەن تۇرلۇك ئوزگىرىش-
لەر بولۇپ تۇرىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تاۋۇشلارنىڭ ئوزئارا قوشۇلۇشى
ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر بىرىگە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە
توۋەندىكىدەك تاۋۇش ئوزگىرىشلىرى كورۇلىدۇ.

## ئاسسىمىلەتسىيە

ئاسسىمىلەتسىيە لاتىنچە سۆز بولۇپ، ئوخشىتىش ياكى ئوزلەشتۈرۈش دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سۆزلەردە ئوخشىمىغان، ئەمما ئۇزئارا يېقىن ئىككى تاۋۇشنىڭ بىر بىرىگە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە بىرىنچىسى ئىككىنچىسىگە ياكى ئىككىنچىسى بىرىنچىسىگە ئوخشاپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنداق ئوخشاپ قېلىش تولۇق ياكى قىسمەن بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈز سۆزىگە سۈپەت ياسىغۇچى سىز قوشۇلغاندا، سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ز تاۋۇشى قوشۇمچىدىكى س نىڭ تەسىرىدە ئۇنىڭغا ئاسسىمىلەتسىيە بولۇپ، جانلىق تىلدا تۈسسىز قىلىپ ئېيتىلىدۇ. مانا بۇ خىل ئاسسىمىلەتسىيە تولۇق ئاسسىمىلەتسىيە دېيىلىدۇ.

تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلىنىڭ ئاسسىمىلەتسىيە قىلىنىشى قىسمەن ئاسسىمىلەتسىيە دېيىلىدۇ. بۇ خىل ئاسسىمىلەتسىيە نەتىجىسىدە ئىككى تاۋۇش بىر بىرىگە تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئوخشاپ قالىدۇ. مەسىلەن: ئون سۆزىگە بىر سۆزىنى قوشۇپ ئېيتساق، جانلىق تىلدا ئوم بىر بولۇپ ئېيتىلىدۇ. بۇ سۆزدىكى ب نىڭ تەسىرى (قىسمەن ئاسسىمىلەتسىيە قىلىشى) نەتىجىسىدە ن تاۋۇشى ب تاۋۇشى بىلەن تاۋۇش چىقىرىش ئورنى جەھەتتىن ئوخشايدىغان م تاۋۇشىغا ئۆزگىرىدۇ.

## دىسسىمىلەتسىيە

دىسسىمىلەتسىيە لاتىنچە سۆز بولۇپ، ئوخشىماسلىق ياكى ياتلاشتۇرۇش دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سۆز تەركىبىدە ئوخشاش ئىككى تاۋۇش بىللە كەلگەندە، چى-

قىشالماسلىقتىن بىرى يەنە بىرىنى چەتكە قاقىدۇ ياكى ياتلاشتۇ-
رىدۇ، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بىرى پۈتۈنلەي باشقا بىر تاۋۇشقا ئاي-
لىنىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى ياغاچ سوزىگە چى قوشۇمچە-
سىنى قوشقاندا، سوزنىڭ ئاخىرىدىكى چ بىلەن قوشۇمچىنىڭ ئال-
دىدىكى چ ئوزئارا چىقىشالماي، بىرى ئوزگىرىپ ش غا ئايلى-
نىپ، جانلىق تىلدا ياغاشچى بولۇپ ئېيتىلىدۇ.

يۇقۇرىدا تاۋۇش ئوزگىرىشىنىڭ ئاساسى سەۋەپلىرىدىن بىرى
بولغان ئاسسىمىلەتسىيە بىلەن دىسسىمىلەتسىيە ھادىسىلىرىنى قىسقى-
چە كورسىتىپ ئوتتۇق. بۇندىن باشقا، تاۋۇش ئوزگىرىشىگە سە-
ۋەپ بولىدىغان باشقا ئامىللارمۇ بار. بۇ ھەقتە تۆۋەندە ئايرىم
توختىلىمىز:

## 1. سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئوزگىرىشى

1) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى

سوز تەركىۋىدە كەلگەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش
ئورنى ياكى تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىن بىر - بىرىگە
ماسلىشىپ كېلىشى يەنى ئوخشاش خاراكتېردا بولۇشى سوزۇق
تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى دېيىلىدۇ. بۇنداق فونېتىك
ھادىسە كوپلىگەن تۈركىي تىللارغا ئورتاق.

ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ئانچە كۈچ-
لۈك ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، بىرمۇنچە سوزلەردە سوزۇق تاۋۇش-
لار چىقىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن ئوزئارا ماسلىشىپ
كېلىدۇ. مەسىلەن: ئاتا، ئانا، ئاكا، ئويۇن، قوغۇن، بۇگۈن،
ئوتۈك، ئۈزۈم، ئىنى، ئىسسىق، قەلەم، قەغەز قاتارلىق سوزلەردە
سوزۇق تاۋۇشلار ھەم چىقىش ئورنى، ھەم چىقىش ئۇسۇلى
جەھەتتىن ماسلاشقان، قوناق، قۇلاق، ھەقىقەت، ئودەك، گۈزەل قاتار-
لىق سوزلەردە بولسا چىقىش ئورنى جەھەتتىن ماسلىشىپ كەلگەن.
سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى يالغۇز تۈپ سوزلەر-

دىلا كورۇلۇپ قالماستىن، بەلكى تۈپ سۆزلەرگە قوشۇلىدىغان قوشۇمچىلاردىمۇ قىسمەن كورۇلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدا بىر خىل مەنە ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلار بىرنەچچە خىل شەكىلدە بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردىن ئار، ئەر، قا، كە، غا، گە، لار، لەر، سىم، ۇم (um)، ۈم (üm)، ما، مە، مىل، ۇل (ul)، ۈل (ül)، ىش، ۇش (ux)، ۈش (üx)، غۇز، كۈز، قۇز، گۈز (güz) قاتارلىق قوشۇمچىلار سۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ چىقىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىن قانداق سۆزۈك تاۋۇش ئىكەنلىكىگە قاراپ ماسلىشىپ ئۇلىنىدۇ؛ شۇنىڭدەك، سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن غان، گەن، قان، كەن، لا، لە، ىن، ۇن (un)، ۈن (ün)، ماق، مەك، دا، دە، لىق، لۇق، لۈك، ۇق، ۈك، چاق، چەك، اق، ەك، چۇق، چۈك، قاق، كەك قاتارلىق قوشۇمچىلارمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتى مۇقىم ئەمەس، يەنى سۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ھەممە سۆزلەردە ۋە ھەممە قوشۇمچىلاردا كورۇلۇۋەرمەيدۇ. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا مۇنداق ئاھاڭداشلىق قىسمەن بۇزۇلغان. شۇڭا زار، كەش، خانا، خور، داش، چى، نىڭ، سى، نى قاتارلىق قوشۇمچىلار تۈپ سۆزلەردىكى سۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ چىقىش ئورنى ۋە چىقىش ئۇسۇلى جەھەتتىن قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممە سۆزگە ئوخشاشلا ئۇلىنىۋېرىدۇ.

2) سۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

بەزى سۆزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا (ئا، ئە)، ھاۋا ئېقىمىنىڭ سىرتقا تېپىشى كۈچلۈك بولىدۇ، شۇڭا بۇ خىل تاۋۇش ئوچۇق ياكى ئوچۇقراق ئېيتىلىدۇ. بەزى سۆزۈك تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا (ى، ئى)، ھاۋا ئېقىمىنىڭ سىرتقا تېپىشى ئاجىز بولىدۇ، شۇڭا بۇ خىل تاۋۇشلار تۇتۇق ياكى تۇتۇقراق ئېيتىلىدۇ.

ئوچۇق ياكى ئوچۇقراق ئېيتىلىدىغان سۆزۈك تاۋۇشنىڭ تۇتۇق ياكى تۇتۇقراق ئېيتىلىدىغان سۆزۈك تاۋۇشقا ئۆزگىرىشى

سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇھىم فونېتىك ئۆزگىرىشلەردىن بىرى بولغان بۇ خىل ھادىسە سۆز ئۇرغۇسىنىڭ كۆچۈشى ۋە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىر بىرىگە تەسىر قىلىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ.

(1) ئا ياكى ئە بىلەن تۈزۈلگەن بىر بوغۇملۇق سۆزلەرگە قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا، شۇ بوغۇم ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، ئۇ ھالدا ئا ياكى ئە تاۋۇشى ئاجىزلىشىپ ې غا ئايلىنىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن: ياز - يېزىش، تەن - تېنى، تام - تېمى، ئات - ئېتى، ماڭ - مېڭىش، كەت - كېتىش.

(2) كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ئا ياكى ئە تاۋۇشى شۇ سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلۇپ، ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالسا، ئۇ ھالدا ئا ياكى ئە تاۋۇشى ى غا نوۋەتلىشىدۇ ۋە شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن: قەلەم - قەلىمى، ئىدارە - ئىدارىسى، بالا - بالىلار، كۆرسەت - كۆرسىتىش.

ئەسكەرتىش: باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ كەتكەن بەزى سۆزلەرنىڭ ئۇرغۇسى تۇراقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ئا ياكى ئە تاۋۇشى ئاجىزلاشمايدۇ ۋە ئىملادىمۇ شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن: ئىنسان - ئىنسانى، ئىملا - ئىملاسى، ئەزا - ئەزاسى، پىلان - پىلانى، ۋاپادار - ۋاپادارىم، جاپا - جاپاسى.

### 3) سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

بىر قىسىم سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا، بەزى سوزۇق تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدۇ. بۇ تاۋۇش ئۆزگىرىشىگە مۇناسىۋەتلىك فونېتىك ھادىسە بولۇپ، تۆۋەندىكى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ:

بىرىنچى، ئىككى بوغۇملۇق بەزى سۆزلەرگە قوشۇمچە قوشۇلغاندا، ئاخىرقى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم ھالىتىدە قالمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ۇ (u)، ۈ (ü)، ى تاۋۇشلىرى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە يېزىقتىمۇ شۇنداق

يېزىلىدۇ. مەسىلەن: سىڭىل ـ سىڭلىم، ئىسىم ـ ئىسمى، قەدىر ـ قەددى، پىكىر ـ پىكرى، ئۆمۈر ـ ئۆمرى، كۆڭۈل ـ كۆڭلى، زۇلۇم ـ زۇلمى، ئوغۇل ـ ئوغلۇم.

ئىككىنچى، جانلىق تىلدا قوشما پېئىل تەركىۋىدىكى بەزى رەۋىشداش ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇرغۇسى يۆتكەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ قوشۇمچىدىكى سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قېلىش بىلەن بىللە، پۈتۈن بوغۇم چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسى كۆرۈلىدۇ، لېكىن يېزىقتا ئۇنداق يېزىلمايدۇ. مەسىلەن:

| جانلىق تىلدا | يېزىقتا |
|---|---|
| ئەپكەتتى ـ ئەكەتتى | ئېلىپ كەتتى |
| قوقويدى ـ قوپ قويدى | قويۇپ قويدى |
| ئەچىكەتتى | ئېلىپ چىقىپ كەتتى |

## 2. ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى

سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىر بىرىگە تەسىر قىلىدۇ، بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار چۈشۈپ قالسا، بەزى ئۈزۈك تاۋۇشلار ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ. بۇ خىل فونېتىك ھادىسە ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشى دېيىلىدۇ.

1) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ تەسىرات قانۇنىيىتى

كونكرېت تىل شارائىتىدا سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن قوشۇمچىنىڭ ئالدىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش خاراكتېر جەھەتتىن (تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى) ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالدا ئۆزئارا ماسلىشالماي بىر بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھادىسە ئالدى تەسىرات ۋە ئەكس تەسىرات دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ قوشۇمچە ئالدىدىكى ئۈزۈك تاۋۇشقا بولغان تەسىرى ئالدى تەسىرات دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر

تىلدا بۇ خىل ئەھۋال جانلىق تىلدىلا كۆرۈلىدۇ ھەم ئاز ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| جانلىق تىلدا | يېزىقتا |
| قويۇپپە (ر) | قويۇپ بەر |
| كۆرۈپپاق | كۆرۈپ باق |

قوشۇمچە ئالدىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ سوز ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشقا بولغان تەسىرى ئەكس تەسىرات دېيىلىدۇ. بۇ خىل تەسىرات يېزىقتا قىسمەن، جانلىق تىلدا خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. كونكرېت ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى ق، ك تاۋۇشلىرى سوزنىڭ ئاخىرىدىكى غ، گ نى ق،ك گە ئايلاندۇرىدۇ ۋە يېزىقتىمۇ شۇنداق يېزىلىدۇ. مەسىلەن: تۇغ - تۇققان، بوغ - بوققان، تاغ - تاققا، باغ - باققا، چىگ - چىككەن، تۈگ - تۈككەن، بەگ - بەككە.

ئىككىنچى، قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى س تاۋۇشى سوزنىڭ ئاخىرىدىكى چ، ت، ش، ز تاۋۇشلىرىنى جانلىق تىلدا س غا ئايلاندۇرىدۇ، لېكىن يېزىقتا ئەينى ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| جانلىق تىلدا | يېزىقتا |
| ئىسسىز | ئىشسىز |
| كەسسۇن | كەتسۇن |
| ئاسسا | ئاچسا |
| ياسسا | يازسا |

ئۈچىنچى، ش تاۋۇشى ئوزىنىڭ ئالدىدا كەلگەن ت نى جانلىق تىلدا ش غا ئايلاندۇرىدۇ، لېكىن يېزىقتا ئەينى ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| جانلىق تىلدا | يېزىقتا |
| تۇششام | تۇت شام |
| ئەششاپتۇل | ئەت شاپتۇل |

تۆتىنچى، پ، ب تاۋۇشلىرى ئوزىدىن بۇرۇن كەلگەن ن نى

جانلىق تىلدا م غا ئايلاندۇرۇلىدۇ، لېكىن يېزىقتا ئەينى ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| جانلىق تىلدا | يېزىقتا |
|---|---|
| شەمبە | شەنبە |
| جامپىدا | جانپىدا |
| ئوم بىر | ئون بىر |

بەشىنچى، ي تاۋۇشى ئوزىدىن بۇرۇن كەلگەن ن نى جانلىق تىلدا ي غا ئايلاندۇرۇلىدۇ، لېكىن يېزىقتا ئەينى ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| جانلىق تىلدا | يېزىقتا |
|---|---|
| ئويېبىرىم | ئون يېرىم |
| ئويىيەتتە | ئون يەتتە |

ئالتىنچى، ق، غ، ك، گ تاۋۇشلىرى ئوزىدىن بۇرۇن كەلگەن ن نى جانلىق تىلدا ڭ غا ئايلاندۇرۇلىدۇ، لېكىن يېزىقتا ئەينى ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| جانلىق تىلدا | يېزىقتا |
|---|---|
| تەڭگە | تەنگە |
| جاڭغا | جانغا |
| تەڭقىت | تەنقىت |

2) ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى

بىر قىسىم قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن بىر قىسىم قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش چىقىش ئورنى ۋە چىقىش ئۇسۇلى جەھەتتىن ئوخشاش ياكى ئوخشاشراق خاراكتېردا بولۇپ كېلىدۇ. بۇ خىل فونېتىك ھادىسە ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى دېيىلىدۇ. مۇشۇ سەۋەپتىن، بىر خىل مەنە ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىنىڭ بېشىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش ھەر خىل بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: ئويدىن، چېلەككە، سىنىپقا، بازاردا، مەكتەپتىن، گۈلگە، ئېتىزغا، تاماقنا، ئوتكەن، سەزگەن، ئاققان، بارغان.

3) ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى

ھاۋا ئىبقىمى كۈچلۈك ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ھاۋا ئىبقىمى كۈچسىز ئۈزۈك تاۋۇشقا ئۆزگىرىشى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى دېيىلىدۇ. ئادەتتە جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ھاۋا ئىبقىمى كۈچلۈك بولىدۇ، جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ھاۋا ئىبقىمى بولسا ئاجىز بولىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا سۆزنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن جاراڭسىز پ، ك، ق، تاۋۇشلىرى سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان قوشۇمچە ئۇلانغاندا، ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ ئاجىزلىشىش نەتىجىسىدە ئۆزىگە نىسبەتەن ۋ (ب)، گ، غ غا نوۋەتلىشىدۇ. مەسىلەن: تىلەك ـ تىلىگى، ئەدىپ ـ ئەدىبى، تەلەپ ـ تەلىۋى، كىتاپ ـ كىتىۋى، قولاق ـ قۇلىقى، ياتاق ـ ياتىقى، چىلەك ـ چىلىگى.

4) ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

ئو (o)، ئۆ (ө)، ئا، ئە سوزۇق تاۋۇشلىرىدىن كېيىن بوغۇم ئاخىرى بولۇپ كەلگەن ل، ر، ت ئۈزۈك تاۋۇشلىرى جانلىق تىلدا چۈشۈپ قالىدۇ، لېكىن يېزىقتا ئەينى ساقلىنىدۇ. مەسىلەن:

| جانلىق تىلدا | يېزىقتا |
|---|---|
| تەلەش | تەرلەش |
| كوگەن | كورگەن |
| كەگەن | كەلگەن |
| بوغان | بولغان |
| ئاغان | ئالغان |
| قەس | قەست |
| دوس | دوست |

# ئۈچىنچى باپ يېزىق

## 9 - § يېزىق ۋە ئۇنىڭ رولى

تىل تاۋۇشلىرىنى يېزىقتا ئىپادىلەپ بېرىدىغان شەرتلىك بەلگە ھەرپ دەپ ئاتىلىدۇ. ئەنە شۇنداق شەرتلىك بەلگىلەرنىڭ مۇئەييەن سىستېمىسى يېزىق دېيىلىدۇ. يېزىق تىل تاۋۇشلىرىنى خاتىرىلەيدىغان شەرتلىك بەلگىلەر سىستېمىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

لېكىن تىل بىلەن تاۋۇش، يېزىق بىلەن ھەرپ بىر نەرسە ئەمەس. چۈنكى تىل تاۋۇشلار ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، تىل تاۋۇشلىرىنىڭ ئۆزىلا تىل بولالمايدۇ، جۈملىدىن يېزىق ھەرپلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنسىمۇ، ھەرپىنىڭ ئۆزىلا يېزىق بولالمايدۇ.

يېزىق يالغۇز ھەرپلەرنىلا ئەمەس، بەلكى شۇ ھەرپلەرنىڭ مەلۇم قانۇنىيەت بويىچە قوشۇلۇپ يېزىلىش قائىدىلىرىنىمۇ، يەنى ئىملا قائىدىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ جانلىق تىلنى خاتىرىلەيدىغان ياردەمچى ۋاستە بولالايدۇ. بىر قانچە مىللەت بىر خىل سىستېمىدىكى يېزىقنى قوللانسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ يېزىقلىرىنى بىر بىرىگە ئوخشاش دېگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ھەرپلەرنىلا ئىگەللىگەنلىك بىر مىللەتنىڭ يېزىقىنى تولۇق ئىگەللىگەنلىكنى كۆرسەتمەيدۇ. بىر مىللەتنىڭ يېزىقىنى ئىگەللەش ئۈچۈن، شۇ مىللەتنىڭ يېزىقىدىكى ھەرپلەرنى بىلگەندىن تاشقىرى، مۇھىمى، بۇ ھەرپلەرنىڭ قوشۇلۇپ يېزىلىش قائىدىلىرىنىمۇ ئىگەللەش زۆرۈر.

تىل ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقە قىلىش ۋاستىسى ۋە

كۆرەش قىلىش قورالى، يېزىق بولسا تىلنى خاتىرىلىگۈچى بەلگىلەرنىڭ مۇئەييەن سىستېمىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بىر بىرى بىلەن ئالاقە قىلىشىنىڭ، پىكىر ئالماشتۇرۇشىنىڭ ۋە بىر بىرىنى چۈشىنىشىنىڭ ياردەمچى ۋاستىسى. كونكرېت بىر تىلغا بېقىنمايدىغان مۇستەقىل يېزىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ھەرقانداق بىر يېزىق كونكرېت بىر جانلىق تىلغا بېقىنغان ھالدا كىشىلەرنىڭ ئالاقە قىلىشىدا ياردەمچى ۋاستىلىك رولىنى جارى قىلالايدۇ ۋە مەلۇم بىر تىلغا بېقىنىپ، شۇ تىلنى خاتىرىلىگۈچى شەرتلىك بەلگىلەرنىڭ مۇئەييەن سىستېمىسىغا ئايلانغاندىلا، ئاندىن مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ.

يېزىقنىڭ تارىخى تىلنىڭ تارىخىغا قارىغاندا قىسقا، تىل كىشىلىك جەمىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەنلا بارلىققا كەلگەن، يېزىق بولسا كىشىلىك جەمىيىتى پەيدا بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەر ئۆتكەندىن كېيىن پەيدا بولغان، يەنى يېزىق ئىنسانلار مەدەنىيەتكە قەدەم قويغان دەۋردە مەيدانغا كەلگەن. يېزىق بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئىنسانلار ئۆزىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىنى، تەجرىبە-ساۋاقلىرىنى يېزىق ئارقىلىق كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇپ، جەمىيەت ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالىغان.

يېزىق تىلنى خاتىرىلىگۈچى ۋە كونكرېت بىر تىلغا بېقىنغۇچى شەرتلىك بەلگىلەرنىڭ مۇئەييەن سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، تىل تەرەققىياتى يېزىق تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگۈچى ئامىللاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېزىق ئۆزى بېقىنغان ۋە خاتىرىلىگەن تىلنىڭ قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە، خۇسۇسەن ئۇنىڭ تاۋۇش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇنلىشىپ كېلىدۇ، تىل يېزىقتىن ئۆزىنى توغرا ۋە ئەينەن خاتىرىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن تىل بىلەن يېزىق بىر نەرسە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق تىل قانداق يېزىقنى ئۆزىنىڭ ياردەمچى ۋاستىسى قىلىشنى بەلگىلىيەلمەيدۇ، ئۇ پەقەت شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان

خەلق ئاممىسىنىڭ خاھىشىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

يېزىق ئۆزى يېقىنقى تىلغا ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مىللى ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشى، ئالدى بىلەن، شۇ جەمئىيەتنىڭ سىياسى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنى جەھەتلەردىكى شەرت - شارائىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىسىمۇ، لېكىن يېزىقمۇ مىللى ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشىنى تېزلىتىشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، چۈنكى يېزىق بولغاندىلا، مەلۇم دىيالېكت ئاساسىدا يېزىق تىلنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىي تىلنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قېلىپلىشىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، يېزىق تىلنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە، بېيىشىغا ۋە بىرلىككە كېلىشىگە ناھايىتى زور ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا جەمئىيەت تەرەققىياتى تىل تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگۈچى كۈچ ھېساپلانسىمۇ، لېكىن دۇنيادىكى ھەر خىل تىللار ئىچىدە يېزىقى بار تىللار يېزىقى يوق تىللارغا قارىغاندا ھامان خېلىلا تەرەققى تاپقان بولىدۇ. دېمەك، يېزىق تىل تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ خىل رول يېزىقنىڭ شۇ تىلنى ئىپادىلىشىگە قاراپ خىلمۇ - خىل بولىدۇ.

كىشىلەر تىلدىن پايدىلىنىپ ئالاقە قىلىشقاندا، زامان ھەم ماكان جەھەتتىن ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى تىلنىڭ مانا شۇ يېتىشسىزلىكىنى تولۇقلىدى، يەنى يېزىق كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ كېڭىيىشىگە، ئىنسانىيەتنىڭ تەجرىبىلەرنى مۇستەھكەملىشىگە ھەم ئۇنى ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا مىراس قالدۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. دېمەك، يېزىقنىڭ يارىتىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ پەن ۋە مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بەردى. شۇڭا ئېنگېلس يېزىقنىڭ جەمئىيەتتە ئوينىغان رولىغا ناھايىتى يۇقۇرى باھا بېرىپ: "...... ئىنسانىيەت تۇمۇر رودىلىرىنى تاۋلاشتىن باشلاپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يېزىق يارىتىپ ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ياۋكارلىقلارنى

خاتىرىلەپ قالدۇرۇشتىن باشلاپ مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغان" دېگەن ئىدى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، گەرچە جەمئىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇغى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى يالغۇز يېزىققىلا باغلىق بولمىسىمۇ، لېكىن تەرەققى تاپقان بىر جەمئىيەتنىڭ بولۇشى ئۈچۈن، يېزىقنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىم، يېزىق بولمايدىكەن، جەمئىيەتنىڭ سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىمغا قاراپ تەرەققى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئومۇمەن، يېزىقنىڭ رولىنى تۆۋەندىكى 3 نوقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش مۇمكىن:

① يېزىق ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قىلىشىدا ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشىدا ھەمدە بىر بىرىنى چۈشىنىشتە ياردەمچى ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ؛

② يېزىق جانلىق تىلغا بېقىنغان ھالدا ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى بولۇش بىلەن، ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققى قىلىشىنى ئالغا سۈرىدۇ؛

③ تىلنىڭ تەرەققى قىلىپ بېيىشىنى ۋە ئومۇملىشىپ قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

## §10- ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى ۋە قوللانغان يېزىقلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىدىكى مۇنەۋۋەر خەلقلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزۇن تارىخقا ۋە پارلاق مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىگە ئىگە. ئۇيغۇر خەلقى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا باشقا قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئۆز كۈچىنى ۋە ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختا تۆرلۈك يېزىقلارنى قوللانغانلىقى مەلۇم. لېكىن ئۇيغۇرلار قايسى دەۋرلەردە رەسمىيلىك يېزىقنى قوللانغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلانغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس، چۈنكى بۇ ھەقتە بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن تارىخىي يادىكارلىقلار يوق.

ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي يېزىقتىن پايدىلانغانلىقى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان تۆرلۈك يادىكارلىقلارنىڭ بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرى 1600 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. مانا مۇشۇ ئۇزاق تارىخىي جەريان ئىچىدە ئۇيغۇرلارنىڭ تۆرلۈك دەۋرلەردە تۆرلۈك يېزىقلارنى قوللانغانلىقى مەلۇم.

ئۇيغۇرلارنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ تۇنجى يېزىقى — قەدىمقى تۈرك - رونىك يېزىقى. بۇ يېزىق قەدىمقى گېرمان (رونىك) يېزىقىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، رونىك يېزىقى دەپ ئاتالغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يېزىقتا يېزىلغان بەزى يادىكارلىقلار (تاش ئابىدىلەر) ئورخۇن - يەنسەي دەريالىرى بويىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، ئورخۇن - يەنسەي يېزىقى دەپمۇ ئاتالغان. ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي خەلقلەرگە ئوخشاش، بۇ يېزىق بىلەن ئۆز خانلىقلىرىنىڭ قەۋرىلىرىگە خاتىرىلەر يازغان. ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۇندىن 1600 يىل ئىلگىرى بۇنداق رەسمىي يېزىق بىلەن خاتىرە يېزىپ، يادىكارلىقلارنى قالدۇرغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ يېزىقنى قوللىنىش شۇ دەۋردىن خېلى بۇرۇن باشلانغان بولۇشى كېرەك دېگەن پەرەزگە مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ. بۇ يېزىق ھەققىدە جۇڭگودىكى ۋە چەتئەلدىكى تۈرك شۇناسلار ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى پەرەزلەرنى يىغىنچاقلىغاندا، بۇ يېزىقنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1. بۇ يېزىقتا، كۆپىنچە، ئۈزۈك تاۋۇشلار ئاساس قىلىنغان. شۇڭا سوزۇق تاۋۇشلار مۇھىم ئورۇندا تۇرمىغان، يەنى بەزى ئورۇنلاردا سوزۇق تاۋۇشلار يېزىلسا، بەزى ئورۇنلاردا سوزۇق

## قەدىمقى تۈركى رونىك يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى

| ئوقۇلۇشى | ھەرپلەر | № | ئوقۇلۇشى | ھەرپلەر | № |
|---|---|---|---|---|---|
| m | 𐰢 𐰢 𐰢 | 30 | a – ə | 𐰀 | 1 |
| ny | 𐰪 | 31 | e – i | 𐰃 | 2 |
| ng | 𐰭 | 32 | o – u | 𐰆 𐰆 | 3 |
| p | 𐰯 | 33 | ө – ü | 𐰇 𐰈 | 4 |
| x | 𐱁 | 34 | b (1) | 𐰉 | 5 |
| z | 𐰕 𐰔 | 35 | b (2) | 𐰌 𐰋 | 6 |
| lt | 𐰡 | 36 | d (1) | 𐰑 | 7 |
| nq | 𐰨 | 37 | d (2) | 𐰓 | 8 |
| nt | 𐰧 𐰧 𐰦 | 38 | ɑı | 𐰲 | 9 |
| ax | 𐰁 | 39 | g | 𐰎 𐰍 | 10 |
| bax | 𐱈 | 40 | ⱪ | 𐰵 𐰴 | 11 |
| | | | k | 𐰛 𐰚 | 12 |
| | | | l (1) | 𐰞 | 13 |
| | | | l (2) | 𐰠 | 14 |
| | | | n (1) | 𐰣 | 15 |
| | | | n (2) | 𐰥 𐰤 𐰥 𐰤 | 16 |
| | | | r (1) | 𐰺 𐰺 | 17 |
| | | | r (2) | 𐰼 | 18 |
| | | | s (1) | 𐰾 𐰽 𐰾 𐰽 | 19 |
| | | | s (2) | 𐰿 | 20 |
| | | | t (1) | 𐱄 𐱃 𐱄 𐱃 | 21 |
| | | | t (2) | 𐱆 𐱅 | 22 |
| | | | y (1) | 𐰖 | 23 |
| | | | y (2) | 𐰙 𐰘 𐰙 𐰘 𐰘 | 24 |
| | | | oⱪ – uⱪ – ⱪo – ⱪu – ⱪ | 𐰸 | 25 |
| | | | өk – ük – kө – kü – k | 𐰝 𐰜 𐰜 | 26 |
| | | | ıⱪ – ⱪı – ⱪ | 𐰷 𐰶 | 27 |
| | | | iq | 𐰱 | 28 |
| | | | q | 𐰳 𐰲 | 29 |

تاۋۇشلار چۈشۈپ قالغان.

2. بۇ يېزىقتا جەمئى 40 ھەرپ بولۇپ، بۇنىڭ تۆتى سوزۇق تاۋۇشقا (تۆت سوزۇق تاۋۇش بەلگىسى ئەمەلىيەتتە سەككىز سوزۇق تاۋۇشقا)، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلدۇرۇلغان.

3. بۇ يېزىقتا بەزى ھەرپلەر ئىككى-ئۈچ، ھەتتا بەش-ئالتە خىل يېزىلغان.

4. بۇ يېزىقتىكى ھەرپ شەكىللىرى سۆزنىڭ باش، ئوتتۇرا ۋە ئاياقلىرىدا ئوخشاش شەكىلگە ئىگە. كۆپىنچە، تاش ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوڭدىن سولغا قارىتىپ ئويۇپ يېزىلغان.

5. بۇ يېزىقتىكى بىر مۇنچە ھەرپلەر، خەنزۇچە خەتلەرگە ئوخشاش، تۈرلۈك نەرسىلەرگە تەقلىت قىلىنغان.

ئۇيغۇرلار قەدىمقى تۈرك-رونىك يېزىقىنى قوللىنىش بىلەن بىللە، 8-ئەسىردىن 17-ئەسىرگىچە "قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى" دەپ ئاتالغان يېزىقنىمۇ قوللانغان. مانا بۇ، ئۇيغۇرلار ئەڭ كۆپ قوللانغان ئىككىنچى خىل يېزىق «ئوغۇزنامە»، «ئالتۇن يارۇغ»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ھىببە-تۇلھاقايىق» («ھەقىقەت سوغىسى») قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەر دەسلەپ مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان. بۇ يېزىقنىڭ ئومۇملاشقان يېرى تۇرپان ئويمانلىقى بولۇپ، ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى بىردىن-بىر يېزىقى بولغان. بۇ يېزىق ئۇيغۇرلاردىن باشقا، تۈرك قەبىلىلىرى ۋە خەلقلىرى ئارىسىدىمۇ كەڭ قوللىنىلغان. موڭغۇل ۋە مانجۇ يېزىقلىرىمۇ مۇشۇ يېزىقتىن ئۆزگەرتىپ يارىتىلغان.

بۇ يېزىقنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1. بۇ يېزىق سوغدى يېزىقىدىن ئۆزگەرتىپ ئېلىنغان بولۇپ، سولدىن ئوڭغا قارىتىپ تىككىسىگە يېزىلغان.

2. بۇ يېزىقتا جەمئى 23 ھەرپ بولۇپ، بۇنىڭ تۆتى سوزۇق تاۋۇشقا، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلدۇرۇلغان. بۇ يېزىق بىلەن ئۇيغۇر تىلىنى خاتىرىلەشتە بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلار يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، دەۋرمۇ-دەۋر ئۆزگەرتىش

## قه دىمقى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئېلىپبه سى



| № | ھەرپلەر | | | ئوقۇلۇشى |
|---|---|---|---|---|
| | سۆز بېشىدا | سۆز ئوتتۇرىسىدا | سۆز ئاخىرىدا | |
| 1 | | | | a |
| 2 | | | | ə |
| 3. | | | | ï, i |
| 4 | | | | o – u |
| 5 | | | | ө – ü |
| 6 | | | | b – p |
| 7 | | | | w |
| 8 | | | | ɣ |
| 9 | | | | k |
| 10 | | | | h |
| 11 | | | | g – k |
| 12 | | | | d – t |
| 13 | | | | j – y |
| 14 | | | | z |
| 15 | | | | y |
| 16 | | | | l |
| 17 | | | | m |
| 18 | | | | n |
| 19 | | | | r |
| 20 | | | | s |
| 21 | | | | x |
| 22 | | | | q |

كىرگۈزۈلگەن.

3. بۇ يېزىقتا، كۆپىنچە، ھەرپلەر سۆزنىڭ باش-ئاياق ۋە ئوتتۇرىلىرىدا كېلىشىگە قاراپ، ئىككى-ئۈچ خىل شەكىلدە يېزىلغان.

4. بۇ يېزىقتا سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر (قوشۇپ يېزىلغاندا)، ئاساسەن، چۈشۈرۈپ قالدۇرۇلمىغان.

ئۇيغۇرلار خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان يېزىقنىڭ يەنە بىرى ئەرەپ يېزىقى. بۇ يېزىق ئىسلام دىنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، 10-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 11-ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئېتىۋارەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئورنىنى بېسىشقا باشلىغان، ئاستا-ئاستا ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈپ، ھازىرغا قەدەر قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

ئەرەپ يېزىقى 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن قوشۇمچە ۋاستە بولۇپ كەلدى ۋە مۇشۇ تارىخىي دەۋر ئىچىدە مەلۇم ئىجابىي رول ئوينىدى. مەشھۇر تىلشۇناس، ئالىم مەخمۇت قەشقەرىي ئۆزىنىڭ «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» دېگەن ئەسىرىنى مۇشۇ يېزىق بىلەن يازغان. بۇندىن باشقا، ئۇرغۇنلىغان كىلاسسىك ئەدىبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۆچمەس ئەسەرلىرىنى مۇشۇ يېزىق بىلەن يېزىپ قالدۇرغان.

بۇ يېزىقنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتى تۆۋەندىكىچە:

1. بۇ يېزىق ئەرەپ يېزىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرپ شەكىللىرى تۇراقلىق بولمىغان. ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى قوبۇل قىلغاندىن بۇيان، ئومۇمەن، 20 دىن 30 غىچە ھەرپ شەكلىنى قوللانغان.

2. ئەرەپ يېزىقى ئۆزۈك تاۋۇشلارغا ئاساسلانغان يېزىق بولغانلىقى ئۈچۈن، بەزى قىيىنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىقلار داۋاملىق ساقلىنىپ كەلگەن. سوزۇق تاۋۇشلارغا ئالاھىدە ھەرپلەر بولمىغاندىن تاشقىرى، مەلۇم بەلگە بىرقانچە تاۋۇشقا ۋەكىللىك قىلدۇرۇلغان. شۇڭا ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى قوللانغاندىن تارتىپ تا بۈگۈنكى دەۋرگىچە ئۇرغۇن قېتىم ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن.

# ئەرەپ ئېلىپبەسى

| ئوقۇلۇشى | ھەرپلەر | | | | № |
|---|---|---|---|---|---|
| | ئايرىم | ئاخىر | ئوتتۇرا | باش | |
| elip | ا | ـا | ـا | ا | 1 |
| bə | ب | ـب | ـبـ | بـ | 2 |
| tə | ت | ـت | ـتـ | تـ | 3 |
| sə | ث | ـث | ـثـ | ثـ | 4 |
| jim | ج | ـج | ـجـ | جـ | 5 |
| ⱨə | ح | ـح | ـحـ | حـ | 6 |
| hə | خ | ـخ | ـخـ | خـ | 7 |
| dal | د | ـد | ـد | د | 8 |
| zal | ذ | ـذ | ـذ | ذ | 9 |
| rə | ر | ـر | ـر | ر | 10 |
| zə | ز | ـز | ـز | ز | 11 |
| sin | س | ـس | ـسـ | سـ | 12 |
| xin | ش | ـش | ـشـ | شـ | 13 |
| sat | ص | ـص | ـصـ | صـ | 14 |
| zat | ض | ـض | ـضـ | ضـ | 15 |
| itki | ط | ـط | ـطـ | طـ | 16 |
| izƣi | ظ | ـظ | ـظـ | ظـ | 17 |
| əyun | ع | ـع | ـعـ | عـ | 18 |
| ƣəyun | غ | ـغ | ـغـ | غـ | 19 |
| fə | ف | ـف | ـفـ | فـ | 20 |
| ⱪap | ق | ـق | ـقـ | قـ | 21 |
| kap | ك | ـك | ـكـ | كـ | 22 |
| lam | ل | ـل | ـلـ | لـ | 23 |
| mim | م | ـم | ـمـ | مـ | 24 |
| nun | ن | ـن | ـنـ | نـ | 25 |
| wo | و | ـو | ـو | و | 26 |
| ⱨə | ه | ـه | ـهـ | هـ | 27 |
| ya | ي | ـي | ـيـ | يـ | 28 |
| | | | | | |

## 11 - § ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى

10 - ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى
ئەسىردىن تاكى 1936 - يىلىغىچە بىر خىل قوللىنىلىپ كېلىنگەن.
1936 - يىلىغا كەلگەندە شىنجاڭدا نەشرىياتچىلىق ئىشلىرى
بىر قەدەر تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن
ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى كونا ئۇيغۇر يېزىقى بىر قېتىم
ئىسلاھ قىلىنىپ، ئو، ئا، ئە قاتارلىق بەلگىلەر قوشۇلدى. ئۇ
تاكى شىنجاڭ ئازات بولغانغا قەدەر شۇ پېتى قوللىنىلدى. لېكىن
ئۇنىڭدا ئورغۇنلىغان كەمچىلىك ۋە نۇقسانلار ساقلىنىپ كېلە
ۋەردى.

ئازاتلىقتىن كېيىن پارتىيىمىز ۋە خەلق ھۆكۈمىتىمىز مىللەت-
لەر تىل - يېزىقىدىكى ھەل سولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى
ھەل قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بولدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ
تىل - يېزىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىش مەسىلىسىنى
مىللىي سىياسەتنىڭ مۇھىم بىر مەزمۇنى قىلدى. سىياسىي كېڭەش-
نىڭ 1951 - يىلىدىكى مىللەتلەر ئىشلىرىغا دائىر قارارىدا:
"يېزىقى يوق مىللەتلەرنىڭ يېزىق يارىتىۋېلىشىغا، يېزىقى تو-
لۇقسىز مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى تولۇقلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش
كېرەك" دەپ كۆرسىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەرەپ ئېلىپبەسى
ئاساسىدىكى يېزىقنى مۇمكىن قەدەر تەرەققىيات تەلىۋىگە ئۇيغۇن-
لاشتۇرۇش ئۈچۈن، بەزى ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلدى. ئۇيغۇر
تىلىدا زورۇرىيىتى يوق آ، ث، ح، ذ، ص، ض، ط ظ، ع قاتار-
لىق ئەرەپ تىلىغا خاس ھەرپلەر چىقىرىپ تاشلاندى. 1952 -
ۋە 1954 - يىللىرى يەنە بەزى تەدبىرلەر قوللىنىلىپ، ئەسلىدە-
كى ئېلىپبە تەركىۋىدە بولمىغان بىرنەچچە ھەرپ ئىجات قىلى-
نىپ، ئېلىپبە تەركىۋىگە كىرگۈزۈلدى. ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى
سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەر قوش بەلگە قويۇش

ئۇسۇلى ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلدى. شۇنىڭدەك ئايرىم ھەرپلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، شەرتلىك بەلگىلەر قوشۇلدى. مەسىلەن: ئا، ئە، ئو، ئۇ، ئې، ئى قاتارلىق ھەرپلەر مۇشۇ يول بىلەن ھەل قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن ئىملادا خېلى ئوڭۇشلۇقلار بارلىققا كەلدى ۋە بۇ يېزىق ئۇيغۇر جانلىق تىلىغا يېقىنلىشىپ، ئوقۇتۇش - ئوقۇش ھەم مەتبۇئات ئىشلىرىدا كۆپ يەڭگىللىكلەرنى بەردى.

دېمەك، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناھايىتى كۆپ كۈچ چىقىرىشى نەتىجىسىدە جانلىق تىلنى خېلى توغرا ئىپادىلەپ، ئۆزىنىڭ ئىجابىي رولىنى ئوينىدى.

# تۇتىنچى باپ لېكسكولوگىيە

## 12 - § لېكسكولوگىيە ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى

لېكسكولوگىيە گرېكچە lexis — سوز، logos — تەلىمات دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋى ھەققىدىكى ئاساسىي نەزەرىيىۋى بىلىملەرنى يەنى سوزلەرنىڭ مەنىلىرى، لۇغەت تەركىۋىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى، لۇغەت تەركىۋىدىكى بىر قىسىم سوزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۈگىتىدۇ.

لېكسكولوگىيە تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋىي قىسمى، ئۇ تىلدا سوزلەردىن توغرا ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ، شۇڭا ئۇيغۇر تىلى لېكسكولوگىيىسىنى ئۈگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك. لېكسكولوگىيە ئوزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىغا قاراپ، تۆۋەندىكى قىسىملارغا بولۇنىدۇ:

### 1. سېماسولوگىيە (سېمانتىكا)

سوز مەنىسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم سېماسولوگىيە ياكى سېمانتىكا دەپ ئاتىلىدۇ. سېماسولوگىيە لېكسكولوگىيىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋىي قىسمى بولۇپ، سوز مەنىلىرىنى توغرا چۈشىنىش

ۋە سۆزلەردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا ياردەم بېرىدۇ.

ھەرقانداق سۆز مەلۇم مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. سۆزدە ئىپادىلەنگەن مەنە لوگىكىدا ئۇقۇم دېيىلىدۇ. شۇڭا تىل تەتقىقاتىدا سۆز مەنىسىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە يولداش ستالىن ئۆزىنىڭ «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: "سېمانتىكا تىلشۇناسلىقنىڭ مۇھىم قىسىملىرىدىن بىرى. سۆزلەر ۋە ئىبارىلەرنىڭ مەنە تەرىپىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا سېمانتىكىنىڭ تىلشۇناسلىقتا تېگىشلىك ئورۇن ئېلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك" دەيدۇ.

## 2. ئېتىمولوگىيە

سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم — ئېتىمولوگىيە دەپ ئاتىلىدۇ.

بىز بەزى سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى يەنى بۇ سۆزلەرنىڭ ئەسلىدە قانداق سۆز ئىكەنلىكىنى، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭدا قانداق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئېتىمولوگىيە ئارقىلىق بىلىمىز. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى بۈگۈن دېگەن سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلساق، ئۇنىڭ بۇ — كۈن دېگەن ئىككى سۆزدىن (بۇ دېگەن ئالماش بىلەن كۈن دېگەن ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن) تۈزۈلگەنلىكىنى، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ك نىڭ گ گە، ۇ (u) نىڭ ۈ (ü) گە نۆۋەتلىشىپ كەتكەنلىكىنى بىلىمىز. بەزى جۈپ سۆزلەرنىڭ ئىككىنچى تەركىۋى ئادەتتە ئايرىم مەنە ئىپادىلىمەيدۇ ۋە ئايرىم قوللىنىلمايدۇ. مەسىلەن: ئاغرىق - سىلاق سۆزىدىكى سىلاق پەقەت ئاغرىق سۆزىگە قوشۇمچە كەڭ مەنە قوشىدۇ، خالاس. بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلساق، بۇ ئۇنىڭ سىزلاق سۆزىدىن يەنى زەي، نەم سۆزلىرى بىلەن مەنىداش بولغان سىز سۆزىنىڭ ئىسمە

لاشقان شەكلى سىزلاقتىن كېلىپ چىققانلىقى، فونېتىك ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە (ز تاۋۇش چۈشۈپ قېلىپ)، سىلاق بولۇپ قالغانلىقى، زەي، ئەمما ئۆتۈش ياكى شۇ سەۋەپتىن ئاغرىش مەنىسىدىكى سۆز ئىككىلىكى ئېنىق. دېمەك، ئاغرىق ـ سىلاق ئەسلىدە مەنىداش سۆز دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. يەنە بىر مىسال، تىلىمىزدىكى بۆك (bɵk) سۆزى بەزى قېرىنداش تىللاردا پۆرك (pɵrk) دېيى-لىدۇ، ھازىرمۇ كىچىك باللارنىڭ بىر خىل باش كىيىمىنى پۆرمە دەيمىز. پۆرمە بىلەن بۆك ياكى پۆركنىڭ ئارىسىدا يىل-تىز ئوخشاشلىقى بار، يەنى بۇ سۆزنىڭ بۈر (bür) ياكى پۈر (pür) دېگەن يىل بولۇشى كېرەك، دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن. مەزكۇر بۈر (bür) ياكى پۈر (pür) يىلتىزىغا ئىسىم ياسىغۇچى ك قوشۇلۇپ بۆك ياكى پۆرك بولغانلىقى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. بۇ مەسىلە ھەل بولغاندىن كېيىن، خوتەن شىۋىسىدىكى تەلپەك (بىر خىل باش كىيىم) سۆزىنى سىرتىق ئۇيغۇرلارنىڭ تەرپەك دەپ ئاتىشىغا سېلىشتۇرۇپ، تېرە بۆك دېگەن سۆزنىڭ ئۆزگەر-گەن شەكلى بولۇشى كېرەك، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

دېمەك، ئېتىمولوگىيە سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىنى ئىلمىي ئاساستا چۈشىنىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا سۆز-لەرنى ئېتىمولوگىيە جەھەتتىن تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك.

## 3. لۇغەتشۇناسلىق

لۇغەت تۈزۈش پرىنسىپى، لۇغەت تۈزۈش ئۇسۇلى ۋە لۇغەت تۈرلىرى ھەققىدىكى ئىلىم — لۇغەتشۇناسلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

لۇغەت تىلدىكى سۆزلەرنى يىغىپ، ئۇنىڭغا چۈشەنچە ۋە ئىزاھ بېرىپ، مەلۇم بىر مەقسەتكە ۋە پرىنسىپقا ئاساسەن تۈزۈل-گەن سۆز توپلىمى. لۇغەت — ئۆگىنىش ماتېرىيالى بولۇپلا قال-ماستىن، بەلكى تىل تەتقىقاتىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئەك

مۇھىم ماتېرىياللارنىڭ بىرى، شۇنىڭدەك باشقا پەنلەرنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان قورالدۇر. شۇڭا لۇغەتشۇناسلىق — تىلشۇناسلىقنىڭ، جۈملىدىن لېكسىكولوگىيىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىز لېكسىكولوگىيە قىسمىدا، ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ۋە ئۇنىڭ مەنىسى، لۇغەت تەركىبىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى، سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئومۇمىي خاراكتېرلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە توختىلىمىز.

## 13- § سۆز ۋە سۆز مەنىسى

سۆز — تىلدا قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رول ئوينايدىغان، جۈملىدە ئەركىن قوللىنىلىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى.

سۆزنىڭ تىلدا قۇرۇلۇش ماتېرىيالى دەپ ئاتىلىشى ئۇنىڭسىز ھەر قانداق جۈملە ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنى تۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىغا قارىتىلغان؛ ئۇنىڭ ئەركىن قوللىنىلىشى ئالاقە ئېھتىياجىغا قاراپ، جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدە تۈرلۈك ئورۇندا، تۈرلۈك ۋەزىپىدە كېلىشىگە قارىتىلغان. مەسىلەن: خەلق ئاممىسى ھەممىگە قادىر. كۈچ خەلقتە. بۇ غەلىبە خەلققە مەنسۇپ. بۇ — خەلقنىڭ مۈلكى، دىگەن جۈملىلەردە خەلق سۆزى ئالاقە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، تۈرلۈك ئورۇندا، تۈرلۈك ۋەزىپىدە كەلگەن. سۆزنى ئەڭ كىچىك تىل بىرلىكى دىگىنىمىز، سۆزنىڭ جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىسىگە قارىغاندا ئەڭ كىچىك بىرلىك ئىكەنلىكىگە قارىتىلغان.

سۆز قۇرۇلۇش ۋە مەنە جەھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. سۆزنىڭ قۇرۇلۇش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە بوغۇمدىن تۈزۈلىدىغانلىقىدا، تەلەپپۇز قىلغاندا بوغۇملار ئارا تىنىشقا بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇلارنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەلەپپۇز قىلىش لازىملىقىدا، ھەر بىر سۆزنىڭ

ئۇرغۇ ياكى تونغا ئىگە ئىكەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ۋەتەن، ئالما، ئۆرۈك دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەرقايسىسى ئىككى بوغۇمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۆزىگە خاس ئۇرغۇغا ئىگە. بۇلارنى تەلەپپۇز قىلغاندا، ھەرقايسىسىنى بىر گەۋدە سۈپىتىدە تەلەپپۇز قىلىمىز، بوغۇملار ئارا تىنمايمىز.

سۆزنىڭ مەنە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ بەلگىلىك بىر چۈشەنچىنى (ئۇقۇمنى) ئىپادىلىگەنلىكىدە كۆرۈلىدۇ. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتى ئارقىلىق تەبىئەتتىكى ۋە جەمئىيەتتىكى خىلمۇ-خىل شەيئى، ھادىسە ھەم ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى، ھەرىكەتلىرى، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە مەلۇم ئۇقۇم ھاسىل قىلىدۇ، مانا بۇ ئۇقۇم تىلدا سۆز ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: قەلەم سۆزى مىتال ۋە باشقا نەرسىلەردىن ياسالغان خەت يېزىش قورالى دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئوقۇغۇچى دېمەك، بۇ سۆز مەكتەپلەردە ئوقۇش-ئۆگىنىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئوسمۇرلەر ۋە ياشلارنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسى مۇشۇ شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنىڭ (خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ) كىشىلەر مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئۇقۇمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سۆز تاۋۇش بىلەن مەنىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. مەنە ئىپادىلىمەيدىغان تاۋۇش بىرىكمىسى سۆز بولالمايدۇ. مەسىلەن: ئىشچى، بەلۋاغ، ياغاچ-تاش دېگەن سۆزلەر مۇشۇ ھالەتتە «ئەمگەككە يولىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئادەم»، «بەلگە باغلايدىغان تاسما»، «قۇرۇلۇشقا لازىملىق ماتېرىياللار» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر بۇ سۆزلەرنى تاش، ياغاچ، باغ، بەل، ئىش دەپ ئېيتساق، يۇقۇرقىدەك تىل شەكلى بىلەن مەنىدىن ھاسىل بولغان پۈتۈنلۈك بولماي قالىدۇ. دېمەك، سۆزنىڭ ھەم ئۆزىگە خاس مەنىسى، ھەم ئۆزىگە خاس تاۋۇش قۇرۇلۇش (فونېتىك شەكلى) بولىدۇ.

سۆز جۈملىدە مەلۇم شەيئى ۋە ھادىسە ھەققىدىكى مەنىنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى، تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەرنىمۇ ئىپادى-

لەيدۇ. سوزنڭ مەلۇم شەيئى ۋە ھادسە ھەققدكى مەنسى (ماددى مەنسى) لېكسكلق مەنە دېيلدۇ. سوزنڭ جۇملدە باشقا سوزلەر بلەن بولغان تۇرلۇك مۇناسۋەتلرنى ئىپادلەيدىغان مەنسى گرامماتكلق مەنە دېيلدۇ. مەسلەن: ئوقۇغۇچىلار كەلدى دېگەن جۇملە ئىككى سوزدن تۈزۈلگەن. بۇ جۇملەدىكى ئوقۇغۇچىلار — ئوقۇش كەسپى بلەن شۇغۇللانغۇچى كىشلەرنى، كەلدى — ئۇلارنڭ كېلش ھەركتنى بلدۇرىدۇ. مانا بۇلار — بۇ سوزلەرنڭ لېكسكلق مەنىلىرى. يۇقۇرقىلاردىن باشقا، بۇ سوزلەر يەنە قوشۇمچە مەنىلەرنمۇ ئىپادلەيدۇ، ئوقۇغۇچىلار — كوپلۇك ۋە باش كېلىشتە كەلگەن ئسم، كەلدى — 3 ـ شەخس تەرىپىدىن ئوتكەن زاماندا، بارلىقتا ئورۇنلانغان ھەركەت، بۇ ھەركەت جۇملنىڭ ئىگىسى تەرىپىدىن ئورۇنلانغان بولۇپ خەۋەر رايىغا خاس. مانا بۇلار بۇ سوزلەرنڭ جۇملدىكى مۇناسىۋىتىدىن ئىپادلەنگەن قوشۇمچە مەنىلەر (گرامماتكلق مەنە) بولۇپ ھسابلىندۇ.

سوزنڭ گرامماتكلق مەنسى ئۇنڭ لېكسكلق مەنسى ئۈستىگە قۇرۇلدۇ. سوز ئايرم تۇرغاندمۇ ئۇنڭ لېكسكلق مەنسى ئىپادلىنىۋېرىدۇ. سوزنڭ گرامماتكلق مەنسى بولسا پەقەت جۇملدە سوزلەرنڭ مەلۇم تەرتىپتە ئوزئارا باغلىنشىدىن ھاسل بولىدۇ. بۇ ھەقتە كىتابنڭ گرامماتكا قسمدا تەپسلى توختىلىمز.

ھەم لېكسكلق مەنە، ھەم گرامماتكلق مەنە ئىپادلەيدىغان سوزلەر مۇستەقىل سوزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار ئسم، سۈپەت، سان، ئالماش، پېئل، رەۋىشلەردىن ئبارەت. مەسلەن: خەلق، باغ، دەۋر، ئىنقلاپ، ھاۋا، سانائەت، ئىدىيە، ياخشى، كوركەم، ئاق، قىزىل، گۈزەل، بىر، بەش، ئون، يىگىرمە، يۈز، مىڭ، يۈز مىڭ، مەن، سەن، سىز، بىز، مۇشۇ، قانداق، مۇنداق، ئوقۇ، كور، ئىشلە، باشلا، ماڭ، سوزلە، ياز، ئاستا، چاپسان، ھازر، بايا، ناھايىتى، ئەجەپ، ......

لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدىغان، جۈملىدە مۇستەقىل سۆز-لەر بىلەن بىللە كېلىپ گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ياردەمچى سۆز دېيىلىدۇ. ياردەمچى سۆزلەرگە سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى، باغلىغۇچىلار ۋە يۈكلىمىلەر كىرىدۇ. مەسىلەن: تۇغرىلىق، ئەمما، ئەگەر، گويا، ياكى، بىلەن، ھەم، ۋە، زە، چۇ، مۇ، لا، ھەققىدە.

ئۇيغۇر تىلىدا يۇقۇرقىلاردىن باشقا يەنە بىر قىسىم سۆزلەر بار، ئۇلار يا لېكسىكىلىق مەنە، يا گىراممايتىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەستىن، پەقەت پۈتۈن جۈملىدە بايان قىلىنغان ئوي - پىكىرگە مۇناسىۋەتلىك ھىس - تۇيغۇنىلا بىلدۈرىدۇ. شۇڭا بۇ خىل سۆزلەر جۈملە بىلەن گىراممايتىكىلىق مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ ھەم سىنتاكسىلىق ۋەزىپە ئۆتەلمەيدۇ. بۇنىڭغا ئۈندەش سۆزلەر كىرىدۇ. مەسىلەن: پاھ، ئېخ، ئۇھ، ۋاي - ۋۇي، ئاھاي......

## 14 - § سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى

سۆز مەنىسىنىڭ ئۆزگىرىشى سۆز مەنىسىدىكى كېڭىيىش، تارىيىش ھەم كۆچۈش جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ.

### 1. سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى

تىلدا بىر سۆز دەسلەپ پەيدا بولغاندا، مەلۇم شەيئى ياكى ھادىسىنىڭ يىغىنچاقلانغان ئىنكاسىدىن ئىبارەت بىرلا ئۇقۇمنى ئىپادىلىسە، كېيىنچە ئۇ شۇ شەيئى ياكى ھادىسە بىلەن رەڭگى، خاراكتېرى، رولى ئوخشاپ كېتىدىغان باشقا شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇمنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە بىرلا مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز قوشۇمچە يەنە بىرقانچە مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بولىدۇ. بۇ ھال سۆز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: يولداش سۆزى ئەسلىدە بىللە يول ماڭغان

كىشىلەرنىلا بىلدۈرەتتى، ھازىر بۇ سوز بىر ئىرادە، بىر مەقسەت ياكى بىر ئىدىيىدىكى كىشىلەرنى ۋە يېڭى جەمئىيەتتىكى ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنى بىلدۈرىدىغان بولدى. ئاق، قارا سوزلىرى نەرسىلەرنىڭ رەڭلىرىنى بىلدۈرۈشتىن تاشقىرى يەنە تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ:

ئاق كوڭۇل — كوڭلىدە يامانلىق يوقلۇغىنى،

ئاق نىيەت — نىيەتنىڭ ياخشىلىغىنى،

ئاق يول — يولنىڭ تىنچ - ئامانلىغىنى،

ئاق ئادەم — گۇناسى يوق ئادەم ئىكەنلىگىنى بىلدۈرىدۇ؛

قارا كوڭۇل — كوڭلىدە يامانلىق بارلىغىنى،

قارا نىيەت — نىيەتنىڭ يامانلىغىنى،

قارا قوساق — ساۋاتسىزلىقنى،

قارا تۇتۇش — ماتەم تۇتقانلىقنى بىلدۈرىدۇ.

## 2. سوز مەنىسىنىڭ تارىيىشى

ئەسلىدە بىر سوز بىلەن بىرقانچە شەيئى ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇملار ئىپادىلەنگەن بولسا، كېيىنچە بۇ شەيئى ياكى ھادىسىلەرنىڭ ئوزئارا پەرقى چوڭقۇر تونۇلغاندىن كېيىن، سوز مەنىسىدە يەككىلىنىش ئەھۋالى يۈز بېرىدۇ. بۇ ھال سوز مەنىسىنىڭ تارىيىشى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: شاگىرت سوزى ئەسلىدە ئوقۇغۇچى دىگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى، ھازىر ئوقۇغۇچى سوزى ئوقۇغۇچى دىگەن مەنىنى، شاگىرت سوزى بولسا ھۈنەر پەقەت ئۆگەنگۈچى دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك كوك سوزى ئۆگەنگۈچى دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭدەك كوك سوزى ئەسلىدە رەڭنى بىلدۈرگەندىن تاشقىرى، ئاسمان دىگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرەتتى، ھازىر پەقەت رەڭنىڭ بىر تۈرىنىلا بىلدۈرىدۇ. بۇ سوز بەزى قېرىنداش تىللاردا (مەسىلەن، قازاق تىلىدا) ھازىرمۇ ئاسمان دىگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

### و. سوز مەنىسىنىڭ كوچۇشى

تىل تەرەققىياتىدا سوز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشىنىڭ ئادەتكە ئايلىنىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، سوزنىڭ ئەسلى مەنىسى ئوزگىرىپ، يېڭى (كوچمە) مەنىسى مۇقىملىشىپ قالىدىغان ئەھۋال كورۇلىدۇ. بۇ هال سوز مەنىسىنىڭ كوچۇشى دىيىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوغۇل سوزى ئەسلىدە باتۇر، قەهرىمان دىگەن مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيتتى، كېيىن ئەركەك بالا دىگەن مەنىدە قوللىنىلىدىغان بولۇپ، بارا - بارا مۇشۇ كوچمە مەنىسى مۇقىملىشىپ قالغان. شۇنىڭدەك سىيا سوزى ئەرەپ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، ئەسلىدە قارا دىگەن مەنىنى ئىپادىلەيتتى، هازىر خەت يېزىشتا ئىشلىتىلىدىغان هەر خىل رەڭدىكى سۇيۇقلۇقنى بىلدۇرىدۇ.

دىمەك، سوز مەنىسىنىڭ ئوزگىرىشى نەتىجىسىدە، ئەسلىدىكى بىر مەنىلىك سوز كوپ مەنىلىك سوزگە، ئەسلىدىكى كوپ مەنىلىك سوز بىر مەنىلىك سوزگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## 15 - § بىر مەنىلىك ۋە كوپ مەنىلىك سوزلەر

### 1. بىر مەنىلىك سوزلەر

بىرلا مەنىدە قوللىنىلىدىغان سوز بىر مەنىلىك سوز دەپ ئاتىلىدۇ. خاس ئىسىملار، يېڭىدىن پەيدا بولۇۋاتقان سوزلەر، پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى ۋە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سوزلەر بىر مەنىلىك سوزلەر دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: خوتەن، مۇهەممەت، ئورۇمچى، تىيانشان، خىمىيە، فىزىكا، كوممۇنىزىم، سوتسىيالىزىم، تىلشۇناسلىق.

بىر مەنىلىك سوزلەرنىڭ كوپ قىسمى هەرقايسى ساهەلەردە

مەخسۇس قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇلار بولۇپ، لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلالمايدۇ.

## 2. كوپ مەنىلىك سوزلەر

بىر ئاساسىي مەنىنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك يەنە بىرقانچە مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سوزلەر كوپ مەنىلىك سوزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنسانلار جەمىيەتتىكى ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى سان-ساناقسىز شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن بىردىن سوز پەيدا قىلىپ ئولتۇرمايدۇ، خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشاپ كېتىدىغان شەيئى ياكى ھادىسىنى ئىخچاملاپ بىر سوز بىلەن ياكى سوزنى كوپ مەنىدە قوللىنىش بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

باشقا تىللاردىكىگە ئوخشاش، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ كوپ مەنىلىك سوزلەر لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى خېلى كوپ سوزلەر كوپ مەنىدە قوللىنىلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ خىل سوزلەرنىڭ قوللىنىلىش تارىخىمۇ خېلى ئۇزۇن.

كوپ مەنىلىك سوزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى ئاساسىي مەنە بولۇپ، باشقا مەنىلىرى شۇ مەنە ئاساسىدا كېلىپ چىققان قوشۇمچە مەنە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوچۇق سوزى تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

ئىشىك ئوچۇق — ئەسلى مەنىسى،

ھاۋا ئوچۇق — ھاۋادا بۇلۇت يوق،

قولى ئوچوق — مەرت، سېخى،

ئوچۇق كىشى — ساددا، خۇشخۇي ۋە باشقىلار.

ئەمدى باش سوزىمۇ ئوزىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكىدەك مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ:

ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ بېشى — ئەسلى مەنىسى،

ئىشنىڭ بېشى — ئىشنىڭ باشلىنىشى،
سۇنىڭ بېشى — سۇنىڭ باشلىنىش ئورنى،
باش ۋەزىپە — مۇھىم، ئاساسلىق ۋەزىپە ۋە باشقىلار.

سال پىلىنى ئالدىغان بولساق، بۇمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىدىن باشقا، يەنە تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

ساندۇققا سېلىش — ئەسلى مەنىسى،
ئۆي سېلىش — ئۆي ياساش،
ئۇرۇق سېلىش — ئۇرۇق سېپىش ياكى ئۇرۇق چېچىش،
سورەم سېلىش — سورەم سورىتىش،
خەت سېلىش — خەت ئەۋەتىش،
سەپسېلىش — دىققەت قىلىش، زەن سېلىش،
قۇلاق سېلىش — ئاڭلاش،
سېلىق سېلىش — مەجبۇرىيەت ئارتىش،
گەپكە سېلىش — سوزلىتىش،
بازارغا سېلىش — بازاردا كورسىتىش ۋە باشقىلار.

ئالاقە ئىشلىرىدا كوپ مەنىلىك سوزنىڭ مەنىلىرى ئايرىلىشىپ كەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ قانداق مەنىدە قوللىنىلغانلىقى جۈملە ۋە سوز بىرىكمىلىرىدە ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ، شۇڭا كوپ مەنىلىك سوزلەرنىڭ بولۇشى پايدىلىق.

## 16 - § مەنىداش سوزلەر، قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزلەر، ئاھاڭداش سوزلەر

### 1. مەنىداش سوزلەر

مەنىلىرى ئوزئارا يېقىن ياكى ئوخشاپ كېتىدىغان، لېكىن فونېتىكىلىق شەكلى ھەم قوللىنىلىشى ئوخشىمايدىغان سوزلەر مەنىداش سوزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: كۈچ، قۇۋۋەت، ماغدۇر، بايراق، ئەلەم، تۇغ، كوپ، تولا، ئۇرغۇن، جىق، ئاۋۇن.

مەنداش سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئۆزئارا يېقىن دېگەن سۆز ئۇلارنىڭ ئايرىم تۇرغاندىكى مەنىسىگە قارىتىلغان. مەنداش سۆزلەر مەنە جەھەتتىن بىر بىرىگە يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئىنچىكىلەپ كۆزەتكەندە، ئۇلارنىڭ قوللىنىلىشىدا ئاز - تولا پەرقنىڭ بارلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئارام بىلەن ھاردۇق، رەڭگى بىلەن چىراي، ۋاپات بولۇش بىلەن ئۆلۈش، ئادەم بىلەن كىشى سۆزلىرى مەنداش سۆزلەر. ئارام ئالدۇق دېگەننىڭ ئورنىغا ھاردۇق ئالدۇق دېگىلى بولسىمۇ، كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق دېگەننىڭ ئورنىغا كۆڭلىنىڭ ھاردۇقى يوق دېگىلى بولمىغاندەك، ھاردۇق يەتتى دېگەننىڭ ئورنىغا ئارام يەتتى دېگىلى بولمايدۇ. ئادەم بولۇپ قالدى دېگەننىڭ ئورنىغا كىشى بولۇپ قالدى دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئەمدى ئۆلۈش سۆزى ئۆلگۈچىگە نىسبەتەن ئانچە ھۆرمەت قىلمىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئادەتتىكى ئادەملەرگە ۋە جانلىقلارغا ئوخشاشلا قوللانغىلى بولىدۇ. لېكىن ۋاپات بولۇش سۆزى ئۆلگۈچىگە نىسبەتەن ھۆرمەتنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئادەمگىلا قوللىنىشقا بولىدۇ.

مەنداش سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىدە ئۇچرىغان شەيئى ۋە ئۇنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇش ئارقىسىدا يېڭى - يېڭى سۆزلەرنى يارىتىدۇ، بۇ خىل سۆزلەر شۇ شەيئى ۋە ھادىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەر بىلەن مەنداش بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

يۇر، مالڭ، ئەتىياز، باھار، كوكلەم، ئاتا، دادا، لاۋزا، تېتىقسىز، تەمسىز، جىق، نۇرغۇن، ئاۋۇن، تولا، كوپ، ئوزگىچە، باشقىچە، بولەكچە ۋە باشقىلار.

ئىككىنچى، ئەدەبىي تىلدا ئەسلىدە بار بولغان سۆزلەر بىلەن بىللە، دىئالېكت سۆزلىرىنى بىر ئاز پەرقلەندۈرۈپ قوللىنىش ئارقىسىدا مەنداش سۆزلەر شەكىللەنگەن. مەسىلەن: ياخشى،

ئوبدان، بەلەن، ئاچا، ھەدە، ئاپلا، ئانا، ئاپا، ھۆرە، يەلكە، زىممە...... ۋە باشقىلار.

ئۈچىنچى، ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار سوزلەر بىلەن باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سوزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن يېقىن بولۇشى ۋە ئۇلارنى پەرقلىق قوللىنىش نەتىجىسىدە مەنىداش سوزلەر شەكىللەنگەن. مەسىلەن: كىشى بىلەن ئەرەپچىدىن كىرگەن ئادەم، ئىنسان سوزلىرى، ئىنىق - ئوچۇق بىلەن پارىس تىلىدىن كىرگەن روشەن سوزى، شۇنىڭدەك چاخچاق بىلەن خەنزۇ تىلىدىن كىرگەن شاگخۇ سوزى، ئەرەپ تىلىدىن كىرگەن دەلىل - ئىسپات بىلەن لاتىنچىدىن كىرگەن پاكىت سوزى مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ.

مەنىداش سوزلەر بىلەن ئوخشاش مەنىلىك سوزلەرنى پەرقلەندۈرۈش زورۇر. ئوخشاش مەنىلىك سوزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوخشاش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قوللىنىلىشىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاش بولىدۇ. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچى بىلەن مۇئەللىم ۋە باشقىلار.

مەنىداش سوزلەرنىڭ كوپ بولۇشى پايدىلىق، چۈنكى مەنىداش سوزلەر شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بەلگە، خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئىنچىكە پەرقلىرىنى سۈرەتلەش، ئوي - پىكرىنى ئىنىق، جانلىق ئىپادىلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 2. قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزلەر

مەنىلىرى ئوزئارا زىت بولغان سوزلەر قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىسسىق بىلەن سوغ، راست بىلەن يالغان، دوست بىلەن دۈشمەن، چوڭ بىلەن كىچىك، كوپ بىلەن ئاز، ھايات بىلەن مامات ۋە باشقىلار.

قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزلەر بولۇش ئۈچۈن، مەنىلىرى ئوزئارا زىت بولغان (كەم دىگەندە) ئىككى سوز بولۇشى كىرەك.

مەنىلىرى زىت بولمىغان سوزلەر قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزلەر بولالمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزلەر قوللىنىلىش دائىرىسىگە قاراپ، خىلمۇ - خىل قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوز توپىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىگىز سوزى كىشىلەرگە قوللىنىلغاندا، ئۇ پەس سوزى بىلەن ئەمەس، پاكار سوزى بىلەن قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوز توپىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئىگىز ئادەم، پاكار ئادەم دىگەندەك. ئەگەر ئىگىز سوزى نەرسىلەرگە قارىتىلسا، ئۇ ھالدا پەس ياكى پاكار سوزى بىلەن ئوخشاشلا قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوز توپىنى تەشكىل قىلىدۇ. (ئىگىز ئوي، پەس ئوي، پاكار ئوي).

قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزلەر يالغۇز ئىككى سوز بىلەن چەكلەنمەيدۇ، بەزىدە بىر مەنىداش سوز توپى بىلەن يەنە بىر مەنىداش سوز توپى ئوزئارا زىت مەنىلىك بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن، چىرايلىق، كوركەم، ياخشى دىگەن مەنىداش سوز توپىغا سەت، كورۈمسىز يامان، دىگەن مەنىداش سوز توپى؛ ئوچۇق، ئېنىق، روشەن دىگەن مەنىداش سوز توپىغا پىپىق، تۇتۇق، خىرە، غۇۋا دىگەن مەنىداش سوز توپى قارىمۇ - قارشى قويۇلۇپ، زىت مەنىلىك سوز توپىنى تەشكىل قىلىدۇ.

قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزلەر ئېنىق نىسبەتنى ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئەگەر ئۇلار مۇۋاپىق قوللىنىلسا، ئوي - پىكىرنى جانلىق، تەسىرلىك ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدۇ.

قارىمۇ - قارشى مەنىلىك سوزلەر خەلق ماقاللىرىدىمۇ كوپ ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن: كوز قورقاق، قول باتۇر.

ياخشى تېپىپ سوزلەيدۇ، يامان كوپۈپ (سوزلەيدۇ).

ياخشىغا ئىشارەت، يامانغا جۇۋالدۇرۇز.

ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق.

## 3. ئاھاڭداش سۆزلەر

فونېتىك شەكلى ئوخشاش، لېكىن مەنىلىرى ئوخشىمايدىغان سۆزلەر ئاھاڭداش سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: مىنىدىغان ئات، مىلتىقنى ئات، بالىغا قويۇلغا ئات؛ بۇنى ئۇنىڭغا قوش، قوش ھەيدە، قوش قوللاپ تۇت؛ ئوچاقتىكى ئوت، مال يەيدىغان ئوت.

كۆپ مەنىلىك سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ بارغانسېرى يىراقلىشىشى، لېكىن فونېتىك شەكلىدە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقى سەۋەبىدىن، بەزى ئاھاڭداش سۆزلەر شەكىللەنگەن. مەسىلەن، سال (ساندۇققا سال، سالنى دەرياغا سال)، ئاچ (ئىشىكنى ئاچ، قورسىقىم ئاچ) قاتارلىق ئاھاڭداش سۆزلەرنى مۇشۇنداق شەكىللەنگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، ئاھاڭداش سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك سەۋەبلەر نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن:

بىرىنچى، ئوبيېكتىپ دۇنيادىكى شەيئى، ھادىسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ بەلگە - خۇسۇسىيەتلىرىنى تىلدىكى چەكلىك تاۋۇشلار بىلەن ئىپادىلەش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ياش (ئىسىم) — كۆز يېشى، ياش (سۈپەت) — ياش ئايال؛ ئۇچ (ئىسىم) — قەلەم ئۇچ، ئۇچ (پېئىل) — ئايرۇپىلان ئۇچتى.

ئىككىنچى، بەزى سۆزلەرنىڭ دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن فونېتىك جەھەتتە ئوخشاپ قېلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. مەسىلەن، ئېيت (پاكىز ئېيت؛ كېپەكنى ئېيت) سۆزى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا ئايت، ئارت بولۇپ، پەرقلىق قوللىنىلغان، كېيىن بۇ سۆزلەرنىڭ فونېتىك شەكلىدە ئۆزگىرىش بولۇپ (ئارتتىكى ر تاۋۇشى ي غا، ئا تاۋۇشى ې غا نۆۋەتلىشىپ) ئاھاڭداش بولۇپ قالغان. شۇنىڭدەك قارا (قارا رەڭ، ماڭا قارا) سۆزى قەدىمقى

ئۇيغۇر تىلىدا قارا، قارالا شەكلىدە ئىدى، كېيىن فونېتىك ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە ئاھاڭداش بولۇپ قالغان. ھازىرمۇ بەزى شىۋىلەردە، مەسىلەن: قەشقەر شىۋىسىدە قايلا، خوتەن شىۋىسىدە قالا، لوپنۇر دىيالېكتىدا قارالا دەپ قوللىنىلىشى ھەمدە بۇرۇنقى خەلق قوشاقلىرىدا:

قارالسام كورۇنمەيدۇ.
سەمەندىن قوغان.

دەپ ئىپتىلىشى بۇ پىكىرنى ئاساسلايدۇ.

ئۇچىنچى، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان بىر قىسىم سۆزلەر بىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا شۇ ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان بەزى سۆزلەرنىڭ ئوخشاش قوللىنىلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان. مەسىلەن: چەك (سەۋرى - تاقەتنىڭ چېكى بار، بانكىنىڭ چېكى)، پۇت (بىر پۇت ئاشلىق، پۇت ئاغرىقى)، چوت (سەنپەن، كەكە).

## § - 17 ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋى

ئۇيغۇر تىلىدىكى بارلىق سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋى ئۇيغۇر خەلقى ئەزەلدىن قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى تىللارغا ئورتاق بولغان سۆزلەر، باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر، ئاز قوللىنىلىدىغان ياكى ئىستېمالدىن قېپقالغان سۆزلەر، تارىخىي سۆزلەر، يېڭىدىن پەيدا بولغان ۋە بولۇۋاتقان سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇر تىلى دىيالېكتلىرى ۋە شىۋىلىرىگە خاس بىر قىسىم سۆزلەرمۇ ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋى دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەر قوللىنىلىش دائىرىسى ۋە تىلدىكى رولىغا قاراپ، چوڭ ئىككى تۈركۈمگە بولۇنىدۇ: ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى.

## 1. ئاساسى لۇغەت تەركىۋى

لۇغەت تەركىۋىدىكى ئومۇم خەلققە چۈشىنىشلىك، دائىم قوللىنىلىدىغان سوزلەر ئاساسى لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدۇ. ئاساسى لۇغەت تەركىۋى لۇغەت تەركىۋىنىڭ يادروسى ۋە ئەڭ مۇھىم قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يېڭى سوزلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىش ـ ئىشچى، ئىشچان، ئىشخانا؛

ئىشلە ـ ئىشلەپچىقىرىش، ئىشسىز؛

يەر ـ يەرلىك، يەرسىز؛

باش ـ باشلىق، باشچى، باشچىلىق؛

باشلا ـ باشلامچى.

ئاساسى لۇغەت تەركىۋىگە تۈركى تىللارغا ئورتاق بولغان بول، تۆر، ماڭ، كەت، مەن، سەن، ئات، سۇ، قار قاتارلىق سوزلەردىن باشقا، تارىختىن بۇيان باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئوزلىشىپ كەتكەن سەي، چاي، نۇر، دەريا، ئىدىيە، ماشىنا دىگەنگە ئوخشاش سوزلەرمۇ كىرىدۇ.

تۆۋەندىكىدەك سوزلەر ئاساسى لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدۇ:

1) شەيئى ئىسىملىرىنى بىلدۈرىدىغان سوزلەر: سۇ، تاغ، كۈن، ئاي، ھاۋا؛

2) كىشى ئەزالىرىنىڭ ئاتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سوزلەر: باش، كوز، پۇت، قول، چاچ، قۇلاق؛

3) ئەمگەك قوراللىرىنىڭ ئاتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سوزلەر: كەتمەن، پالتا، پىچاق، ئوغاق، كۈرەك؛

4) تۇققانچىلىقنى بىلدۈرىدىغان سوزلەر: ئاتا، ئانا، ئاپا، ئاكا، ئۇكا؛

5) تۇرمۇشقا لازىملىق نەرسىلەرنىڭ ئاتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سوزلەر: كىيىم، تاماق، ئوي، گوش، سەي؛

6) ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋان ئاتلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: دەرەخ، قوناق، بۇغداي، ئات، كالا، قوي، بۆرە؛

7) ھەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: ماڭ، تۇر، قال، ياز، ئوقۇ؛

8) شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە ھالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: ياخشى، گۈزەل، قىزىل، ئاق، چوڭ، كىچىك، ئېگىز، پەس، تۈز؛

9) ۋاقىت ۋە ئورۇننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: بۈگۈن، ئەتە، كۈز، قىش، ياز، ئاست، ئۈست، يۇقۇرى، تۆۋەن، ئالدى، ئارقا؛

10) ساننى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر: بىر، ئون، يۈز، مىڭ.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا، دائىم قوللىنىلىدىغان ئالماشلار، بەزى ياردەمچى، ئىملىق ۋە ئۈندەش سۆزلەرمۇ ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدۇ.

ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدىغان سۆزلەر تۇراقلىق ۋە ئاسان ئۆزگەرمەيدىغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ كوپ قىسمى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىدا بىرخىل قوللىنىپ كېلىنمەكتە. مەسىلەن: سۇ، ئات، باش، كوز، ماڭ، تۇر، بىل، تاغ، قۇش ۋە باشقىلار.

شۇنىمۇ كورسىتىپ ئوتۇش كېرەككى، جەمىيەت تەرەققىياتىغا ۋە تىل تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىدىمۇ قىسمەن ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ، بەزى سۆزلەر كوپ قوللىنىلمايدىغان ياكى قوللىنىلمايدىغان تارىخىي سۆزلەرگە ئايلىنىپ، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىگە ئوتۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: ۋاڭ، پادىشا، ۋەزىر، بەگ، نەيزە، يامبۇ، مىڭۋېگى، يىگىتۋېشى ۋە باشقىلار. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدىغان بەزى سۆزلەر كوپ قوللىنىلىش نەتىجىسىدە، ئاستا - ئاستا ئاساسىي لۇغەت تەركىۋىگە ئوتۇپ كېتىدۇ. مەسىلەن: داۋۇي، گېزىت، گۇڭشې، خەلق، مەجلىس، تىراكتۇر ۋە باشقىلار.

## 2. ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋى

خەلق ئاممىسى بىردەك چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاز قوللىنىلىدىغان سۆزلەر ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: شەيئى، تەلىمات، سەۋىيە، شەرق، غەرب، تىلشۇناسلىق، لۇغەت، سىياسى - ئىقتىسات، پەلسەپە، ئوبيېكتىپ ۋە باشقىلار.

ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىدە داۋاملىق ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ. يەن - مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن يېڭى - يېڭى ئاتالغۇلار، ئالدى بىلەن، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدۇ. ئىجتىمائى ئادەت سۆزلىرى، دىيالېكت ۋە شىۋىلەرگە خاس سۆزلەرمۇ ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدۇ. ئومۇمەن، لۇغەت تەركىۋىدە ئاساسى لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدىغان سۆزلەر ئاز، ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدىغان سۆزلەر كۆپ بولىدۇ.

ا) دىيالېكت ۋە شىۋە سۆزلىرى

مەلۇم رايونلاردىلا قوللىنىلىدىغان، مىللى ئورتاق تىلدا كەڭ قوللىنىلمايدىغان سۆزلەر دىيالېكت ۋە شىۋە سۆزلىرى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | لوپنۇردا |
|---|---|
| تىرنا | بىلىجان |
| (بېلىق تۇتىدىغان تورنىڭ بىر خىلى) | چىمان جار |
| قوسقى يېرىق بېلىق | گەگەرمە |
| | خوتەندە |
| تۇماق، قۇلاقچا | تەلپەك |
| گىلەمنىڭ ئورۇش يىپى | شانا |

ئۇيغۇر تىلىدا دىيالېكت ۋە شىۋە سۆزلەر ئانچە كۆپ ئەمەس. بەزى رايونلاردا بۇخىل سۆزلەر بولسىمۇ، ئۇلار ئەدەبىي تىلدىكى

تەگداش (ئوخشاش) سوزلەر بىلەن بىللە قوللىنىلماقتا. مەسىلەن: خو-
تەندە قەدلەس-تەممەت بىلەن زادى، قاللاڭ بىلەن ئوچۇق؛ لوپنۇردا
ئاۋا بىلەن ئاتا - دادا، زىمە بىلەن گەپ - سوز قاتارلىق سوز-
لەر ئارىلاش قوللىنىلماقتا. بۇ ھال مىللى ئورتاق تىلنىڭ تەرەق-
قىياتىغا ئەگىشىپ، دىيالېكت ۋە شىۋىلەرنىڭ ئەدەبىي تىلغا يېقىنلى-
شىۋاتقانلىقىنى كورسىتىدۇ. بۇرۇن ئۇيغۇر تىلىدا دىيالېكت ۋە شى-
ۋە سوزلەرنى قوللىنىش - قوللانماسلىقتا خېلى ئىختىلاپلار بول-
سىمۇ، ئەدەبىي تىلنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، بۇ ئەھۋاللار
بىر قەدەر ئازايدى. لېكىن بەزى سوزلەرنى قوللىنىشتا بۇخىل
ئەھۋال يەنە ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ژۇدە بىلەن كوتىرەم،
ئاچا بىلەن ھەدە، ئايلا، يەلكە بىلەن ئوشنە، يوشۇرۇپ قويۇش
بىلەن سۇقۇپ قويۇش — تىقىپ قويۇش، يىغىش بىلەن جۇغ-
لاش — توپلاش ۋە باشقىلار.

بەدىي ئەسەرلەردە يەرلىك خۇسۇسىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇش
ئۇچۇن، بەزىدە دىيالېكت ۋە شىۋە سوزلىرىنى قوللىنىش مۇمكىن،
لېكىن قالايمىقان قوللىنىشتىن ساقلىنىش كېرەك. بولۇپمۇ ئادەت-
تىكى ئەسەرلەردە ئەدەبىي تىلدا تەگدىشى بار سوزلەرنى قوللان-
ماسلىقنى تەشەببۇس قىلىش زورۇر. چۇنكى مۇنداق سوزلەر ئەدە-
بىي تىلنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلۇشىغا ۋە ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا توس-
قۇن بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش
خىزمىتىدە، بىر تەرەپتىن، سوزلەرنى قوللىنىش جەھەتتىكى
دىيالېكت، شىۋە ئىختىلاپلىرىنى ھەل قىلىش، يەنە بىر تەرەپتىن،
يەرلىك سوزلەردىن پايدىلىنىپ، ئەدەبىي تىلنى بېيىتىشقا ئەھمى-
يەت بېرىش لازىم.

2) ئىجتىمائى ئادەت سوزلىرى

جەمىيەتتە ھەر قايسى كەسىپلەر، ھەرقايسى ساھەلەر ۋە ھەر-
خىل ئىجتىمائى كوللېكتىپلارنىڭ ئوزىگە خاس ئالاھىدە سوزلىرى
بولىدۇ. بۇنداق سوزلەر ئىجتىمائى ئادەت سوزلىرى دېيىلىدۇ.
ئىجتىمائى ئادەت سوزلىرى دائىرىسىگە كەسپىي سوزلەر، تېرمىن-

لار كىرىدۇ. دىنىي ساھەدە قوللىنىلىدىغان ئالاھىدە سۆزلەرمۇ ئىجتىمائىي ئادەت سۆزلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

مەلۇم كەسىپتىكى كىشىلەرگىلا ياكى شۇ كەسىپتىن خەۋىرى بار كىشىلەرگىلا چۈشىنىشلىك سۆزلەر كەسپىي سۆزلەر دېيىلىدۇ. بۇخىل سۆزلەر شۇ كەسىپ ساھەسىدە قوللىنىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

موزدۇزلۇقتا: بۇرەندە، بەلچە، دەردىن؛

باپكارچىلىقتا: ھالۋاپ، ئاتقۇچ، موكا، يىڭ؛

ياغاچچىلىقتا: رەندە، ئىسكەنە، چوت؛

تۆمۈرچىلىكتە: كەسكۈچ، بازغان ۋە باشقىلار.

پەن - تېخنىكا ساھەسىدە قوللىنىلىدىغان ۋە پەن - تېخنىكىدىن خەۋىرى بار كىشىلەرگە چۈشىنىشلىك سۆزلەر تېرمىن دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

خىمىيىدە: ھىدروگېن، فوسفور، ۋولفرام، ئوكسىگېن؛

پەلسەپىدە: بىرلەمچى، ئىدىيالىزىم، ماتېرىيالىزىم، دۇنيا قاراش؛

سىياسى - ئىقتىساتتا: قوشۇمچە قىممەت، كىرىزىس، كاپىتال؛

جۇغراپىيىدە: ئېكۋاتور، مېرىدىيان؛

تىلشۇناسلىقتا: لېكسىكا، ئاھاڭداشلىق، گىرامماتىكا ۋە باشقىلار.

پەن - تېخنىكىنىڭ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، پەن تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى - يېڭى تېرمىنلار پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بۇخىل سۆزلەرنى كەڭ ئامما دەماللىق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ. لېكىن پەن - تېخنىكىنىڭ، مەدەنىي - مائارىپنىڭ ئومۇملىشىشىغا، خەلقنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، تېرمىنلارنىڭ بەزىلىرى خەلققە چۈشىنىشلىك بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن: بۇرۇن تېرمىن ھېساپلىنىدىغان سوتسىيالىزىم، كوممۇنىزىم، تانكا، سۇنئىي ھەمرا قاتارلىق سۆزلەر ھازىر خېلى ئومۇملىشىپ قالدى. ئومۇمەن، كەسپىي سۆزلەر ۋە تېرمىنلار تىلنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

## 3. ئۇيغۇر تىلىدىكى تۈركى تىللارغا ئورتاق بولغان سۆزلەر ۋە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپ قىسمى تۈركى تىللار ئۈچۈن ئورتاق. مەسىلەن: مەن، سەن، ئۇ، ئاتا، ئانا، قىز، ئوغۇل، بالا، ئاكا، ئېغىز (ئاغىز)، كۆز، قۇلاق، تىل، قاش (قاس)، باش (باس)، ئاياق، قوي، يىلقا (جىلقا)، كالا، ئات، غاز (قاز)، قۇش (قۇس)، بۇغداي (بىداي)، قوغۇن (قاۋۇن)، تاۋۇز (تاربىز)، ئالما، تون، ئۆتۈك (ئېتىك)، كىگىز (كىيىز)، قوشۇق (قاسىق)، قازان، ئوغاق (ئوراق)، بۈگۈن، ئەته (ئېرتېڭ)، كەڭ (كېڭ)، تار، ئاق، كۆك، ئال، بار، تۈر، كەل (كېل)، ماڭ، يات، يۈر، جۈر (jür) ۋە باشقىلار. بۇلار لۇغەت تەركىۋىنىڭ ئاساسى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدە باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرمۇ خېلى سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇيغۇر خەلقى قەدىمدىن تارتىپ خەنزۇ ۋە باشقا مىللەت خەلقلىرى بىلەن بىللە ياشاش ۋە بىللە كۈرەش قىلىش نەتىجىسىدە، ئۇلارنىڭ تىللىرىدىن بىرمۇنچە سۆز - ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى خەنزۇ تىلىدىن، ئەرەب - پارس تىللىرىدىن قوبۇل قىلىنغان؛ رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ خىل سۆز - ئاتالغۇلار ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققىياتىدا ئاكتىپ رول ئوينىغان ۋە ئوينىماقتا. خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇر تىلىغا شۇ قەدەر سىڭىپ كەتكەنكى، ئۇلار ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاساسى لۇغەت تەركىۋىگە ئايلىنىپ قالغان. مەسىلەن: بەلدىڭ، تىزا، ساڭ، ياڭزا، جوزا، ساڭزا، چاي، سەي، گازىر، خاسىڭ.

شىنجاڭ ئازات بولغاندىن بۇيان، سىياسى، ئىقتىسادى ۋە مە-

دنىيەت جەھەتتىكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن تېخىمۇ كۆپ سۆز - ئاتالغۇلار قوبۇل قىلىندى. مەسىلەن: زۇڭلى، شۇجى، گۇڭشې، گوۋۇيۈەن، سۇلياۋ.

## ئەرەب - پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر

پارسلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭ بىلەن بولغان كېلىم - كېتىم ئىشلىرىنىڭ كۆپىيىشى، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭدا كەڭ تارقىلىشى ئارقىسىدا پارس تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەسىرى خېلى چوڭ بولۇپ، پارسچە بىرمۇنچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن. بۇ سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىغا شۇ قەدەر ئۆزلىشىپ كەتكەنكى، ھەتتا خېلى كۆپ بىر قىسمىنىڭ ئەسلىدە پارسچە سۆز ئىكەنلىكىنى بىلىشمۇ تەس. مەسىلەن: باغۋەن (باغوبان)، باراۋەر (بارابەر)، دانىشمەن (دانشمەند)، خانا (خانه)، جاڭجال (جەنجال)، چىراق (چراغ)، نامزات (نامزاد)، گوشت (گوش)، شۇناس (شناس)، روشەن (رەۋشەن)، ھەپتە (ھەفت)، ھەمرا (ھەمراھ)، ھۈنەرۋەن (ھۈنەرۋەند) ۋە باشقىلار. دېمەك بۇ سۆزلەر پارسچە ئەمەس، ئۇيغۇرچە بولۇپ كەتكەن.

پارس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان بەزى سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنىڭغا تەڭداش بولغان سۆزلەر بىلەن تەڭ قوللىنىلماقتا. مەسىلەن: ئاسمان بىلەن كۆك، شەبنەم بىلەن قىرو، پېشانە بىلەن ماڭلاي، تىللا بىلەن ئالتۇن، پىيادە بىلەن يالىڭاياق، شېرىن بىلەن تاتلىق ۋە باشقىلار.

پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن سۆزلەر يالغۇز ئىسىملارلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كى، ئۇچۈن، چۈنكى، گەرچە، ھەم، كاشكى، ياكى، گويا، ئەگەر، ھېچ، ھەر قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەر ۋە دار، كار، گەر، كەر، ۋەن، بە، بەد، نا قاتارلىق قوشۇمچىلارمۇ بار.

ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەبچە سۆزلەرنىڭ كىرىشى ئىسلام دىنىنىڭ

شىنجاڭغا تارقىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئەرەپلەر شىنجاڭغا ئىسلام دىنىنى پارسلار ئارقىلىق تارقاتقان. پارسلار ئىسلام دىنىنى خېلى بۇرۇنلا قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، پارس تىلىغا نۇرغۇنلىغان ئەرەپچە سۆزلەر كىرىپ ئۆزلەشكەن. ئۇيغۇرلار ئىس-لام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، تۈرلۈك دىنىي پائالىيەتلەر ۋە ئەرەپ - پارس ئەدەبىياتى ئارقىلىق توغرىدىن - توغرا ۋا-كى ۋاستىلىك ھالدا ئەرەپچە نۇرغۇن سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان. بۇ سۆزلەر ئىسلام دىنى شىنجاڭغا تارقىلىشقا باشلىغاندىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر قوللىنىلماقتا. مەسىلەن:

ئادەم، ئاساس، ئەرباپ (ئەرباب)، ئەقىل، ئەسۋاپ (ئەسباپ)، ئەتراپ (ئەتراف)، ئاخبارات، دائىم، دەرىجە (دەرەجە)، داۋام، دولەت (دەۋلەت)، دامى، دىققەت، پەن (فەن)، پائالىيەت (فەئالىيەت)، پەقەت (فەقەت) ئىبارەت، ھاسىل، ھېساۋات، ھۆرمەت، قانۇن، قارار، قائىدە ۋە باشقىلار.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا، بەلكى، ئەمما، لېكىن، ۋە، ۋاھالەنكى قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەر بىلەن ۋى، مى، ەن قاتارلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارمۇ ئۇيغۇر تىلىغا ئەرەپ تىلىدىن كىرگەن.

ئۇيغۇر يېزىق تىلىدا خېلى بىر مەزگىل ئەرەپ - پارس تىل-لىرىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ كۆپ قوللىنىلىشى ئارقىسى-دا يېزىق تىلى جانلىق تىلدىن بىرئاز يىراقلىشىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامما ئەرەپچە، پارسچە بىر قىسىم سۆزلەرنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇيغۇر تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى ئوتتۇرلىغاندىن كېيىن، قالايمىقان ئىشلىتىلىۋاتقان، ھاجەت-سىز بولغان ئەرەپچە، پارسچە سۆزلەر ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەر-كىۋىدىن قالدۇرۇلدى.

### رۇس تىلى ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارا تىللاردىن كىر-گەن سۆزلەر

سوۋېت ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەسىرى، سو-

ۋېت ئىتتىپاقىدىكى رۇس ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن بېرىش-كېلىش قىلىش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە ئۇيغۇر تىلىغا 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرىدىن باشلاپ، رۇس تىلىدىن ۋە رۇس تىلى ئارقىلىق خەلقارا تىللاردىن بىر قىسىم سۆزلەر كىرىپ ئۆزلەشتى. رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئىقتىسات، مەدەنىيەت ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئائىت سۆزلەردىن ئىبارەت. مەسىلەن: پەتنۇس، پەمدۇر، بەتىنكە، ساماۋار، يەرمەنكە، رادىيو، ماشىنا، ئۇستەل، كالاچ، بوتۇلكا، كورۇشكا، سومكا، نېفىت، ئېلېكتىر، ئىستانوك، سېمونت، تىرانسپورت، سىيالكا.

رۇس تىلى ئارقىلىق باشقا تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سۆز ۋە تېرمىنلار ئەسلى غەربىي ياۋروپا تىللىرىغا مەنسۇپ. بۇ سۆز - تېرمىنلار ئىلىم - پەن، تېخنىكا، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە قوللىنىلماقتا. مەسىلەن:

يۇنانچە سۆزلەر:

گىپس، دىيالېكت، ئىدىيە، مېتال، ئورگان، ماگنىت، سىنتاكسىس، فىزىكا، لوگىكا، گىراماتىكا، لېنتا، پەيلاسوپىيە، لېكسىكا، پىسخولوگىيە.

لاتىنچە سۆزلەر:

ئاپتور، ئوپېراتسىيە، فورمۇلا، دىكتاتۇرا، ئېكسكۇرسىيە، لابوراتورىيە، سېرىنك، ئابستىراكتسىيە.

نېمىسچە سۆزلەر:

لاگېر، ئوردېن، ئوفىتسېر، ئىشتاپ، كىران، فورمات، باليت، گالىستۇك.

فرانسۇزچە سۆزلەر:

كاستۇم، پەلتۇ، كابىنېت، كەمپىت، ئاۋانگارت، ئاتاكا، ساليۇت، گارنىزۇن، گېنېرال، لېيتېنانت، كارىدور، نەفتەلىن.

ئىنگلىزچە سۆزلەر:

رېلىس، تىراموۋاي، كۇلۇپ، پۇتبول، ۋاسكىتبول، ۋالىبول، بوكس،

ئىتالىيانچە سۆزلەر:

ئوپېرا، بانكا، گۇرۇپپا، گېزىت.

ئۇيغۇر تىلى تارىختا باشقا تىللاردىن يېڭى ئۇقۇم ۋە يېڭى چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ كەلگەن. سۆز مەنبەسىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا ئەزەلدىن بار سۆزلەر بىلەن باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەردە بەزى پەرقلەر بولسىمۇ، لېكىن باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇيغۇر تىلى قانۇنىيىتىنىڭ تەسىرىدە ئۇيغۇر تىلىدا بۇرۇندىنلا بار سۆزلەرگە ئوخشاشلا كەڭ قوللىنىلىپ كېلىنمەكتە. ئۇيغۇر تىلىدىكى باشقا تىللاردىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتى شۇنى چۈشەندۈرۈپ بەردىكى، ئۇيغۇر تىلى باشقا تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ لۇغەت تەركىۋىنى بېيىتىپ، ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرغان،

## § 18 - ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققىياتى

بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى شۇ تىلنىڭ تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدىغان مۇھىم ئامىللاردىن بىرى. بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەر قانچە كۆپ، مەنىلىرى قانچە چوڭقۇر ۋە خىلمۇخىل بولسا، ئۇ تىل شۇنچە باي ۋە تەرەققىي تاپقان تىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىنىڭ باي بولۇشى ئۇزۇن مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىياتنىڭ نەتىجىسى. ئەڭ دەسلەپكى يېزىق يادىكارلىقلىرىمىزدا قوللىنىلغان سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدىكى سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرىنى سېلىشتۇرساق، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ سان جەھەتتىن كۆپ،

مەنە جەھەتتىن كەڭ، ئىپادىلەش كۈچى جەھەتتىن يۇقۇرى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. لېكىن ھازىرغىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇكەممەل بىر ئىزاھلىق لۇغىتى تۈزۈپ چىقىلمىدى. شۇڭا ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدە زادى قانچىلىك سوز بارلىغى ھازىرچە مەلۇم ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى ۋە ئالاقە ئېھتىياجىدا ئوينىۋاتقان روللىغا قاراپ خېلى تەرەققى قىلغان بىر تىل دېيىشكە بولىدۇ.

بىر تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققىياتى، ئاساسەن، لۇغەت تەركىۋىدىكى ئوزگىرىشتە كورۇلىدۇ. ھازىرغا قەدەر بولغان ئۇزاق تارىخي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدىكى ئوزگىرىش يېڭى سوزلەرنىڭ داۋاملىق لۇغەت تەركىۋىگە كىرگەنلىكى، بىر قىسىم سوزلەرنىڭ ئىستىمالدىن قېپقالغانلىقى ۋە يەنە بىر قىسىم سوزلەرنىڭ شەكىل ۋە مەنىلىرىدە ئوزگىرىش بولغانلىقىدا كورۇلىدۇ.

## 1. ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىنىڭ يېڭى سوزلەر بىلەن بېيىشى

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلىپ تۇرۇشى، يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەرنىڭ ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇرۇشىغا ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى ئوسىدۇ، يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ھادىسىلەر ھەققىدە يېڭى تونۇش ۋە يېڭى چۈشەنچىلەر پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھال تىلنىڭ ئوزىنى شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا يېڭى سوز - ئاتالغۇلار بىلەن تولۇقلاپ، ئالاقە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ، نەتىجىدە تىلدا يېڭى سوز - ئاتالغۇلار پەيدا بولۇپ، ئالاقە ئېھتىياجىنى قامدايدۇ. بۇ ئۇقتىدىن قارىغاندا، تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى ئوزگىرىپ - تولۇقلىنىپ تۇرىدىغان قىسىم ھېساپ-

لمندۇ. شۇڭا لۇغەت تەركىۋنڭ تەرەققياتدكى ئاساسي ئېقم
لۇغەت تەركىۋنڭ ئۆزنى يېڭى - يېڭى سۆزلەر بىلەن بېيى-
تش بولۇپ ھسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر تلى لۇغەت تەركىۋنڭ تە-
رەققياتمۇ خۇددى شۇنداق. ھازر ئۇيغۇر تلىدكى يېڭى
سۆز - ئاتالغۇلار كۆنرىغان سۆز ۋە ئاتالغۇلارغا قارىغاندا
مۇتلەق كۆپ سانني تەشكىل قىلدۇ.

كوممۇنستك پارتيىنڭ رەھبەرلكدە، شنجاڭ ئازات بول-
غاندىن كېيىن، ئەسرلەر بويى قۇللۇق ۋە فېودالىق ئاسارەتتە
ياشاپ كەلگەن ھەر مللەت خەلقى سوتسيالستك ئنقلاپ
ۋە سوتسيالستك قۇرۇلۇش يولىغا قاراپ ماڭدى. ھەر مللەت
خەلقنڭ يېڭى مللى مۇناسۋەتىدە يېڭى شەيئلەر، يېڭى ھادى-
سلەر، يېڭى ئۇقۇم - چۈشەنچلەر بارلىققا كەلدى. بۇ
ئەھۋال ئۇيغۇر تلىنىڭ مۇنداق رىياللىققا ئۇيغۇنلىشىپ
بېرىش تەلىۋىنى كەلتۈرۈپ چقاردى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر
تلدا تەرەققي قىلىش، ئۆزنىڭ ئپادىلەش كۈچنى ئاشۇرۇش
خاھشى بارلىققا كەلدى. نەتجىدە مۇنداق يېڭى مەنزرە يېڭى
سۆز - ئاتالغۇلار بىلەن ئپادىلىنىشكە باشلىدى. مەسلەن: ئوت-
كۈنچى دەۋر، ئالەم كېمىسى، ئقتسادچانلىق، ئرىشچانلىق، بۆي-
رۇقچىلىق، تورىچلىك، سوتسيالستك ئنقلاپ ۋە باشقىلار.

تللاردا يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى ئشلەش پرنسپى ۋە
ئۇسۇللىرى ئوخشاش بولماسلىقى مۇمكن. ئۇيغۇر تلىنىڭمۇ بۇ
جەھەتتە ئۆزگە خاس ئالاھىدىلىكى بار.

ئۇيغۇر تلدا يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى ئشلەش پرنسپ-
پى تۆۋەندىكىچە:

يېڭىدىن تۈزۈپ چقىلغان سۆز - ئاتالغۇلار جەمىيەتنڭ، تل-
نڭ تەرەققيات قانۇنيىتىگە ۋە ئوبيېكتپ تەلەپكە ئۇيغۇن
بولۇشى كېرەك. ئۇلارنىڭ مەنىسى ئېنىق، چۈشنشلىك، خەلق
ئاممىسنڭ قوللنىشىغا ئاسان بولۇشى لازم. يېڭى ئۇقۇم ۋە يېڭى
چۈشەنچلەرنى ئپادىلەشتە، ئالدى بىلەن، ئەدبىي تلىمزدى-

كى تىل ماتېرىياللىرىدىن، دىئالېكت ۋە شىۋە سۆزلىرىدىن، شۇنىڭدەك قەدىمقى تىل ماتېرىياللىرىدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش كېرەك، بۇمۇ يېتىشمىگەندە قېرىنداش مىللەت تىللىرىغا، ئۇنىڭدىن قالسا چەت تىللارغا مۇراجەت قىلىش لازىم.

ئۇيغۇر تىلىدا يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى ئىشلەش ئۇسۇلى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئۇيغۇر تىلىدىكى بار ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى ياساش. بۇ — باشقا تىللاردىكى يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى ئۆز تىلىمىزنىڭ ماتېرىياللىرى ئاساسىدا تەرجىمە قىلىش ياكى شۇ ئاساستا يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى يارىتىش ئۇسۇلى. ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار خېلى كۆپ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى سۆز يىلتىزىغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياساشقا بولىدۇ.

مەسىلەن: مەيدانلاشتۇرۇش، بۇيرۇقۋازلىق، تەۋەككۈلچىلىك، تەسلىمچىلىك، شەكىلۋازلىق، ئىقرارنامە، ۋەتەنپەرۋەرلىك، يۈرۈشلەشتۈرۈش، نامۇۋاپىق، گۈللەندۈرۈش، ۋاكالەتنامە، قانۇنچە، باياناتچى، بىتەرەپلىك، ناھەق ۋە باشقىلار.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنى بىرىكتۈرۈش ئاساسىدا يارىتىلغان سۆزلەرمۇ خېلى بار. بۇمۇ ئۆز تىلىمىزدىكى ماتېرىياللار ئاساسىدا يارىتىلغان سۆزلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى، ئىشلەپچىقىرىش، سۇ ئامبىرى، باشماقالا، بىر تەرەپلىمىلىك، ئەدەپ - قائىدە، ئومۇم يۈزلۈك، ئىككى يۈزلىمە، سىنىپىي كۆرەش، ھېساۋات بىرلىكى، تەقسىم قىلىش، قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەش، شەخسكە چوقۇنۇش ۋە باشقىلار.

ئۇيغۇر تىلىدا بار ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ يارىتىلغان

يېڭى سۆزلەرنى ئامما تېز چۈشىنىدۇ، شۇڭا بۇ خىل سۆز-ئاتالغۇلارنىڭ ئومۇملىشىشىمۇ ئاسان بولىدۇ.

(2) باشقا تىللاردىن يېڭى سۆز-ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش

باشقا تىللاردىن يېڭى سۆز-ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق لۇغەت تەركىۋىنى بېيىتىش — يېڭى سۆز-ئاتالغۇلارنى يارىتىشتىكى يەنە بىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇل.

## 2. يېڭى سۆزلەرنىڭ كونا سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئېلىشى ۋە بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئېھتىياجدىن قېلىشى

تەرەققىيات جەريانىدا، تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋىدىكى بەزى سۆزلەر كونا شەيئىلەرنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىستېمالدىن قېپقالىدۇ. مۇنداق سۆزلەر يېزىقى بار مىللەتلەرنىڭ تارىخىي يادىكارلىقلىرىدا تارىخىي سۆزلەر شەكلىدە ساقلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ ئېھتىياجدىن قېلىپ، تارىخىي سۆزلەرگە ئايلىنىپ كېتىشىگە كەلسەك، يازما يادىكارلىقلار قالمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى ئەھۋال بىزگە مەلۇم ئەمەس. بىزنىڭ دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن يازما يادىكارلىقلاردىن قارىغاندا، قەدىمقى تۈرك-رونىك يېزىقىدا (ئۇرخۇن-يەنسەي يېزىقىدا) خاتىرىلەنگەن بىر قىسىم سۆزلەر ئېھتىياجدىن قالغان ياكى ئۇلارنىڭ ئورنىنى باشقا يېڭى سۆزلەر ئالغان. مەسىلەن: يىغان (كەمبەغەل)، ياغى (دۈشمەن)، يەك (جىن)، قاپىغ (دەرۋازا)، ساب (خەۋەر)، يارلىقا (مەدەت قىلىش، خالاش) قاتارلىق سۆزلەر ھازىر قوللىنىلمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، يازۇق (گۇنا)، بالىغ (شەھەر)، تىنلىغ (جانلىق، جانىۋار)، ئوكۇس (كۆپ)، تانۇغ (گۇۋاچى)، قاڭلى (ھارۋا)، ئەدگۈ (ياخشىلىق)، جاب (شۆھرەت)، ئازىن (باشقا) دېگەن سۆزلەرنىڭ ئورنىنى باشقا سۆزلەر ئالغان.

ئەرەپ يېزىقى يادىكارلىقلىرىدىكى نىشكاغا (مەنسەپ نى-

مى)، كەپسەن (ئاشلىق بېجى)، بولۇس (مەنسەپ ئىسمى)، خەمە (قەلەم)، يارلىق (بۇيرۇق)، ئاغاز (باشلاش)، تىلماچ (تەرجىمان) قاتارلىق سوزلەرمۇ هازىرقى تىلىمىزدا قوللىنىلمايدۇ، ياكى ناهايىتى ئاز قوللىنىلىدۇ.

كونىراپ ئېھتىياجدىن قالغان سوزلەر هازىر خەلق جانلىق تىلىدا قوللىنىلمىسىمۇ، لېكىن تارىخىي دەۋرلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەدىي ئەسەرلەردە قوللىنىلىشى مۇمكىن.

## 3. سوز شەكلى ۋە سوز مەنىسىدىكى ئوزگىرىش

سوز شەكلى ۋە سوز مەنىسىدىكى ئوزگىرىشمۇ لۇغەت تەركىۋىنىڭ تەرەققىياتىنى كورسىتىدىغان بىر خىل هادىسە هېساپلىنىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سوزلەرنىڭ تاۋۇش ئوزۇلۇشىدىكى ئوزگىرىش هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگىچە بولغان تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كورۇلگەن قانۇنىيەتلىك بىر خىل هادىسە. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى د نىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ي غا ئوزگىرىپ كېتىشى، بىرىنچى بوغۇمى ئوچۇق بوغۇم بولغان كوپ بوغۇملۇق سوزلەردە ئا نىڭ ئو (O) غا ئوزگىرىپ كېتىشى ۋە باشقىلار شۇ خىل ئوزگىرىش هادىسىسىگە ياتىدۇ. مەسىلەن: ئاچۇق (ئوچۇق)، يارۇق (يورۇق)، تاقاغۇ (توخۇ)، خاتۇن (خوتۇن)، ئادرىلىش (ئايرىلىش)، قادغۇ (قايغۇ)، بەدۇك (بۈيۈك)، قاداش (قاياش) ۋە باشقىلار.

سوز مەنىسىدىكى ئوزگىرىش — سوز مەنىسىنىڭ كېڭىيىشى، تارىيىشى، كوچىيىشى قاتارلىق جەهەتلەردە كورۇلىدۇ. بۇ هەقتە كىتاۋىمىزنىڭ 14-پاراگرافىدا ئالاهىدە توختىلىپ ئوتتۇق.

## 4. ئەدەبىي تىل لۇغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش

ئەدەبىي تىل — مەدەنىيەتنىڭ مەھسۇلى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان كۈچلۈك قورال. ئەدەبىي تىل قانچە ساغلام تەرەققىي قىلسا، ئۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىنى شۇنچە ياخشى ئادا قىلالايدۇ. ئەدەبىي تىل لۇغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش — سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنى ئېنىقلاش، مۇۋاپىق بولغانلىرىنى تۇراقلاشتۇرۇش، مۇۋاپىق بولمىغانلىرىنى تىلدىن چىقىرىپ تاشلاشتىن ئىبارەت ئەمەلىي خىزمەت بولۇپ، لۇغەت تەركىۋىنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىرلەرنىڭ بىرى.

ئازادلىقتىن بۇيان، پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى لۇغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇيغۇر تىلىنى تەكشۈرۈش — تەتقىق قىلىش ئىشى بىرنەچچە قېتىم ئېلىپ بېرىلدى، يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى يارىتىش پرىنسىپى قايتا - قايتا مۇھاكىمە قىلىندى. بۇنىڭ بىلەن تىل - يېزىق خادىملىرى يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى يارىتىشتا ئەمەل قىلىش لازىم بولغان ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللارنى بىر قەدەر ئايدىڭلاشتۇرۇۋالدى. نۇرغۇن يېڭى سۆز - ئاتالغۇلار يېزىقتا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. لېكىن يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى يارىتىش ۋە قوللىنىشتا بەزى قالايمىقانچىلىقلارمۇ يۈز بېرىپ تۇردى. شۇڭا ئەدەبىي تىل لۇغەت تەركىۋىدە قېلىپلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك مەسىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇ مەسىلىلەر، ئاساسەن، يېڭى سۆز - ئاتالغۇلارنى ئىشلەش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلى ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرگە تولۇق رىئايە قىلماسلىق، نەتىجىدە بىر قىسىم سۆزلەرنى قوللىنىشتا بىرلىككە كېلەلمەسلىك (بىر سۆزنىڭ بەزىدە خەنزۇچىسىنى، بەزىدە رۇسچىسىنى ۋە بەزىدە ئۇيغۇرچىسىنى قوللىنىش)، ئەدەبىي

تىلدا ئەگدىشى بار دىيالېكت، شېۋە سۆزلىرىنىمۇ قوللىنىش، قەدىمقى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ھاياتىي كۈچكە ئىگە سۆزلەردىن پايدىلىنىشقا سەل قاراشتەك مەسىلىلەردىن ئىبارەت.

مەلۇمكى، تېرمىن، يۇقۇرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، يەككە مەنىلىك بولۇشى كېرەك. ئوخشاش بىر ئۇقۇم ھەققىدە ئىككى تېرمىننى قوللىنىش ياكى بىرەر سۆزنىڭ كېڭەيگەن مەنىسى ئاساسىدا تېرمىن ياساش پەن-تېخنىكا ساھەسىدە قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىي تىل لۇغەت تەركىۋىدە قېلىپلاشتۇرۇشقا تېگىشلىك مەسىلىنىڭ يەنە بىرى — پەن-تېخنىكا تېرمىنلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئەدەبىي تىل لۇغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدە، تىلنىڭ كەڭ ئاممىنىڭ ئالاقىلىشىش قورالى ئىكەنلىكىنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، ماۋ جۇشىنىڭ «تىلنى خەلق ئاممىسىغا يېقىنلاشتۇرۇش كېرەك» دېگەن تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىنى كەڭ خەلق تىلى ئاساسىدا ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

## 19- § تۇراقلىق ئىبارىلەر

ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىدىكى بەزى سۆزلەرنىڭ بىرىكمىشى تۇراقلىق بولۇپ، مۇكەممەل بىر مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بۇ خىل سۆزلەر تۇراقلىق ئىبارە دېيىلىدۇ. تۇراقلىق ئىبارىلەرگە ماقال-تەمسىللەر ۋە ئىدىيوملار كىرىدۇ.

### 1. ماقال-تەمسىللەر

تىلدا قوللىنىش ماتېرىيالىلىق رول ئوينايدىغان، تۈزۈلۈشى قىسقا ھەم ئىخچام، تۇراقلىق بولۇپ، چوڭقۇر مەنىلەرنى ئىپا-

دىلەيدىغان ئەقلىيە سۆزلىرى ماقال - تەمسىل دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە.
ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.
بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويما.
قىيىن ئىش يوق ئالەمدە،
كۆڭۈل قويغان ئادەمگە.
ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكرەر،
يامغۇر بىلەن يەر (كۆكرەر).
ئاسماندا تور، يەردە قاپقان.

قىيما - چىيما قىلىنىشتىن قورقمىغانلار خاننى ئاتتىن چۈشۈرەلەيدۇ.

ماقال - تەمسىللەر خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تارىختىن بۇيانقى تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئارقىسىدا ھاسىل قىلغان قىممەتلىك ئوي - پىكىرلىرىنىڭ تىلدا ئىپادە قىلىنغان شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ماقال - تەمسىللەر — چوڭقۇر مەنىگە ئىگە تىل بىرلىكى. ئەمگەك قىلىشنىڭ ئەھمىيەتلىك ۋە شەرەپلىك ئىش ئىكەنلىكىنى كۆپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا "ئىشلىسەڭ چىشلەيسەن" ياكى "ئىشلىگەننىڭ يۈزى يورۇق، ئىشلىمىگەننىڭ يۈزى چورۇق" دېگەن ماقاللارنى قوللىنىش كۇپايە. چۈنكى بۇ ماقاللار مەزكۇر ئوي - پىكىرنى ئادەتتىكى جۈملىلەر بىلەن ئىپادە قىلغانغا قارىغاندا ھەم ئىخچام، ھەم كىشىلەرگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدۇ. ماقال - تەمسىللەرنىڭ مۇنداق چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بولۇشىنى ئۇنىڭ ئوبرازلىق تۈزۈلگەنلىكىدىن، بايان قىلىنغان ئوي - پىكىرنىڭ ھەقىقەتەن خەلقنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش سىنىقىدىن ئۆتۈپ ئىسپاتلانغانلىقىدىن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

ماقال - تەمسىللەر مەلۇم دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولماستىن،

بەلكى خەلقىمىز بېسىپ ئۆتكەن پۈتۈن تارىخىي جەريانىنىڭ مەھسۇلى، خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق دەۋرلەر جەريانىدا توپلىغان قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى. ئۇنىڭدا خەلقىمىزنىڭ دۇنيا قاراشلىرى، ئەقىل - پاراسىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بىز ھەر بىر تارىخىي جەرياندا مەلۇم ماقال - تەمسىللەرنىڭ يارىتىلىپ، خەلقىمىزنىڭ تىل بايلىقىغا قوشۇلۇپ بېرىۋاتقانلىقىنى، بەزى ماقال - تەمسىللەرنىڭ ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان قوللىنىپ كېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن: 11- ئەسىردىكى «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» تە "كىشى ئالىسى ئىچىدە، يىلقى ئالىسى تېشىدا"، "ئاچ نە يېمەس، توق نە دېمەس" قاتارلىق ماقاللارنى ئۇچرىتىمىز. بۇ ماقاللار ھازىرمۇ قوللىنىلماقتا.

ماقال - تەمسىللەر ئوي - پىكىرنى ئىخچام، تەسىرلىك، ئوبرازلىق ئىپادە قىلغانلىقى ئۈچۈن، قىلغان سۆزىمىز ۋە يازغان ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئاددىي، مېغىزلىق، تەسىرلىك، چۈشىنىشلىك، راۋان بولۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. لېكىن ماقال - تەمسىللەرنىڭ ھەممىسىنى ئىجابىي تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى سىنىپىي جەمئىيەتتە ھەرقايسى سىنىپقا مەنسۇپ كىشىلەر ئۆز كۆز قاراشلىرىنى ماقال - تەمسىلدىن ئىبارەت بۇ تىل شەكلى بىلەن ئىپادىلىگەن. ئەمگەكچى خەلق ئۆز ماقال - تەمسىللىرىدىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا قارشى كۈرەش قورالى سۈپىتىدە پايدىلىنىپ، ئۇلارنى پاش قىلغان، مەسخىرە قىلغان بولسا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارمۇ مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ فېئوداللىق كۆز قاراشلىرىنى ئىپادىلەپ، كىشىلەرنى زەھەرلەشكە ئۇرۇنغان. مەسىلەن:

ئوڭدا ياتقان گىردە يەپتۇ،
كەتمەن چاپقان جىگدە (يەپتۇ).
گەپ قىلساڭ تىلىڭنى كېسىمەن دەيدۇ،
قارىساڭ، كۆزۈڭنى ئويىمەن دەيدۇ.

دېگەن ماقاللاردا ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەزگۈچى سىنىپلارنى

پاش قىلىش، قامچىلاش ۋە ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىش رو-
ھى ئىپادىلەنگەن بولسا،

ئېرىقنىڭ يېنىنى ئال،
چاكارنىڭ جېنىنى (ئال).
قۇل ئات مىنسە،
چىقمىغان دوڭى قالماس،
دىدەك مۇنچاق ئاسسا،
كىرمىگەن تويى قالماس.

دىگەن ماقالىلاردا بولسا ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئەمگەكچىلەرنى
مەسخىرە قىلىش، پەس كۆرۈشتەك رەزىل كۆز قارىشى ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭا ماقال - تەمسىللەرنى پورولېتارىياتلىق كۆز
قاراش ۋە پورولېتارىياتلىق سىنىپىي مەيداندا تۇرۇپ ئۆگىنىشىمىز
ۋە ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم.

ئەمگەكچى خەلقنىڭ ماقال - تەمسىللىرى، قانچىلىك ئۇزاق
تارىخقا ئىگە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ تەربىيە-
ۋى ئەھمىيىتىنى يوقاتمىغان. بۇ خىل ماقال - تەمسىللەردە با-
يان قىلىنغان پىكىرلەر بىزنى ۋەتەن سۆيەر، ئەمگەكچان، باتۇر،
كۈرەشچان، راستچىل، بىلىملىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. شۇڭا
خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى ياخشى، ئەتراپلىق ئۆگىنىش،
تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىش لازىم.

خەلق ماقال - تەمسىللىرى تولۇق ئۆگىنىپ كېتىلگەن ئەمەس،
ھازىرغىچە ماقال - تەمسىللەرنىڭ مەنە ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدى-
لىكلىرى تەھلىل قىلىنغان تۈزۈكرەك بىرەر لۇغەتمۇ (ماقال - تەم-
سىللەر لۇغىتى) ئىشلەپ چىقىلمىدى، شۇڭا ماقال دىگەن نىمە؟
تەمسىل دىگەن نىمە؟ بۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى قان-
داق؟ دىگەن مەسىلىلەر قانائەتلىنەرلىك ھەل بولمايۋاتىدۇ. بىز-
نىڭ تونۇشىمىزچە، ماقال بىلەن تەمسىلنى ئوزئارا پەرقلەندۈ-
رۈش قىيىن، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەت-

لىرى بىلەن بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

ماقالدا تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئوي - پىكىرلەر ئۇدۇل ئىپادىلىنىدۇ. تەمسىلدە بولسا، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىدىن يەكۈنلەنگەن ئوي - پىكىرلەر ئۇدۇل ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارنىڭ ياكى باشقا شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىگە تەتبىق قىلىش، ئوخشىتىش ئارقىلىق بىر ئاز ئايلانما يول بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ماقال:

يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس.

تومۇرنى قىزىغىدا سوق.

تەمسىل:

ياتقان ئۆيگە يەم يوق.

ئىككى پاختەكنى بىر چالمىدا سوقۇش.

## 2. ئىدىيوملار

تۇراقلىق ھالدا بىرىككەن، ئەسلى مەنىسىدىن باشقا مەنە ئىپادىلەيدىغان تۇراقلىق ئىبارىلەر ئىدىيوم دېيىلىدۇ. ئىدىيوملارنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا ياكى باشقا سۆزلەرنى قوشۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئىدىيوملار مەنە جەھەتتىن مۇكەممەللىككە، قۇرۇلۇش جەھەتتىن تۇراقلىققا ئىگە بولىدۇ. شۇنداقلا ئىدىيوملارنى سۆزمۇ - سۆز تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئىدىيوملارنىڭ تەركىبىدە قانچە سۆز بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇلار بىر تۇتاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بېشىغا قارا تاغ يىقىلماق، دېسەك، بۇ قانداقتۇ بىر كىشىنىڭ بېشىغا قارا تاغ يىقىلغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى بىر كىشىنىڭ بىرەر ئىشنى قىلىشتا قىينىلىپ، ئىلاجسىز قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمدى «ئاغزىنى تاتلىق ئەتمەك (قىلماق) دېسەك، بۇ قانداقتۇ بىرسىنىڭ ئۆز ئاغزىغا شېكەر، ناۋات قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئاغزىنى تاتلىق

قىلغانلىقىنى ئەمەس، بەلكى قۇرۇق خىيال بىلەن ئۆزىنى - ئۆزى
خوشال قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىدىيوملار جۈملىدە بىر سۆزدەك قوللىنىلىدۇ ۋە مۇقىم لېكسى-
كىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ؛ جۈملىدە ئۆز ئالدىغا مەلۇم سىنتاكسى-
لىق ۋەزىپە ئۆتەپ، جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ ھەمدە تۈرلۈك
گراممatikilik شەكىللەر بىلەن تۈرلىنىۋېرىدۇ. مەسىلەن: بۇنى
كۆرۈپ، بوۋاي بىلەن موماينىڭ خوشاللىقتىن يۈرەكلىرى ئويناپ،
بېشى ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى دېگەن مىسالدىكى يۈرەكلىرى
ئويناپ كېتىش، بېشى ئاسمانغا يېتىش دېگەن ئىدىيوملار جۈملى-
دە خۇددى بىر سۆزدەك رول ئويناپ كەلگەن.

ئىدىيوملار تىلدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. چۈنكى ئىدى-
يوملاردىن ئىستىلىستىك ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلانغاندا، تىلنىڭ
بەدىئىلىكىنى ۋە ئاممىباپلىقىنى ئاشۇرىدۇ، ئابستراكت چۈشەنچى-
لەرنى كونكرېتلاشتۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ، تىلغا ئېنىقلىق، جانلىق-
لىق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلاپ، ئوي - پىكىرنى ئىخچام ئوبراز-
لىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن:

ئەلەملەر دەستىدىن دەريا بولۇپ ئاققاندا كۆز يېشىم،
سىلاپ باشىمنى ماۋ جۇشى تۆكەتتى ئاھۇ - زارىمنى

(«شىنجاڭ گېزىتى» دىن)

دېگەن مىسرالاردىكى "بېشىنى سىلىماق" دېگەن ئىدىيوم جايىدا
قوللىنىلغانلىقتىن، شائىرنىڭ پىكرى جانلىق، ئوبرازلىق ئىپادى-
لەنگەن.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىدىيوملارنىڭ ئىشلىتىلىش
دائىرىسىگە ۋە ئوبيېكتقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم. مەسى-
لەن: "ئاغزى قۇلىقىغا يەتمەك"، "ئاغزى يالاقتەك بولۇپ كەتمەك"
دېگەن ئىدىيوملار ئوخشاشلا خوشاللىقنى بىلدۈرسىمۇ، بۇلارنىڭ
قوللىنىش ئوبيېكتى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنى ئوخشىمايدۇ. چۈنكى "ئاغ-
زى قۇلىقىغا يەتمەك" دېگەن ئىدىيوم ئىجابىي شەخسلەرنىڭ خو-
شاللىقى ئۈچۈن ئىشلىتىلسە، "ئاغزى يالاقتەك بولۇپ كەتمەك"

دىگەن ئىدىيوم سەلبىي شەخسنىڭ خۇشال بولغانلىقىنى ئۈچۈن قول-
لىنىلىدۇ.

ئىدىيوملار جەمىيەتنىڭ، تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ،
بارغانسىرى كۆپەيمەكتە. ئازاتلىقتىن بۇيان، تەرجىمە تىلى ئارقى-
لىق نۇرغۇنلىغان ئىدىيوملار ئۆزلىشىپ، تىلىمىزنى تېخىمۇ بې-
يىتماقتا. مەسىلەن:

ئاغرىقتا قاراپ دورا بېرىش،
كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش،
ئاتلىق يۈرۈپ گۈل كۆرۈش

ۋە باشقىلار.

ئىدىيوملار مەيلى جانلىق تىل ۋە مەيلى يېزىق تىلىدا بول-
سۇن، ئوي - پىكىرنى ئىخچام، جانلىق، ئوبرازلىق، تەسىرلىك ئى-
پادىلەشتە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئىدىيوملارنى ئوب-
دان ئۆگىنىش ۋە ئۇلاردىن توغرا پايدىلىنىش بىلەن بىللە، ئۇ-
لارنى توپلاش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىغا ئالاھىدە كۆ-
ڭۈل بۆلۈش كېرەك.

ماقال - تەمسىللەر بىلەن ئىدىيوملار ئوخشاشلا تۇراقلىق ئىبا-
رىلەر بولسىمۇ، يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىستىلىستىك ۋاستە سۈ-
پىتىدە قوللىنىلىدىغان، ئوي - پىكىرنى ئىخچام، جانلىق، ئوبراز-
لىق ئىپادىلەشتەك ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، يۇقۇرىدا
كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك، ھەرقايسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدى-
لىكلىرى بار. شۇڭا بۇلارنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويماسلىق كېرەك.

# بەشىنچى باپ گىرامماتىكا ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە

## 20 - § گىرامماتىكا ۋە ئۇنىڭ رولى ھەم ئوبيېكتى

گىرامماتىكا دېگەن ئاتالغۇ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ھەم تىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى، ھەم تىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى ئىلىم دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: سۆزلىگەن سۆزۈڭنىڭ گىرامماتىكىسى توغرا ئەمەس، دېگەن جۈملىدە گىرامماتىكا سۆزى كونكرېت تىل قائىدە - قانۇنىيەتلىرى مەنىسىدە قوللىنىلغان بولسا، بىز گىرامماتىكىنى ئوبدان ئۆگىنىشىمىز كېرەك دېگەن جۈملىدە تىل قائىدە - قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى ئىلىم دېگەن مەنىدە قوللىنىلغان.

لۇغەت تەركىبىنىڭ يالغۇز ئۆزىلا ئالاقە ئېھتىياجىنى تولۇق تەمىنلەپ كېتەلمەيدۇ. كىشىلەر تىلدىكى ئايرىم - ئايرىم سۆزلەر ئارقىلىق مەلۇم شەيئى ياكى مەلۇم ھادىسە ھەققىدىكى ئۇقۇمنى ئىپادىلىشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن تولۇق ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىشى مۇمكىن ئەمەس. پەقەت سۆزلەر ئۆزئارا مەلۇم قائىدە - قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا باغلانغاندىلا، يەنى مەلۇم جۈملە شەكلىگە كىرگەندىلا، ئاندىن مەقسەتنى ئۇقتۇرالايدۇ. مانا شۇ قائىدە - قانۇنىيەتلەر تىلنىڭ گىرامماتىكىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: بىر، ئۇزاق، ناھايىتى، جەمئىيەت، سوتسىيالىستىك، باسقۇچ، تارىخى دېگەن 7 سۆزنى مۇشۇنداق تەرتىپسىز ھالدا، يەنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانمىغان ھالدا بىر يەرگە يىغىپ قويغاندا، بۇنىڭدىن مۇشۇ 7 سۆزنىڭ

ئايرىم - ئايرىم ئۇقۇملىرى ئىپادىلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن سۆزلىگۈچى-
نىڭ بۇ 7 سۆز ئارقىلىق ئېيتماقچى بولغان ئوي - پىكرى ئىپادى-
لەنمەيدۇ؛ پەقەت بۇ سۆزلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ
گىرامماتىكىلىق قائىدىسىگە ئاساسەن، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت —
ناھايىتى ئۇزاق بىر تارىخىي باسقۇچ دېگەن شەكىلدە باغلىنىپ
كەلگەندىلا، ئاندىن سۆزلىگۈچىنىڭ تولۇق ئوي - پىكرى ئىپادىلى-
نىدۇ. چۈنكى مۇشۇ باغلىنىشتا سوتسىيالىستىك جەمئىيەت دېگەن ئىك-
كى سۆز بايان قىلماقچى بولغان ئوي - پىكىرنىڭ مەركىزىي ئۇق-
ۇمى، يەنى جۈملىنىڭ ئىگىسى بولۇش ئاساسىدا، ناھايىتى
ئۇزاق بىر دېگەن ئۈچ سۆز تارىخىي باسقۇچ دېگەن ئىككى
سۆزنى ئېنىقلاپ، جۈملىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى بولۇش ئاساسىدا،
تارىخىي باسقۇچ دېگەن ئىككى سۆز مەركىزىي ئۇقۇمنىڭ خۇ-
سۇسىيىتىنى بايان قىلىپ، جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇش ئاساسىدا
باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا، سۆزلىگۈچىنىڭ دېمەكچى بولغان
ئوي - پىكرى بىزگە تولۇق ئاڭلىنىپ تۇرماقتا. شۇڭا يولداش
ستالىن ئۆزىنىڭ «ماركسىزىم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى» دېگەن
ئەسىرىدە گىرامماتىكا توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ:
"......لۇغەت تەركىۋىسىز ھېچقانداق تىلنىڭ بولۇشىنى تەسەۋۋۇر
قىلىش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى تىل
بولۇپ ھېساپلانمايدۇ. ئەمما تىلنىڭ لۇغەت تەركىۋى تىل
گىرامماتىكىسىنىڭ باشقۇرۇشىدا بولغاندا، ئۇ ئىنتايىن چوڭ ئەھ-
مىيەتكە ئىگە بولىدۇ. گىرامماتىكىدا سۆزنىڭ ئۆزگىرىش قائىدى-
لىرى، سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرى بەلگىلەنگەن بولىدۇ،
شۇنىڭ بىلەن تىلغا تەرتىپلىك، مەنىلىك خاراكتېر بېرىلىدۇ." بۇ-
نىڭدىن تىلدا گىرامماتىكىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغان-
لىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. گىرامماتىكا (تىل قائىدە - قانۇنىيەتلىرى)
تىلنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن، تىل تەتقىقا-
تىدا مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ.

تىل تەرەققىي قىلىدۇ، ئۆزگىرىدۇ. جۈملىدىن تىل تەرەققىياتىدا

بىر قەدەر تۇراقلىق دەپ قارىلىدىغان ئاساسىي لۇغەت تەركىۋى بىلەن گىرامماتىكىدىمۇ (گىرامماتىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەردىمۇ)، ئۇزاق زامانلارنىڭ ئۆتۈشى نەتىجىسىدە مەلۇم ئۆزگىرىش بولۇپ تۇرىدۇ، لېكىن بۇنداق ئۆزگىرىش ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، تىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ، تىل گىرامماتىكىسىنى تەتقىق قىلىشمۇ تۈرلۈك بولىدۇ. مەلۇم بىر تىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنىڭ تارىخىي جەريانلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان گىرام-ماتىكا تارىخىي گىرامماتىكا دېيىلىدۇ. پەقەت مەلۇم بىر دەۋردىكى تىل قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان گىرامماتىكا تەسۋىرىي گىرامماتىكا دېيىلىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى تەسۋىرىي گىرامماتىكىغا كىرىدۇ.

گىرامماتىكا سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىش (تۈرلىنىش) قائىدىلىرىنى، سۆزلەرنىڭ ياسىلىش قائىدىلىرىنى، سۆزلەردىن سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. مانا مۇشۇ تەتقى-قات ئوبيېكتىنىڭ دائىرىسىگە قاراپ، گىرامماتىكا مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس دېگەن ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

## 21 - § ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى توغرىسىدا

گىرامماتىكا — بىر پەن. تۈركىي تىللارنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىرامماتىكىسىنى تەتقىق قىلىش ئىشى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. خېلى ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان مەشھۇر ئالىم-لار، يازغۇچىلار، پەيلاسوپلار گىرامماتىكا نەزىرىيىسىگە دىققەت قىلىپ كەلگەن ۋە بۇ ھەقتە ئۆچمەس ئەسەرلەر يېزىپ قالدۇرغان. تۈركىي تىللار، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى ساھەسى بويىچە ئېيتقاندا، ئاتاقلىق تۈركولوگ مەھمۇت قەشقەرى مۇشۇنداق ئالىملارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا "تۈركىي تىللار گىرامماتىكى-سىنىڭ جەۋھەرلىرى" دېگەن ئەسەرنى يازغانلىقى مەلۇم، لېكىن

بۇ ئەسەر بىزنىڭ زامانىمىزغا يېتىپ كەلمىگەن. ئۇنىڭ «دىۋانۇ
لۇغەتىت تۈرك» دېگەن ئەسىرى ھەممىگە مەشھۇر، بۇ ئەسەر،
ئاساسەن، لۇغەت خاراكتېرىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۆز دەۋرىدىكى
تۈركى تىللار، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى ھەققىدە
خېلى كەڭ مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تىلىنى ۋە ئۇيغۇر
تىلى گىرامماتىكىسىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمى-
يەتكە ئىگە.

يولداش ستالىن: "گىرامماتىكا — ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ
ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ئېلىپ بارغان ئابستراكسىيلەش ئىشى-
نىڭ نەتىجىسى، تەپەككۇرنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىش-
كەنلىكىنىڭ بەلگىسى"* دەپ كۆرسىتىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىدىكى خىلمۇ-
خىل گىرامماتىك ھادىسىلەر، ئۇسۇللار ئۇزاق زامانلار جەريانىدا
شەكىللىنىگەن ۋە مۇقىملاشقان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق
زامانلىق تەپەككۇرى ۋە ئىنچىكىلەپ ئابستراكسىيلەشتۈرۈشى
نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، سىلىقلاشقان ۋە تەكەممۇللىشىپ
بۈگۈنكى دەرىجىگە يەتكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقتىن پايدىلانغان
ياكى يېزىق يادىكارلىقلىرى قالدۇرۇلغان دەۋردىن بۇرۇنقى
ئەھۋالى بىزگە مەلۇم ئەمەس، شۇنىڭدەك يېزىقتىن پايدىلانغان
دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ ئەھۋالىمۇ مەلۇم ئەمەس.
لېكىن يېزىقتىن پايدىلانغان دەۋرلەردىكى يېزىق يادىكارلىقلىرى-
نىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلى
گىرامماتىكىسىمۇ، باشقا تىللارغا ئوخشاش، ئۇزاق زامانلىق سىلىق-
لىنىش، تەكەممۇللىشىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن. مەسىلەن:
قەدىمقى تۈرك - رونىك يېزىقى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى
يادىكارلىقلىرىدا چۈشۈم كېلىش ئۈچۈن: ئىغ، ئىگ، ئىن، نى

---

*ستالىن: «ماركسىزم ۋە تىلشۇناسلىق مەسىلىلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى
1974 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 32 - بەت.

قوشۇمچىلىرى ئارىلاش قوللىنىلغان: بۇغدۇنىغ (خەلقنى)، ئەۋنىڭ (ئۆيىنى)، ئاتىن (ئاتنى)، سابىن (خەۋىرىنى). بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، نى مۇقىملىشىپ، چۈشۈم كېلىشىنىڭ بىردىن - بىر قوشۇمچىسى بولۇپ قالغان (ئاتنى، ئۆيىنى). بۇرۇن يۆنىلىش كېلىش ئۈچۈن قا، كە قوشۇمچىلىرى بىلەن بىللە غا، گا قوشۇمچىلىرى قوللىنىلغان، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە، ماڭا، ساڭا دېگەندەكى مەن، سەن ئالماشلىرىدىلا گا قوللىنىلغاندىن باشقا ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىدە غا، قا، گە، كە قوللىنىلىدۇ. بۇرۇن يىللارنىڭ ئۆتكەن زامان 1 - شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى ئۈچۈن تىمىز، دىمىز قوشۇمچىلىرى قوللىنىلغان (قورقۇتتىمىز، ئاغرىتتىمىز). ھازىر تۇق، دۇق قوللىنىلىدىغان بولدى (ئاغرىدۇق، قورقتۇق).

تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تىلىمىزدا چوڭقۇر ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدىغان مۇرەككەپ جۈملە شەكىللىرى مەيدانغا كەلدى. يېقىنقى بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە، بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە شەكىللىرىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىيات مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى.

تۈركى تىللارنىڭ گرامماتىكىلىرى بىر بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. شۇڭا مەشھۇر تۈركولوگلار تۈركى تىللارنى تۈرگە ئايرىشتا تىلنىڭ ئاساسى بولغان سۆز تەركىۋى بىلەن گرامماتىكىلىق قۇرۇلۇشنى ئاساس قىلماستىن، فونېتىك پرىنسىپنى ئاساس قىلغان. لېكىن شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تۈركى تىللار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم گرامماتىكىلىق پەرقلەرنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇر تىلى بىلەن باشقا تۈركى تىللار ئارىسىدىمۇ گرامماتىكىلىق جەھەتتىن مەلۇم پەرقلەر مەۋجۇت. ئۇيغۇر تىلى ئۆزىگە خاس مۇكەممەل گرامماتىكىلىق قائىدىلەرگە ئىگە. ئۇيغۇر تىلىنىڭ مەيلى مورفولوگىيىلىك جەھەتتە بولسۇن، مەيلى سىنتاكسىسلىق جەھەتتە بولسۇن، باشقا تۈركى تىللاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بەزى ئالاھىدىلىكلىرى بار. بۇ ئالاھىدى-

لىكلەر ئىسىمنىڭ كېلىش، سان، شەخس قوشۇمچىلىرى ۋە ئۇلار-
نىڭ قوللىنىلىشىدا، پېئىللارنىڭ دەرىجە، زامان، مەيل، تۇس
قاتارلىق كاتېگورىيىلىرىدە، جۈملە شەكىللىرى ۋە جۈملىدىكى
بۆلەكلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ.
بىز بۇ يەردە پەقەت ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئۆز
بېك تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ كېلىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرىمىز.

(1) ئۆزبېك جانلىق تىلىدا ئىگىلىك كېلىش بىلەن چۈشۈم
كېلىشىنىڭ پەرقى يوق. ئۇيغۇر تىلىدا بولسا، پەرقلىق.

(2) ئۆزبېك تىلىدا چۈشۈم كېلىشىنىڭ قوشۇمچىسى ئالدىنقى
تاۋۇشنىڭ تەسىرى بىلەن بىرقانچە خىل شەكىلدە كېلىدۇ، ئۇيغۇر
تىلىدا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى پەقەت بىر خىل.

(3) ئۆزبېك تىلىدا يۆنىلىش كېلىش ئۈچۈن غا قوللىنىلماي-
دۇ، ئۇيغۇر تىلىدا بولسا بۇ قوشۇمچە قوللىنىلىدۇ.

(4) ئۆزبېك تىلىدا چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى ئۈچۈن
دەن قوللىنىلىدۇ، ئۇيغۇر تىلىدا دىن، تىن قوللىنىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى باشقا سىستېمى-
دىكى تىللاردىن ئۆزىنىڭ قوشۇمچىلىق تىل، يېپىشقاق تىل دەپ
ئاتىلىدىغان گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پەرقلىنىپ
تۇرىدۇ. بۇ خۇسۇسىيەت، خۇددى باشقا تۈركى تىللاردىكىگە ئوخ-
شاش، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ تۈرلۈك مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ
قوشۇمچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن بولىدىغانلىقى، قوشۇمچىلارنىڭ
سۆز يىلتىزلىرىغا قوشۇلۇپ كېتىدىغانلىقى جەھەتتە كۆرۈلىدۇ.
شۇنىڭدەك ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى باشقا سىستېمىدىكى
تىللاردىن جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋى جەھەتتىكى
ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسى ئۆزىگە
خاس، قېلىپلاشقان، سىلىقلاشقان، خېلى مۇكەممەل گىرامماتىكىلىق
قائىدە - قانۇنىيەتلەرگە ئىگە.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكىسىنىڭ ۋەزىپىسى

ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان، قېلىپ لاشقان گىرامماتىكىلىق مۇھىم قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ خىل قائىدە - قانۇنىيەتلەر ئىچىدە ئۈنۈملۈك ۋە كۆپرەك قوللىنىلىدىغانلىرىنى ۋە ئۇنىڭ گىرامماتىكىلىق تەرەققىيات جەھەتتىكى ئومۇمىي يۈنۈلۈشىنى بىر قەدەر تولۇق كۆرسىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

# ئالتىنچى باپ مورفولوگىيە

## 22 - § مورفولوگىيە ھەققىدە چۈشەنچە

مورفولوگىيە — سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى (ئۆزگىرىشى)، ياسىلىشى ھەققىدىكى ئىلىم.

سۆزلەر جۈملىنىڭ ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىگە كىرگەندە تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەردە بولىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇ، ياز دىگەن سۆزلەرنى ئالساق، بۇ سۆزلەر ئالاقە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جۈملە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىدە ئوقۇيسەن، ئوقۇيمەن، ئوقۇدى، ئوقۇدۇڭ، ئوقۇدۇم، ئوقۇۋەت، ئوقۇيدۇ، يېزىپ بولدى، يازسۇن، يېزىلدى، يازمىدى دىگەنگە ئوخشاش تۈرلۈك مورفولوگىك ئۆزگىرىشلەردە كېلىپ، ھەرخىل گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆزگىرىشلىرىنى ۋە بۇ ئۆزگىرىشلەرنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ بۇنىڭدىن باشقا، سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى ۋە سۆزلەرگە تۈرلۈك ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن لېكسىكىلىق مەنە بىرىدىغان يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىش قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىدۇ. مەسىلەن: ئىش، ئىشچى، ئىشخانا، ئىشچان، ئىشلەپچىقىرىش.

مورفولوگىيە يۇقۇرقىدەك جەھەتلەرنى تەتقىق قىلىشتا، ئايرىم ھادىسىلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، بىر تىل ئۈچۈن ئومۇمى بولغان قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا ئادەم سۆزى جۈملىدە ئادەم، ئادەمنى، ئادەمدە، ئادەمنىڭ، ئادەمگە، ئادەمدىن دىگەندەك 6 خىل شەكىلدە كەلسەمۇ، مورفولوگىك نۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت سۆزلەرنىڭ

جۈملىدە ئۆزئارا كېلىشىشى ئۈچۈن بولغان ئۆزگىرىشى ھىساپلى-
نىپ، ئىسىملارنىڭ كېلىش بىلەن تۈرلىنىشى دەپلا ئاتىلىدۇ.
مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ ئەنە شۇنداق ئومۇمىي خاراكتېرلىق
ئۆزگىرىش ۋە ياسىلىش خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى تېخىمۇ
ئىنچىكىلەش ئاساسىدا تۈركۈملەرگە ئايرىش ۋەزىپىسىنىمۇ تەتقىق
قىلىدۇ.

دېمەك، مورفولوگىيە سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىش، ياسىلىش، تۈر-
كۈملەرگە ئايرىلىش قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات
ئوبيېكتى قىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ باشقا سىستېمىدىكى تىللاردىن پەرقلىنىپ
تۇرىدىغان ئۆزگىرىشچان، يېپىشقاقلىق خۇسۇسىيىتى مورفولوگىيە
جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىنىڭ مورفولوگىك قائىدە-
قانۇنىيەتلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھ-
مىيەتكە ئىگە.

## §-23 سۆز ۋە ئۇنىڭ مەنىلىك بۆلەكلىرى

سۆز — تىلدا ئەركىن قوللىنىلىدىغان ئەڭ كىچىك تىل بىر-
لىكى. لېكىن مەنە ئېتىۋارى بىلەن، سۆز تىلدا مەنە ئىپادىلىگۈ-
چى ئەڭ كىچىك بىرلىك ھىساپلانمايدۇ. چۈنكى سۆزنى قۇرۇ-
لۇش تەرەپتىن تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلساق، مەنە ئىپادىلەي-
دىغان تېخىمۇ كىچىك بىرلىكلەرگە بۆلۈشكە بولىدىغانلىقىنى كۆ-
رىمىز. مەسىلەن: ۋەتەنپەرۋەر، ئىنقىلاپچى سۆزلىرىنى ئالساق،
ئۇلار تىلدا ئەركىن قوللىنىشقا بولىدىغان، ھەر بىرى ئايرىم -
ئايرىم لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان تىل بىرلىكى ھىساپلىنىدۇ.
ئەگەر بۇ سۆزلەرنى پارچىلىساق ئەسلىدىكى مەنىلىرى بۇزۇلۇپ
كېتىدۇ، بۇ سۆزلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلساق، ئۇلار-
نىڭ تەركىۋىدە سۆزدىنمۇ كىچىك مەنىلىك قىسىملار بارلىقىنى،
مەزكۇر قىسىملار بىرلىشىپ مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى

ئۆز ئۈستىگە مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ ئالغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىنقى-لابچى سۆزىنىڭ ئىنقىلاپ قىسمى مەلۇم سىياسى ھەرىكەتنىڭ ئىسمىنى، چى قىسمى شۇ سىياسى ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخسنى ئىپادىلەيدۇ؛ ۋەتەنپەرۋەر سۆزىنىڭ ۋەتەن قىسمى كىشىلەرنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئېلىنى بىلدۈرسە، پەرۋەر قىسمى كىشىلەرنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئېلىنى سۆيىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك ئوقۇتقۇچى، تىلشۇناس-لىق، قۇرۇلۇش، ئەمگەكچان دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ ئاشۇنداق بىرقانچىدىن مەنىلىك قىسىملارغا بولۇنىدۇ.

دېمەك، سۆزلەرنىڭ ئومۇمىي مەنىسىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ تۇرغان ئەڭ كىچىك قىسىملار مەنىلىك بولەك (مورفېما) دەپ ئاتىلىدۇ. مەنىلىك بولەكلەر تىل تاۋۇشلىرىدىن، ئوچۇق ئېيتقاندا، فونېمىلاردىن تەركىب تاپىدۇ. بۇنىڭغا قاراپ، مەنىلىك بولەك بىلەن فونېمىنى بىرلا نەرسە دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى فونېما سۆزنى ماددى جەھەتتىن (شەكىل جەھەتتىن) تەشكىل قىلىپ تۇر-غۇچى ئېلېمېنت، مەنىلىك بولەك بولسا سۆزنى مەنىۋى جەھەت-تىن تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى بىرلىك يەنى فونېما — فونېتىك ئامىل، مەنىلىك بولەك — سېمانتىك ئامىل. سۆز تەركىبىدىكى فونېمىلار سۆزلەرنىڭ تەركىبىدىكى مەنىلىك بولەكلەرنى ياسىسا، مەنىلىك بولەكلەر بىرنەچچە، مەنىلىك بولەككە بولۇنىدىغان سۆز-لەرنى ياسايدۇ، بەزىدە سۆزنىڭ مەنىلىك بولەكلىرى بىر فونې-مىدىن تۈزۈلۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: ئوقۇتقۇچى دېگەن سۆزدە ئوقۇ+ت+قۇچى دېگەنگە ئوخشاش ئۈچ مەنىلىك بولەك بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى ت بىر فونېمىدىن تۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئوقۇ سۆزىگە ئوقۇش ھەرىكىتىنىڭ باشقا بىر شەخسكە مەجبۇر قىلىش ئاساسىدا ئىشقا ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان مەنىلىك بولەك ھېسابلىنىدۇ. بۇنى ئات سۆزىدىكى ت گە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئات سۆزىدىكى ت ئوقۇتقۇچى دېگەندىكى ت گە ئوخشاش مەلۇم مەنە قوشۇۋاتقان مەنىلىك بولەك ئەمەس،

شۇڭا ئات سوزنى مەنىلىك بولەككە بولگىلى بولمايدۇ. سوزلەردىكى مەنىلىك بولەكلەرنىڭ سانى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزى سوزلەر بىرلا مەنىلىك بولەكتىن تۇزۇلگەن بولسا، بەزى سوزلەر بىرقانچە مەنىلىك بولەكتىن تۇزۇلگەن بولىدۇ. مەسىلەن: تېز، قىزىل، ياش، قەلەم دىگەن سوزلەر مۇشۇ تۇرقىدا بىرلا مەنىلىك بولەكتىن تۇزۇلگەن بولسا، ماشىنىلاشتۇرۇش دىگەن سوز ماشىنا+لاش+تۇر+ۇش تىن ئىبارەت توت مەنىلىك بولەكتىن، ئىنسانپەرۋەر سوزى ئىنسان+پەرۋەر دىگەن ئىككى مەنىلىك بولەكتىن تۇزۇلگەن.

مەنىلىك بولەكلەر سوزنى تەشكىل قىلىپ تۇرۇشتىكى رولىغا قاراپ، باش مەنىلىك بولەك، ئەگەشمە مەنىلىك بولەك دەپ ئىككى خىلغا بولۇنىدۇ.

سوزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنىڭ ئاساسي قىسمى بولۇپ، باشقا مەنىلىك بولەكلەرنىڭ ئوز مەنىلىرىنى ئىپادىلىشى ئۇچۇن مەنىۋى ئاساس بولىدىغان مەنىلىك بولەك باش مەنىلىك بولەك دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ئاشپەز، ياخشىلىق، ياغاچچى دىگەن سوزلەردىكى ئاش، ياخشى، ياغاچ سوزلىرى — باش مەنىلىك بولەك.

ئوز ئالدىغا مۇستەقىل سوز تەشكىل قىلالمايدىغان، باش مەنىلىك بولەكلەرگە قوشۇلۇپ تۇرلۇك قوشۇمچە مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان مەنىلىك بولەكلەر ئەگەشمە مەنىلىك بولەك دېيىلىدۇ. مەسىلەن: يۇقۇرقى مىساللاردىكى -چى، -لىق، -پەز — ئەگەشمە مەنىلىك بولەك.

كوپ مەنىلىك بولەكتىن تۇزۇلگەن سوزلەردىكى باش مەنىلىك بولەك يىلتىز، ئەگەشمە مەنىلىك بولەك بولسا قوشۇمچە دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەگەشمە مەنىلىك بولەك بولۇپ كېلىدىغان قوشۇمچىلار ئوزلىرىنىڭ رولىغا ۋە ئىپادىلىگەن مەنىسىگە قاراپ، سوز ياسىغۇچىلار، سوز تۇرلىگۇچىلەر دەپ ئىككى تۇرگە بولۇنىدۇ.

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار يىلتىزغا قوشۇلۇپ يېڭى لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ. ئورۇندۇق، نەمۇنىچى سۆزلىرىدىكى -چى، -دۇقلار سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە.

سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار سۆزلەرگە (يىلتىزغا) لېكسىكىلىق مەنە قوشماي، پەقەت سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى مۇناسىۋىتىدىن ھاسىل بولغان گىرامماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بىز ئىشلىرىمىزنى تۈگەتتۇق، دېگەن جۈملىدىكى -مىز، -نى، -تۇق دېگەن قوشۇمچىلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەگەشمە مەنىلىك بۆلەكلەر تۈرلۈك قوشۇمچىلار سۈپىتىدىلا كۆرۈلىدىغان ھادىسە دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ قالماسلىق كېرەك. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەگەشمە مەنىلىك بۆلەكلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تەتقىق قىلىدىغان بولساق، خېلى كۆپ ئەگەشمە مەنىلىك بۆلەكلەر تىل تەرەققىياتى جەريانىدا باش مەنىلىك بۆلەكلەرنىڭ ئەگەشمە مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققان، دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن: قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى تۇملۇغ - تۇم سۆزى قارا، قاراڭغۇ، جاھالەت مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە تۇم قارا دېگەندىكى تۇم سۈپەتنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئەگەشمە مەنىلىك بۆلەككە ئايلانغان. تازا، بەك سۆزلىرىمۇ تازا ياخشى، بەك ئوبدان دېگەنلەردە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى يوقىتىپ، يۇقۇرقىدەك ئاشۇرۇش دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

## § -24 گىرامماتىكىلىق مەنە، گىرامماتىكىلىق شەكىل ۋە گىرامماتىكىلىق كاتىگورىيە

### 1. گىرامماتىكىلىق مەنە

سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى مۇناسىۋىتى ئارقىلىق لېكسىكىلىق مەنىسى ئۈستىگە قوشۇلىدىغان تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەر گىرامماتى-

كىلىق مەنە دەپ ئاتىلىدۇ. گىرامماتىكىلىق مەنە تۆۋەندىكىدەك
خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، گىرامماتىكىلىق مەنە لېكسىكىلىق مەنىگە قارىغاندا
ئابستىراكتىراق بولىدۇ. مەسىلەن: دۇنيانى ئەمگەك ياراتقان،
دىگەن جۈملىدە ئەمگەك، دۇنيا، ياراتتىن ئىبارەت ئۈچ سۆز
بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ماددى (لېكسىكىلىق)
مەنە ئىپادىلەش بىلەن بىللە، دۇنيا سۆزى ئۆزىنىڭ ئاخىرىغا
قوشۇلغان -نى ئارقىلىق ھەركەتنىڭ ئوبيېكتىنى، ئەمگەك سۆ-
زى ھەركەتنى قىلغۇچى — جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى،
يارات سۆزى ئاخىرىغا قوشۇلغان قان ئارقىلىق ھەركەتنىڭ
ئۆتكەن زاماندا ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇلار مۇشۇ
ئۈچ سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرى ئۈستىگە قوشۇلغان گىرامما-
تىكىلىق مەنە بولۇپ، مۇشۇ سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىگە
قارىغاندا، ئابستىراكتىراق ئىكەنلىكى ئېنىق.

ئىككىنچى، گىرامماتىكىلىق مەنە مەلۇم گىرامماتىكىلىق شەكىل-
لەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا گىرامماتىكىلىق مەنە گىرامماتىكى-
لىق شەكىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، گىرامماتىكىلىق
شەكىلسىز گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەنمەيدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا
شەيئىلەر سانىنىڭ كۆپلۈكى ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلە-
نىدۇ. بىرى، شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكى شۇ شەيئىنى ئىپادىلەيدىغان
سۆزلەرنىڭ ئالدىغا كونكرېت سانلارنى قويۇش بىلەن ئىپادىلە-
نىدۇ. مەسىلەن: بەش كىتاپ، ئون ئات دىسەك، بۇ سۆزلەردىكى
شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكى بەش، ئون دىگەن كونكرېت سانلار
بىلەن (مۇشۇ سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى بىلەن) ئوچۇق
ئىپادىلىنىدۇ. يەنە بىر خىل ئۇسۇل شۇكى، سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا
-لار، -لەر نى قوشۇش ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكى
ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: كىتاپلار، دەپتەرلەر دىسەك، بۇ سۆزلەر-
دىكى شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكى لار، لەر (مۇشۇ خىل گىرامماتىكى-
لىق شەكىل) ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن. بۇ سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق

مەنىلىرى ئۈستىگە قوشۇلغان گىرامماتىكىلىق مەنە يەنىلا ئابىستىراكتىراق مەنە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

گىرامماتىكىلىق مەنە يالغۇز جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ئۆز ئۈستىلىرىگە ئالغان تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەردىنلا ئىبارەت ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن بىللە، پۈتۈن جۈملىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئومۇمىي، ئىخچام مەنىگىمۇ قارىتىلغان. مەسىلەن: زىددىيەت ئومۇمىي، مۇتلەق بولىدۇ. يېڭى جەريانىنىڭ پەيدا بولۇشى دىگەن نېمە؟ پەنگە يۈرۈش قىلايلى! دىگەن جۈملىلەرنى ئالساق، بۇ ئۈچ جۈملىنىڭ ھەرقايسىسى بىردىن كونكىرىت ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىگەندىن تاشقىرى، بىرىنچى جۈملە ئىشنى بايان تەرىقىسىدە، ئىككىنچى جۈملە ئىش - ھەركەتنى سوراق تەرىقىسىدە، ئۈچىنچى جۈملە مەلۇم ئىش - ھەركەتنى قىلىش ھەققىدە چاقىرىق تەرىقىسىدە ئىپادىلەپ كەلگەن. بۇ مەنىلەر گېپىمىزنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن بولغان ئۈچ تۈرلۈك مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا بىردىن گىرامماتىكىلىق مەنە بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

### 2. گىرامماتىكىلىق شەكىل

سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ۋە ئۇلارغا بېقىنىپ كېلىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىدىن ھاسىل بولغان گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان تىل تەركىپلىرى گىرامماتىكىلىق شەكىل دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى گىرامماتىكىلىق شەكىللەر بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىگە بولغان بېقىندىلىقى قالايمىقان ئەمەس، بەلكى قانۇنىيەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارغا خاس بولغان كېلىش شەكىللىرى، پېئىللاردا پېئىللارغا خاس بولغان زامان، شەخس،

سان، دەرىجە شەكىللىرى باشقا سۆز تۈركۈملىرىدە قوللىنىلمايدۇ.

باشقا تىللارغا ئوخشاش، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بىر خىل گىرامماتىكىلىق مەنە بىرقانچە خىل گىرامماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسىنىڭ، پېئىللارنىڭ شەخس، سان كاتېگورىيىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىگە قارىساقلا بۇنى چۈشىنىش ئاسان. مەسىلەن: يازدۇق - يازدىم - يازاتتىم؛ تۇق قىزىل، قىپ - قىزىل دېگەنلەرنى سېلىشتۇرساق، سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسى ئىككى خىل شەكىلدە، پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان بىرىنچى شەخس شەكلى 3 خىل شەكىلدە كەلگەن.

گىرامماتىكىلىق شەكىللەرمۇ ئۆزگىرىپ تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. تەپەككۇرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، تىل ئابستراكتلىقىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى تىل تەركىۋى قىسىملىرىدىن گىرامماتىكىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. بۇنىڭ كونكرېت مىساللىرىنى گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ تەرەققىياتىدىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. بۈگۈنكى گىرامماتىكىلىق شەكىللەر ۋە سۆز ياسىغۇچى شەكىللەر ئەسلىدە مۇستەقىل مەنىگە ئىگە سۆزلەردىن كېلىپ چىققان. لېكىن بىز ئۇزاق تارىخىي جەرياندا شەكىللەنگەن گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز.

1) ئالاقە ئېھتىياجىدىن قېپقالغان گىرامماتىكىلىق بەزى شەكىللەر تىلدا قوللىنىلمايدىغان بولۇپ قېلىشى مۇمكىن (نۈڭ nüng، نۇڭ nung، نىڭ، -مىك قاتارلىق گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئېھتىياجىدىن قېپقالغانلىقىغا ئوخشاش)، لېكىن بۇ بەك ئاز ئۇچرايدىغان ھادىسە.

2) گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ تىلدىكى خىزمەت تەقسىماتىنىڭ روشەنلىشىشى، مۇقىملىشىشى ۋە شۇ ئاساستا ئۇلارنىڭ بىلدۈرگەن مەنىلىرىدە ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇشى، فونېتىك جەھەتتىن ئۆزگىرىپ قېلىشىشى گىرامماتىكىلىق شەكىللەر تەرەققىيا-

تىلىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن: قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا چىقىش كېلىش بىلەن ئورۇن كېلىشىنىڭ بىر خىل شەكىلدە قوللىنىلىشى، مىس، مىش شەكىللىرىنىڭ ئۆتكەن زامان پېئىلىنى بىلدۈرىدىغان شەكىل بولۇپ قوللىنىلىشى، ھازىر ئۇنىڭ پەقەت ئىمىش شەكلىدە كېلىپ، ئىشەنمەسلىك، زاڭلىق، تەنە قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرۈشى، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا باشقا تۈركى تىللارغا ئوخشاش، ىن، ەن شەكلىدىكى ياردەمچى كېلىش نىڭ قوللىنىلىشى ۋە بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ "بىلەن" شەكلىلا قېلىپ، باشقا گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىشى ۋە باشقىلار.

3) تۈرلۈك يېڭى گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى گىرامماتىكىلىق شەكىللەر تەرەققىياتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بىز بۈگۈنكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن قەدىمقى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەكلا، بۇ نۇقتا ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن، يۇقۇرقىدەك تەرەققىيات جەريانىدا گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ بىر قىسمى ئۇزاق ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەسلى مەنبەسىنى يوقاتقان (كېلىش شەكىللىرى، كۆپلۈك شەكىللىرى مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ)، يەنە بىر قىسمى بولسا، ئەسلى مەنبەسىنى يوقاتمىغان (پېئىللاردىكى مەن، سەن، سىز قاتارلىقلار).

### 3. گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە

تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئىخچاملىنىپ تۈرلەرگە ئاجرىتىلىشىدىن گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە ھاسىل بولىدۇ. مەلۇم گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەنگەن گىرامماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئىخچام يىغىندىسى گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدا پېئىللارنىڭ شەخس، سان جەھەتتىكى گىرامماتىكىلىق مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق شەكىللەر 3 شەخسكە تەۋە ھەر-

كەتلەرنى بىرنەچچە خىل قوشۇمچە بىلەن ئىپادىلەپ بەرسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەرىكەتكە مۇناسىۋەتلىك شەخسنى ۋە ئۇ شەخسنىڭ بىر ياكى كۆپ ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بىر خىل خاراكتېردىكى گىراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇلارنى يىغىنچاقلىغان ھالدا پېئىللارنىڭ شەخس، سان كاتېگورىيىسى دەپ ئاتايمىز.

گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە تار مەنىدە تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىغان گىراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ ئىخچاملاشتۇرۇلۇشىغا قارىتىلغان بولسا، كەڭ مەنىدە سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ تۈركۈملەرگە ئاجرىتىلىشىغىمۇ قارىتىلغان. دېمەك، سۆز تۈركۈمى، ماھىيەتتە، كەڭ دائىرىدىكى گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە ھېسابلىنىدۇ.

## §-25 ئۇيغۇر تىلىدىكى گىراماتىكىلىق ئۇسۇل

گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ كونكرېت ياسىلىش يوللىرى گىراماتىكىلىق ئۇسۇل دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى گىراماتىكىلىق شەكىللەر، باشقا تىللاردىكىگە ئوخشاش، تىل تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، ئەسلىدە سۆزلەرگە سۆزلەرنى قوشۇشتىن ئىبارەت سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل ئارقىلىق كېلىپ چىققان. لېكىن ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا بارلىق گىراماتىكىلىق ئۇسۇللارنىڭ ئاساسى بولغان بۇ ئۇسۇلنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تۆۋەندىكىدەك گىراماتىكىلىق ئۇسۇللارمۇ بار.

1) قوشۇمچە قوشۇش ئۇسۇلى

ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا تۈرلۈك قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادە قىلىش ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل. مەسىلەن: ئىسىملارنىڭ شەخس، سان، كېلىش قوشۇمچىلىرى، پېئىللارنىڭ شەخس، سان، دەرىجە، زامان

قوشۇمچىلىرى ۋە باشقا سوز تۈركۈملىرىنىڭ گىراممىاتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان قوشۇمچىلىرى مۇشۇ ئۇسۇل دائىرىسىگە كىرىدۇ.

2) سوزلەرنى تەكرارلاش ئۇسۇلى

ئۇيغۇر تىلىدا (سۈپەتلەرنىڭ بولۇپمۇ رەڭ - تۈس سۈپەتلىرىنىڭ) ئاشۇرۇش دەرىجىسى مۇشۇ سۈپەتلەرنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى تەكرارلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: قاپ - قارا، ياپ - يېشىل، كوپ - كوك، ساپ - سېرىق.

3) ياردەمچى سوزلەرنى سوزلەرگە قوشۇش ئۇسۇلى

ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرۇش دەرىجىسى، ئىسىملارنىڭ بەزى كېلىشلىرى، پېئىللارنىڭ تۈسى قاتارلىقلار مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: يېزىۋەت، ناھايىتى كوپ، بەكمۇ چىرايلىق، خويما ئوبدان، ماشىنا بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش تۇغرىلىق، كۆلۈپ قوي، كورۇپ باق.

شۇنىمۇ ئېيتىپ ئوتۇش كېرەككى، بۇ ئۇسۇل بىلەن گىراممىاتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان ياردەمچى سوزلەرنىڭ بەزىلىرى (باق، تۇر، ئەت، قوي، ئاجايىپ، بەك...) ئەسلىدە مۇستەقىل سوزلەر دائىرىسىگە كىرىسىمۇ، لېكىن ئۇلار باشقا سوزلەرگە قوشۇلغاندا گىراممىاتىكىلىق مەنە ئىپادىلىگىنى ئۈچۈن، ئۇلارنى ياردەمچى سوزلەر دەيمىز.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا، جۈملىدە سوزلەرنىڭ تەرتىۋىمۇ گىراممىاتىكىلىق شەكىل ياسايدىغان بىر خىل ئۇسۇل ھىساپلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا بىۋاستە (ياندىش) ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ تەرتىۋىنى ئوزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئەگەر ئوزگەرتىلسە، گىراممىاتىكىلىق مەنىگە تەسىر يېتىدۇ. مەسىلەن: ئۇ — ئەلا ئوقۇغۇچى دىگەن جۈملىدىكى ئەلا سوزى بۇ جۈملىدە خەۋەرنىڭ(ئوقۇغۇچى سوزىنىڭ) ئېنىقلىغۇچىسى بولۇپ كەلگەن بولسا، ئۇ ئوقۇغۇچى — ئەلا دەپ بۇ سوزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرغاندا، ئەلا سوزى ئېنىقلىغۇچى ئەمەس، خەۋەر، ئوقۇغۇچى سوزى ئىگە، ئۇ

سۆزى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ قالىدۇ - دە، ئەسلىدىكى گراماتىك-لىق مەنىلىرى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

## 26 - § ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

بىرلا مەنىلىك بولەكتىن تۈزۈلگەن سۆز تۈپ سۆز دېيىلىدۇ. مەسىلەن: مەن، كەت، تۇر، ماڭ، يامغۇر، سۇ، تاغ، تاش، بىر، بەش، چاپسان، تېز، گۈزەل، ياخشى.

ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق مەنىلىك بولەكلەرنىڭ مەلۇم گراماتىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق قوشۇلۇشىدىن ياسالغان سۆز ياسالما سۆز دېيىلىدۇ. مەسىلەن: سۇ ئامبىرى، ماشىنىلاشتۇرۇش، ئىزباسار، راستچىلىق، ئىلىم - پەن، ماركسىزىم، ئۈزۈل - كېسىل.

تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تىلىدا ياسالما سۆزلەر تۈركۈم - تۈركۈملەپ كۆپەيمەكتە. ئۇيغۇر تىلىدىكى ياسالما سۆزلەر قانداق يول بىلەن ياسالغانلىقىغا قاراپ، ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ.

### 1. مورفولوگىك يول بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر

باش مەنىلىك بولەكلەرگە (تۈپ سۆزلەرگە) ئەگەشمە مەنىلىك بولەكلەر (ياسىغۇچى قوشۇمچىلار) نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر مورفولوگىك يول بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەسىلەن: داۋاملىق، زامانىۋىلاشتۇرۇش، بىخەۋەر، پارتىيىۋىلىك، مەنسەپپەرەسلىك، باغۋەن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى مورفولوگىك يول بىلەن سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار تۈپ سۆزلەرگە قوشۇلۇش ئورنىغا قاراپ ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ: سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى، سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى.

سۆزلەرنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار سۆز ئالدى قوشۇمچىلىرى دېيىلىدۇ. بۇ خىل قوشۇمچىلار ئاساسەن،

چەت تىللاردىن ئۇيغۇر تىلىغا كىرىپ ئۆزلەشكەن. بە، بەد، نا لاردىن ئىبارەت. مەسىلەن: بىگۇنا، بەتقىلىق، نائىنساپ.

سۆزلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ ياسالما سۆز ياسايدىغان قوشۇمچىلار سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى دېيىلىدۇ. بۇ قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالما سۆزلەرنى ياساش — ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن: قوغۇنلۇق، ئويۇنچۇق، سۆزۈك، يېزىق، باشلىق دېگەن سۆزلەردىكى لۇق؛ چۇق، ۈك، ىق، لىق قاتارلىقلار سۆز ئارقا قوشۇمچىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئارقىلىق ياسالغان سۆزلەرنىڭ بەزىلىرى ئەسلىدىكى لېكسىكىلىق مەنىسىدىن باشقا، يېڭى لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىسە، بەزىلىرى يېڭى لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەي، پەقەت سۆزنىڭ خاراكتېرىنىلا ئۆزگەرتىدۇ، يەنى ئەسلىدىكى سۆز تۈركۈمىگە خاس خاراكتېرى ئۆزگىرىپ، باشقا سۆز تۈركۈمىنىڭ خاراكتېرىنى ئالىدۇ. مانا مۇشۇ جەھەتتە قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئىككى تۈرگە بۆلۈش مۇمكىن.

1) لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىگۈچى ياسىغۇچىلار

سۆزلەرگە قوشۇلۇپ، يېڭى لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان ياسىغۇچىلار لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىگۈچى قوشۇمچىلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى چى، نامە، خانا، ما، مە، ىق، لىق قاتارلىق قوشۇمچىلار مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: سۆزمە، ۋەدىنامە، دەرسخانا، يازغۇچى، ئىشچى، سىزىق، ئىكەك، بوياق، شاقىراتما.

2) سۆز خاراكتېرىنى ئۆزگەرتكۈچى ياسىغۇچىلار

يېڭى لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدىغان، ئەمما سۆز مەنىسىنى ئۆزگەرتىدىغان قوشۇمچىلار سۆز خاراكتېرىنى ئۆزگەرتكۈچى ياسىغۇچىلار دېيىلىدۇ. بۇ خىل قوشۇمچىلارغا چە، غان، قان، كى قاتارلىق قوشۇمچىلار كىرىدۇ. مەسىلەن: يازغان، تاپقان، كۆرگەن، ئۈرۈمچىگىچە، بارغانچە، قەشقەردىكى ۋە باشقىلار.

## 2. سىنتاكسىسلىق يول بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر

ئۇيغۇر تىلىدىكى يەنە بىر قىسىم ياسالما سۆزلەر تۈپ سۆز-لەرنىڭ ئۆزئارا سىنتاكسىسلىق يول بىلەن قوشۇلۇشىدىن ياسالغان، مۇنداق ئۇسۇل بىلەن سۆز ياساش ھەم قەدىمقى، ھەم ھازىرقى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا تۈپ سۆز دەپ قارىلىۋاتقان بەزى سۆزلەر، تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئىككى تۈپ سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغان. مەسىلەن:

| ھازىر | ئەسلىدە |
| --- | --- |
| سەكسەن | سەككىز ئون |
| خوشال | خوش ھال |
| بۈگۈن | بۇ كۈن |

ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرمۇنچە قوشۇمچىلارنىڭ ئەسلىدە تۈپ سۆز بولۇپ، كېيىن ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىنى ئاستا-ئاستا يوقىتىپ، قوشۇمچىلارغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكىمۇ بۇ ئۇسۇلنىڭ قەدىمىي ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان پاكىت. ئۇيغۇر تىلىدىكى خانا، نامە قاتارلىق قوشۇمچىلار ئەسلىدە ئۆي، خەت دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان تۈپ سۆزلەر بولسىمۇ، ھازىرقى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل لېكسىكىلىق مەنىسىنى يوقىتىپ، قوشۇمچىلارغا ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن: تەشەببۇسنامە، ۋەدىنامە، دەرسخانا، ئىشخانا.

سىنتاكسىسلىق يول بىلەن ياسالغان ياسالما سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرى، بىلدۈرگەن مەنىلىرى، بۇ خىل ياسالما سۆزنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان تۈپ سۆزلەرنىڭ مۇستەقىللىقى ياكى بېقىندىلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەرقىگە قاراپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1) جۈپ سۆز

جۈپ سۆزلەر ئىككى تۈپ سۆزنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن: ئالمان-تالمان، ئەقىل-پارا-

سەت، ئاددى - ساددا، پەن - تېخنىكا، قاتمۇ - قات، ئاق - قارا، تىل-
يېزىق.
جۈپ سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:
(1) جۈپ سۆزلەرنى تەشكىل قىلىدىغان تەركىپلەر مەنە جەھەتتىن ئۆز ئارا ئالاقىدار، يېقىن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بىر بىرىگە يېقىنمايدۇ؛ پەقەت تەڭ دەرىجىدە بىرىكىش بىلەن، ھەر ئىككىسىگە ئورتاق بولغان بىر ئومۇمى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئات - ئۇلاق، ياش - قېرى، ئۆي - ۋاق دىگەنگە ئوخشاش جۈپ سۆزلەر ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ھايۋانلار، ھەممەيلەن، تۇرار ئۆيدە بولىدىغان تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك نەرسە - كېرەكلەر دىگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.
جۈپ سۆزلەر ئىپادىلىگەن ئۇقۇمنىڭ مەنىسى شۇ جۈپ سۆز تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ ئايرىم تۇرغاندىكى ئۇقۇمنىڭ مەنىسىدىن كەڭ ۋە تولۇقراق بولىدۇ.
جۈپ سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن تۈزۈلۈشى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:
(A) ئىككى مەنىداش سۆزدىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر: پۇتمەس - تۈگىمەس، خوشال - خورام، ئىلىم - پەن.
(B) ئۆز ئارا يېقىن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئۇقۇمىنى بىلدۈرىدىغان ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر. مەسىلەن: بۈگۈن - ئەتە، چاي - تۇز، باش - كوز، گۈل - غۇنچە، ماركسىزىم - لېنىنىزىم، ئاچ - يالىڭاچ، ئالما - ئۆرۈك.
(C) زىت مەنىلىك سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر. مەسىلەن: قىش - ياز، كىرىش - چىقىش، چوڭ - كىچىك، ئاستىن - ئۈستۈن، ياخشى - يامان، ئىگىز - پەس.
(D) ئالدىنقى قىسمى مەنىلىك، كېيىنكى قىسمى مەنىسىز ياكى ئالدىنقى قىسمى مەنىلىك، كېيىنكى قىسمى شۇنىڭغا قاپىيداش سۆزدىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر. مەسىلەن: تەڭ - تۇش، بالا - چاقا، ئۇن - تىن، ئەسكى - تۇسكى، چاكىنا - چۇكىنا، ئۇش

شاق - چۈششەك.

(E) ئۆز ئالدىغا ئايرىم مەنە ئاڭلىتالمايدىغان قاپىيداش سۆز-
لەردىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر. مەسىلەن: ئاندا - ساندا، ئوپۇل-
توپۇل، ئوكتەي - توكتەي.

(F) قاپىيداش ئىككى ئىملىقتىن تۈزۈلگەن جۈپ سۆزلەر. مە-
سىلەن: ۋاي - ۋۇي، پاژ - پۇژ، تاراق - تۇرۇق، يالت - يۇلت، ۋا-
راڭ - چۇرۇڭ، ئوپۇر - توپۇر.

(2) جۈپ سۆزلەرنى جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرىنىڭ قېلىپ-
لىشىپ قېلىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز
قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا ئۇرغۇنلىغان جۈپ
سۆزلەر بەزىدە تەڭداش بۆلەك ۋە بەزىدە جۈپ سۆز
شەكلىدە قوللىنىلىۋاتىدۇ. مەسىلەن: ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي، پەن-
مەدەنىيەت، سىياسىي - ئىقتىسات دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بەزىدە
تەڭداش بۆلەك، بەزىدە جۈپ سۆز شەكلىدە قوللىنىلماقتا.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تىل تەرەققىياتى
جەريانىدا ھەرقانداق تەڭداش بۆلەك جۈپ سۆزگە ئايلىنىپ كې-
تىدۇ، دېگىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئالدى بىلەن، تىلدا
شۇنداق ئېھتىياجنىڭ بولۇش - بولماسلىقى، سۆزلەرنىڭ مەنە جە-
ھەتتىن ئالاقىدار بولۇش ياكى ئالاقىدار بولماسلىقى مۇھىم رول
ئوينايدۇ.

(3) جۈپ سۆز تەركىۋىدىكى ھەر ئىككىلا سۆز ئۆزىنىڭ فو-
نېتىك شەكىل جەھەتتىن ئۆز مۇستەقىللىقىنى نىسبەتەن ساقلاپ
قالغان بولىدۇ. ھەر ئىككىلا سۆزنىڭ ئۇرغۇسى ساقلانغاندەك
قىلىسىمۇ، لېكىن جۈپ سۆز ئوقۇلغاندا تىنىشقا بولمايدۇ. يېزىقتا
جۈپ سۆز ئارىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ.

2) بىرىككەن سۆز

ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ بېقىندىلىق باغلىنىشتا
بىرىكىشىدىن ھاسىل بولۇپ، ئېنىق بىرلا ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدىغان
سۆزلەر بىرىككەن سۆز دېيىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەرنىڭ بەزى-

لىرى بىرنەچچە مۇستەقىل سۆزدىن تۈزۈلسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ۋاقىت قوللىنىش نەتىجىسىدە بىر سۆزگە ئوخشاش قېلىپلىشىپ كەتكەن، ئۇلارنى مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. مەسىلەن: بويتاق، ئاغىنە، يانپاش، ئەتىياز، كۆكتات، غۇلاچ، قارىمۇچ.

بىر قىسىم بىرىككەن سۆزلەرنىڭ قېلىپلاشقىنىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىغان بولسىمۇ، تەركىۋىدىكى سۆزلەر ئەسلى شەكلىنى ساقلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قانچە سۆزدىن ياكى قان- داق سۆزلەردىن ياسالغانلىقى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇن- داق بىرىككەن سۆزلەرنى مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجرىتىش ئانچە تەس ئەمەس. مەسىلەن: تاشكۆمۈر، ئاشتاختا، ئاشكۆكى، تاشپاقا، كۆلدۈرماما، قاراماي، مايتاغ.

بىرىككەن سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

(1) بىرىككەن سۆزلەر مەيلى كونكرېت، مەيلى ئابستراكىت مەنە بىلدۈرسۇن، ئۇلار جۈپ سۆزلەرنىڭكىگە ئوخشاش تۇتۇق، گۇڭگا ئەمەس، بەلكى ئېنىق بىرلا ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ.

(2) بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرىنى ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ ئادەتتىكى قوشۇلمىسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ھازىر ياسىلىۋاتقان بىرىككەن سۆزلەرنىڭ مەنىلىرى، قارىماققا، تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىلىرىنىڭ يى- غىندىسىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەر- نىڭ بەزىدە ھەممىسى، بەزىدە بىرەرسى ئۆز مەنىسىنى يوقىتىپ ياكى ئۇنىڭدىن چەتنەپ، يېڭى مەنە ئىپادىلىسە، قالغىنى شۇ يېڭى مەنىنى ئىپادىلەشتە يادرولۇق رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: ئۈچتۇرپان، مارالۋېشى قاتارلىق يەر-جاينى بىلدۈرىدىغان بى- رىككەن سۆزلەر تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئەس- لىدىكى مۇستەقىل مەنىلىرى قالمىغان، شۇنىڭدەك تاختاي باھا- سى، تاش چاي قاتارلىق بىرىككەن سۆزلەردە باھا، چاي سۆز- لىرى مەنىۋى مەركەز بولۇپ، تاختاي سۆزىنىڭ مەنىسى ئاجىز-

لىشىپ، بەلگىلەنگەن، مۇقىملاشقان دىگەن مەنىلەردە كەلگەن:
تاش سوزىمۇ ئەسلى مەنىسىدىن چەتنەپ، تاشنىڭ بىر خۇسۇسى-
يىتى بولغان قاتتىق مەنىسى ئارقىلىق چاينىڭ خۇسۇسىيىتىنى
بىلدۇرۇپ كەلگەن.
يۇقۇرقى پاكىتلار بىرىككەن سوزلەرنىڭ بىرلا مەنى-
دىمەك، ۋى مەركەزگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، يەنى بىرىككەن سوزلەرنىڭ
سىمانتىك بىر پۇتۇنلۇكتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، مەنىۋى مەركەز
بولمىغان سوزلەر، كوپىنچە، مەنىۋى مەركەزنىڭ نىسبەتەن مۇ-
قىمراق بولغان بىرلا خۇسۇسىيىتىنى بىلدۇرۇپ، چەكلەش رولىدا
كېلىدىغانلىغىنى، ئومۇمى مەنە شۇ سوز تەركىۋىدىكى سوز مەنى-
سىنىڭ ئادەتتىكى قوشۇلمىسى ئەمەسلىكىنى، بۇ خىل ئەھۋال
بۇرۇنراق قېلىپلاشقان بىرىككەن سوزلەردە خېلى روشەن كورۇ-
لىدىغانلىغىنى، ئەمدىلىكتە بىرىكىۋاتقان سوزلەردە مۇنداق ئەھ-
ۋالنى كورۇش تەسرەك ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ.
(3) بىرىككەن سوزلەر لۇغەت تەركىۋىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھې-
سابلىنىدۇ. چۈنكى بىرىككەن سوزلەر قۇرۇلۇش ماتىريالى بو-
لۇپ، جۇملىدە بىر سوزگە ئوخشاش خىزمەت قىلىدۇ ۋە تۇرلۇك
ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ.
(4) بىرىككەن سوزلەر ئىگىلىگۇچى + ئىگىلەنگۇچى، سۇپەتلى-
گۇچى + سۇپەتلەنگۇچى، ئىگە + خەۋەر، ھالەت + خەۋەر، تولدۇر-
غۇچى + تولۇقلانغۇچى شەكلىدە ياسىلىدۇ. لېكىن بىرىككەن سوز-
لەر ئوزىنىڭ تەركىۋىدىكى سوزلەرنىڭ كوپىنچە فونېتىك ۋە
مەنە جەھەتتە بىر گەۋدە تەشكىل قىلىشى يەنى بىر ئۇرغۇغا
بويسۇنۇشى، بىر سوزدەك ئېيتىلىشى بىلەن خاراكتىرلىنىدۇ. گرا-
ماتىكىلىق جەھەتتىن قارىغاندا، بىرىككەن سوزلەرنىڭ تەركىۋى-
دىكى سوزلەرنى ئوزئارا باغلاپ تۇرىدىغان گراماتىكىلىق مۇنا-
سىۋەت ئاجىز بولۇپ، ئارىسىغا باشقا تەركىپلەرنى قوشقىلىمۇ بول-
مايدۇ. مەسىلەن: قارا چېچەكنى قارا رەڭدىكى چېچەك دىيىشكە
بولمايدۇ، چۈنكى بۇ بىر خىل كېسەللىكنى بىلدۇرىدۇ. كوك

تاشنى كوك رەڭدىكى تاش دىگىلى بولمايدۇ، چۈنكى بۇ بىر خىل جىسىمنىڭ ئىسمى.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بىرىككەن سوزلەر تۈرلۈك سوز تۈركۈملىرىنىڭ ئۆزئارا بىرىكىشىدىن ياسىلىدۇ. بۇنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى، بىرىنچى سوزى ئىسىم بولغان بىرىككەن سوزلەر تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

a) ئىسىمغا ئىسىم قوشۇلۇپ، ئاخىرىدا شەخس (تەۋەلىك) قوشۇمچىسى كېلىپ ياسالغان بىرىككەن سوزلەر. مەسىلەن: ئاشكوكى، گوركارى، ئوستەڭبويى.

b) ئىسىمغا ئىسىم قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىككەن سوزلەر. مەسىلەن: باشپانا، تاشقورغان، تاشكومۈر، ئاشقازان، باجخانا.

c) ئىسىمغا سۈپەت ياكى سۈپەتداشلار قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىككەن سوزلەر. مەسىلەن: سەۋزىنازۇك، يولىيورۇق.

d) ئىسىمغا سان، ئاندىن شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىككەن سوز: تۇرپانيۈزى، تايىر يۈزى.

e) ئىسىمغا ھەركەت نامى ياكى رەۋىشداشلار قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىككەن سوزلەر. مەسىلەن: كوزقاراش، كۈنساناپ، ئىشقىلىپ.

ئىككىنچى، بىرىنچى سوزى سان بولغان بىرىككەن سوزلەر تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

a) سانغا ئىسىم قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىككەن سوزلەر. مەسىلەن: بەشكېرەم، يەتتىقۇدۇق، ئەللىكقوجام.

b) سانغا سۈپەت ياكى سۈپەتداشلار قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىككەن سوزلەر. مەسىلەن: بىرپەس، بىرتالاي، بەشاتار.

ئۈچىنچى، بىرىنچى سوزى سۈپەت بولغان بىرىككەن سوزلەر تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

a) سۈپەتكە ئىسىم قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىككەن سوزلەر. مەسىلەن: ئاقسۇ، ئاقسوڭەك، ھوسنىخەت، ھارامتاماق، خۇشخەت،

ئەكسىلئىنقىلاپ.

b) سۈپەتكە سۈپەت قوشۇلۇپ ياسالغان بىرىككەن سۆزلەر. مەسىلەن: ئاقبوز، قارغۇياپىلاق.

توتىنچى، بىرىنچى سۆزى رەۋىشداش بولغان بىرىككەن سۆزلەر. رەۋىشداشلارغا ھەركەت نامى ياكى بەزى شەخسلىك پېئىللار قوشۇلۇپ بىرقىسىم بىرىككەن سۆزلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئىشلەپچىقىرىش، سېتىۋېلىش، تىلەۋېلىش، كۆرۈۋالدى.

بەشىنچى، ئىسىملىقلارغا ئىسىملار قوشۇلۇپ ناھايىتى ئاز ساندىكى بىرىككەن سۆزلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن: گۆلدۈرماما، ھۆقۈش.

ئالتىنچى، ھېچ، ھەر، ئاللا ئالماشلىرىغا سوراق ئالماشلىرى قوشۇلۇپ بىر قىسىم بىرىككەن سۆزلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن ھېچكىم، ھېچقاچان، ھېچقانداق، ھېچنېمە، ھەركىم، ھەرقاچان، ھەرنېمە، ئاللىكىم، ئاللىقاچان، ئاللىنېمە.

يۇقۇرىدا بىرىككەن سۆزلەرنىڭ مەنە ۋە قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختالدۇق. بۇنىڭ بىلەن، بىرىككەن سۆزلەرنىڭ بارلىق خۇسۇسىيەتلىرى تولۇق كۆرسىتىلدى دېيىش تەس. بۇ ھەقتە بەزى ئىختىلاپلار مەۋجۇت. بۇ ھەقتىكى مەسىلىلەر مۇندىن كېيىن تىل تەتقىقاتىدا ئەگىشىپ ھەل بولغۇسى.

## §-27 ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى تۈركۈمگە بولۇش پىرىنسىپى

گىراماتىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى تىلدىكى بارلىق سۆزلەرنى تۈركۈملەرگە ئاجرىتىشتىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەرنى قانداق پىرىنسىپ ئاساسىدا تۈركۈملەرگە بولۇش كېرەك، يەنى سۆزلەرنى قانداق خۇسۇسىيەتلەر بويىچە تۈركۈملەرگە ئايرىش كېرەك، دېگەن مەسىلە ھەققىدە تۈرلۈك كۆزقاراشلار بار. بىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزگىرىشچان، پېيشقاقلىق خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، سۆزلەرنى

گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە قاراپ تۈركۈملەرگە ئايرىش كې-
رەك، دەپ قارايمىز. چۈنكى تىلىمىزدىكى سۆز تۈركۈملىرىنىڭ
ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە بۇ گىرامماتىكىلىق
خۇسۇسىيەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى بار.
مەسىلەن: ھېس-تۇيغۇ ئۈندەشلىرىنى ئالساق، ئۇلار ئالدى يا-
كى كەينىدىكى سۆزلەر بىلەن ئەمەس، پۈتۈن جۈملە بىلەن باغ-
لىنىپ كېلىدۇ، جۈملىنىڭ بۆلىكى بولالمايدۇ، تۈرلەنمەيدۇ. مانا
بۇلار ھېس-تۇيغۇ ئۈندەشلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق
خۇسۇسىيىتى.

ھەرقانداق بىر سۆز تۈركۈمىنىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى
دائىرىسىدە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغانلىرى ۋە قوشۇمچە ئورۇن-
دا تۇرىدىغانلىرى بولىدۇ، يەنى بىر خىل سۆز تۈركۈمىنى يەنە
بىر خىل سۆز تۈركۈمىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان ئاساسلىق
خۇسۇسىيىتى بولىدۇ. مەسىلەن: ئۇيغۇر تىلىدىكى ئالماشلارنى
ئالىدىغان بولساق، ئۇلار مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىش جەھەتتىن
ئىسىملارغا خاس گىرامماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن ئىسىملارغا قا-
رىغاندا ئاز تۈرلىنىدۇ، بۇنى ئالماشلارنىڭ ئاساسلىق بىردىن-
بىر گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى ئىسىم-
لارغا خاس گىرامماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن سۈپەت، سانلارمۇ
ئىسىملارغا قارىغاندا ئاز تۈرلىنىدۇ. ئالماشلارنىڭ مۇھىم گىرامما-
تىكىلىق خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ
ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغانلىقى ۋە سان، سۈپەتلەر بىلەن ئېنىق-
لانمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئالماشلارنىڭ ئىسىملارغا
خاس گىرامماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن قىسمەن تۈرلىنىدىغانلىقىنى،
سۆز ياساش رولىنىڭ كەملىكىنى قوشۇمچە خۇسۇسىيەت دەپ قا-
راشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇقۇرقىلاردىن شۇنى بىلىش مۇمكىنكى، سۆز تۈركۈملىرىنىڭ
گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىر بىرىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئۇيغۇر تىلى — مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشكە باي تىل. ئۇيغۇر
تىلىدا مەلۇم بىر سۆزنىڭ ئۇ ياكى بۇ سۆز تۈركۈمىگە تەئەللۇق-

لۇغى شۇ سوزنىڭ مورفولوگىك خۇسۇسىيىتىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. لېكىن ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سوزلەرنى تۇركۇملەرگە ئاجرىتىشتا مۇشۇ ئۇقتىلا ئاساس قىلىنىدىغان بولسا، بەزى قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: مورفولوگىك تۇرلىنىشكە باي بولمىغان ياردەمچى ۋە ئىملىق سوزلەرنى تۇركۇملەرگە ئاجرىتىش تەس بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا بىر سوزنىڭ مورفولوگىك تۇرلىنىش بىلەن كېلىش- كېلەلمەسلىكى، ئۇنىڭ سىستېمىلىق- سىستېمىلىق ئەمەسلىكى شۇ سوزنىڭ ئاساسىي گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى دەپ تونۇلۇش بىلەن بىللە، بىر سوزنىڭ ئىككىنچى بىر سوز بىلەن كېلىش- كېلەلمەسلىكىمۇ بىر خىل گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەت دەپ تونۇلۇشى كېرەك، يەنى سوزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلىرىگىمۇ مۇۋاپىق ئېتىۋار بېرىش كېرەك. سوزلەرنىڭ سوز ياساش رولىمۇ بىر خىل مورفولوگىك خۇسۇسىيەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى تىلىمىزدىكى سوزلەرنىڭ ياسىلىشىدىمۇ ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار. مەسىلەن: چان، سىز قوشۇمچىلىرى پەقەت ئىسىملاردىنلا سۈپەت ياسىغىنىغا ئوخشاش.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزلەرنى تۇركۇملەرگە ئاجرىتىشتا، مورفولوگىك تۇرلىنىشكە ۋە ياسىلىشقا باي سوزلەردە، ئاساسەن، مورفولوگىك خۇسۇسىيەتلەر مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشى، مورفولوگىك تۇرلىنىشكە ۋە ياسىلىشقا باي بولمىغان، گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى پەقەت جۈملە ئارقىلىقلا ئىپادىلىنىدىغان سوزلەردە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەر مۇھىم ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك، شۇنىڭدەك بۇ ئىككى خىل ئۇسۇلنى بىر بىرىدىن ئاجرىتىۋەتمەستىن، بىرىنى مۇھىم، يەنە بىرىنى قوشۇمچە پرىنسىپ قىلىپ قوللىنىش لازىم. ئۇيغۇر تىلىنىڭ يېپىشقاقلىق ۋە ئوزگىرىشچانلىق خۇسۇسىيىتىنى نەزەردە تۇتقاندا مورفولوگىك پرىنسىپ ئاساس قىلىنىشى كېرەك، ئەلۋەتتە. مۇشۇ ئۇقتىدىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا سوزلەرنى توۋەندىكىدەك سوز تۇركۇملىرىگە بولۇشكە بولىدۇ: ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، پېئىل، رەۋىش، سوز ئارقا ياردەمچى، باغلىغۇچى، يۈكلىمە، ئۈندەش، ئىملىق.

# يەتتىنچى باپ ئىسىم

## 28 - §. ئىسىم ھەققىدە چۈشەنچە

لېكسىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆز ئىسىم دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ئادەم، ھايۋان، باش، تاش، يامغۇر، پارتىيە، ھۆكۈمەت، سىياسەت، تۇيغۇ، ۋەتەن، پايتەخت، داشۆي، ئىبراھىم، ئايشەم.

ئىسىملار گىرامماتىكىلىق جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1. ئىسىملار ئۆزىگە خاس سان، شەخس، كېلىش كاتېگورىيىلىرىگە ئىگە بولۇپ، مۇشۇ كاتېگورىيىلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ.

2. ئىسىملار جۈملىدە سۈپەت ۋە سانلار بىلەن، شۇنىڭدەك سۈپەتداشلار بىلەن ئېنىقلىنىدۇ.

3. ئىسىملار جۈملىدە جۈملىنىڭ ھالەتتىن باشقا بۆلىكى بولۇپ كېلىدۇ. ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان بىر قىسىم ئىسىملار (يىل، ئاي، ھەپتە، كۈن، سائەت قاتارلىق ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار) سۈپەت، سانلار بىلەن بىللە كەلگەندە ھالەت بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: نۇرغۇن يىللار كۈرەش قىلدۇق. ئون يىل ئىشلىدىم.

4. ئىسىملار ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە. مەسىلەن: زار، كەش، پەز، ۋاز، دان قاتارلىق قوشۇمچىلار ئىسىملارغا قوشۇلۇپ ئىسىم، لىق، لۇق، لۈك، لىك قوشۇمچىلىرى ئىسىملاردىن، سۈپەت، سۈپەتلەردىن ئىسىم ياسايدۇ.

ئىسىملار يۇقۇرىقىدەك مەنە ۋە گىرامماتىكىلىق جەھەتتىكى

خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىسىملار ئۆزلىرىنىڭ مەنە جەھەتتىكى ئىخچاملاش خاراكتېرىغا قاراپ، خاس ئىسىم ۋە ئومۇمىي ئىسىم (تۈردەش ئىسىم) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. خاس ئىسىم

يەككە ياكى خاس شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم خاس ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. كونكرېت يەر - جاي ئىسىملىرى، پەن - تېخنىكا ئاتالغۇلىرى، كىشىلەرنىڭ ئىسىملىرى مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: بېيجىڭ، شاڭخەي، قەشقەر، غۇلجا، ئۈرۈمچى، تىلشۇناسلىق، فىزىكا، خىمىيە، ماتېماتىكا، سايرام، تارىم، تيانشان، ئەخمەت، تۇرسۇن، خەلچەم، ماھىنۇر.

## 2. ئومۇمىي ئىسىم

ئۇرغۇن يەككە شەيئىلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلغان ئۇقۇمىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىم ئومۇمىي ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: تاغ، دەريا، ھايۋان، شەھەر، كوچا، پەن قاتارلىقلار بىر خىلدىكى ئۇرغۇن يەككە شەيئى ياكى ھادىسىلەرگە ئورتاق بولغان ئومۇمىي ئۇقۇمنى ئىپادىلەيدۇ.

ئادەتتە خاس ئىسىم بىلەن ئومۇمىي ئىسىمنى پەرقلەندۈرۈش تەس، چۈنكى بىر سۆز مەلۇم شارائىتتا مەلۇم بىر خىلدىكى شەيئىگە ئورتاق بولغان ئومۇمىي ئۇقۇمنى ئىپادىلىسە، مەلۇم شارائىتتا يەنە بىر خىل شەيئىگە خاس بولغان ئۇقۇمنى ئىپادىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئەر، ئايال دېگەن ئىسىملار ئادەم دېگەن ئىسىمغا نىسبەتەن خاسراق خاراكتېرغا، ئوغۇل، قىز دېگەن ئىسىملارغا نىسبەتەن بولسا ئومۇمىي خاراكتېرغا ئىگە؛ خەلچەم،

تۇرسۇن دىگەن ئىسىملارغا نىسبەتەن ئوغۇل ـ قىز دىگەن ئىسىملار ئىنىقمۇ ئومۇمىي خاراكتىرغا ئىگە. شۇڭا كونكىرىت ئەھۋالنى كونكىرىت تەھلىل قىلىش ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىشقا توغرا كىلىدۇ.

## 29 - § ئىسىملارنىڭ سان كاتىگورىيىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى

ھەرقانداق ئىسىم جۈملىدە بىرلىك ۋە كۆپلۈكتىن ئىبارەت گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل گىرامماتىكىلىق مەنە ئىسىملارغا خاس گىرامماتىكىلىق شەكىللەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ئىسىملارنىڭ بىرلىكى ئىسىملارنىڭ قوشۇمچىسىز شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىشچى، دىخان، زىددىيەت، دەريا، مەملىكەت دىگەنگە ئوخشاش ئىسىملار جۈملىدە مۇشۇ شەكىلدە (ھېچقانداق تۈرلەنمەستىن) كەلگەندە شەيئىلەرنىڭ بىرلىكىنىلا بىلدۈرىدۇ.

ئىسىملارغا لار، لەر شەكىللىرى قوشۇلۇش بىلەن شۇ ئىسىم ئىپادە قىلغان شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىشچىلار، دىخانلار، زىددىيەتلەر، دەريالار، مەملىكەتلەر، شەھەرلەر، تاغلار دىسەك بۇ ئىسىملارغا كۆپلۈك شەكلىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، مۇشۇ سۆزلەر ئىپادە قىلغان شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئىسىملارنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەيدىغان لار، لەر قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا مەلۇم قائىدە بويىچە قوشۇلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ قوشۇمچىلار يالغۇز كۆپلۈك مەنىسىنىلا ئەمەس، بەلكى باشقا مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ. تەپسىلىي ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

1) ساناق سانلار بىلەن بىۋاستە ئېنىقلىنىپ كەلگەن ئىسىملارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى لار، لەرنى قوشۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: ئون ئادەم، بەش ماشىنا، يىگىرمە تىراكتور دىگەنلەرنى ئون ئادەملەر، بەش ماشىنىلار، يىگىرمە تىراكتورلار دىيىشكە

بولمايدۇ. چۈنكى بۇ شەيئىلەرنىڭ كۆپلۈكى (قانچە ئىكەنلىكى) كونكرېت سانلار ئارقىلىق ئېنىقلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل ئەھۋالدا لار، لەر قوشۇمچىسىنى قوشۇش ھاجەتسىز.

2) جۈملىنىڭ تەڭداش بۆلەكلىرى بولۇپ كەلگەن ئىسىملار ئالاھىدە تەكىتلەنمىسە، كۆپلۈك قوشۇمچىسى تەڭداش بۆلەك بولۇپ كەلگەن ئىسىملارنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكىسىگە قوشۇلىدۇ. ئەگەر ئالاھىدە تەكىتلەنسە، تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ھەرقايسىسىغا ئايرىم-ئايرىم ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: پاختىچىلىق رايونلىرىدىكى گوڭشې، دۈيلەر كېۋەز پەرۋىشىنى ياخشى ئېلىپ بارماقتا، دېگەندە گوڭشې، دۈي دېگەن ئىسىملار ئادەتتىكى كۆپلۈك مەنە بىلەن ئېيتىلغان تەڭداش بۆلەكلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرىدىكى تەڭداش بۆلەككىلا ئۇلانغان. ئەگەر تەكىتلەنسە، بۇنى گوڭشېلار، دۈيلەر قىلىپ ھەر بىرىگە ئۇلاشقا توغرا كېلىدۇ.

3) جىسىملارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ۋە مىقدار بىرلىكى سان بىلەن ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك ئۆلچەملەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا ئادەتتە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، شۇ شەيئىلەر تۈرىنىڭ ياكى ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ كەلگەن ئۆلچەملەرنىڭ كۆپلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: سۇلار دېسەك، ئېرىق-ئۆستەڭ، كۆل، دەريا سۇلىرى ياكى قاچا-ئىدىشقا قويۇلغان سۇ دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە، ياغلار دېسەك، قوي يېغى، سۇ يېغى، كالا يېغى ياكى قاچىلارغا قاچىلانغان ياغ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنلار دېسەك، بۇغداي ئۇنى، قوناق ئۇنى، ئارپا ئۇنى ياكى تاغارغا قاچىلانغان ئۇن دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

4) ئابستراكت چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدىغان بەزى ئىسىم لارغا كۆپلۈك قوشۇمچىسى ئادەتتە قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، سان جەھەتتىكى كۆپلۈكنى ئەمەس، بەلكى شۇ سۆز دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: تىنچلىق دېگەن سۆزگە كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. ئوقۇش، ئۆگىنىش

دىگەن سوزلەرگە (ھەركەت ناملىرىغا) كوپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلسا (ئوقۇشلار، ئۆگىنىشلەر دىگەندەك)، سانىنىڭ كوپلۈكىنى ئەمەس، بەلكى ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشكە ئالاقىدار ئىشلار دىگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

5) ئادەتتە خاس ئىسىملارغا كوپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، شۇ خاس ئىسىمنىڭ كوپلۈكىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك شەيئىلەرنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: شاڭخەيلەرگە باردۇق دىسەك، شاڭخەينىڭ كوپلۈكىنى ئەمەس، بەلكى شاڭخەيگە بارغىچە بولغان يولدىكى باشقا شەھەرلەرنى بىلدۈردۇ. ئەخمەتلەر كەلدى دىسەك، ئەخمەتنىڭ كوپلۈكىنى ئەمەس، بەلكى ئەخمەت باشقىلار بىلەن بىللە كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

6) جۈپ نەرسىلەرنى ياكى بىرلا نەرسىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارغا كوپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇلمايدۇ. ئەگەر قوشۇلسا، مەنىنى كۈچەيتىش، تەسىۋرلىكنى ئاشۇرۇش، تەكىتلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن: كوزلىرىم تىلىپ كەتتى، يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى دىگەنگە ئوخشاش.

7) ئىلغان، ئىگەن قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان سانلار ئىنىقلىنىپ كەلگەن ئىسىملارغا كوپلۈك قوشۇمچىلىرىنى قوشۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: مىڭلىغان ئىشچى، ئون مىڭلىغان قوي دىگەنلەرنى مىڭلىغان ئىشچىلار، ئون مىڭلىغان قويلار دىيىشكە بولمايدۇ.

8) يونۇلۇش ۋە چىقىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن سانلاردىن كېيىن يېقىن، ئارتۇق سوزلىرى كېلىپ، سانىنىڭ مولچەر بىلەن ئىھتىمالغانلىقىنى بىلدۈرسە ۋە بۇ سان بىلەن ئىنىقلانغان ئىسىم ئارىسىغا باشقا سوزلەر كىرىپ قالمىسا، شۇ ئىسىم ئاخىرىغا كوپلۈك قوشۇمچىسىنى قوشۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن: يېزا ئىگىلىكىگە سەپەرۋەر قىلىنغان مىڭدىن ئارتۇق كىشى دىگەننى يېزا ئىگىلىكىگە سەپەرۋەر قىلىنغان مىڭدىن ئارتۇق كىشىلەر دىيىشكە بولمايدۇ.

## § - 30 ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى

ئىسىملار مەلۇم گىرامماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزى ئىپادىلىگەن شەيئىنى ۋە ھادىسىلەرنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل ھادىسە ئىسىملارنىڭ يەنە بىر خىل گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئىسىملارنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ.

ئىسىملاردا ئىپادىلەنگەن شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ قايسى شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان گىرامماتىكىلىق شەكىللەر شەخس قوشۇمچىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: مېنىڭ ۋەتىنىم، سېنىڭ ۋەتىنىڭ، ئۇنىڭ ۋەتىنى دېگەندىكى ـم، ـڭ، ـى لار شەخس قوشۇمچىلىرىدىن ئىبارەت.

تىلىمىزدا ئىگىلىگۈچى شەيئىلەر بىرىنچى (سۆزلىگۈچى)، ئىككىنچى (تىڭشىغۇچى)، ئۈچىنچى (ئۆزگە) شەخسلەردىن بولۇشىغا قاراپ، تەۋەلەنگۈچى شەيئىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلىدىغان شەخس قوشۇمچىلىرىمۇ ئۈچ يۈرۈش بولىدۇ.

بىرىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا ـىم، ـۇم (um) - ـۈم (üm) قوشۇمچىلىرى، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا ـم قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. بىرىنچى شەخسنىڭ كۆپلۈكى ئۈچۈن، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا ـىمىز، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا ـمىز قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|
| كىتاب - كىتاۋىم | كىتاۋىمىز |
| قول - قولۇم | قولىمىز |
| سۆز - سۆزۈم | سۆزىمىز |
| ئىرادە - ئىرادەم | ئىرادىمىز |
| بالا - بالام | بالىمىز |

ئىككىنچى شەخس بىرلىك ئۈچۈن، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا ىڭ، ۇڭ (ung) ۈڭ (üng) گىز قوشۇمچىلىرى، سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا ڭ، گىز قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. كۆپلۈك ئۈچۈن، ئۈزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا ىڭلار، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا ڭلار قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|
| خەلق ـ خەلقىڭ، خەلقىڭىز | خەلقىڭلار |
| يول ـ يولۇڭ، يولىڭىز | يولۇڭلار |
| كوز ـ كوزۇڭ، كوزىڭىز | كوزۇڭلار |
| ئىپادە ـ ئىپادەڭ، ئىپادىڭىز | ئىپادەڭلار |
| خۇلاسە ـ خۇلاسەڭ، خۇلاسىڭىز | خۇلاسەڭلار |

ئۈچىنچى شەخس ئۈچۈن، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا ى، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ئىسىملارغا سى قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ساداقەت ـ ساداقىتى | ئىنقىلاپ ـ ئىنقىلاۋى |
| دادا ـ دادىسى | گۈڭشې ـ گۈڭشېسى |

ئۈچىنچى شەخس قوشۇمچىسىنىڭ بىرلىك، كۆپلۈك شەكلى ئوخشاش.

ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن قوشۇلىدۇ.

## § ـ 31 ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى

كېلىش كاتېگورىيىسى جۈملىدە ئىسىملارنىڭ ئۆزئارا ۋە باشقا سوز تۈركۈملىرى بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى كورسىتىدۇ. ئىسىملار كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، جۈملىدە ھەر خىل سىنتاكسى-

لىق ۋەزىپە ئۆتەيدۇ. كىرىش شەكىللىرى ئۆزى قوشۇلغان ئىسىملارنىڭ مەنىلىرىگە تۈرلۈك گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى قوشىدۇ. مەسىلەن:

بەش غېرىچە مىلتىقى نۇرانە پالۋان بەستىدە،
تاڭ قۇياشى نۇر تۆكۈپتۇ كەڭرى مەيدان ئۈستىگە،
بۇ جۇڭخۇا پەرزەنتى ئەڭ ئالىجاناپ خىسلەتكە باي،
ئىشقىنى بەرگەن قورالغا، رەڭ ئىزلىمەس دۈشمىنىگە.

بۇ مىسرالاردا كىرىشنىڭ گرامماتىكىلىق شەكىللىرىدىن بولغان - دە ھەركەتنىڭ ئورنىنى، گە، كە، غا ھەركەتنىڭ يۆنىلىشىنى، نى ھەركەتنىڭ ئوبيېكتىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزى قوشۇلغان ئىسىملارنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. مانا مۇشۇنداق مەنە ۋە مۇناسىۋەتلەردىن قارىغاندا، ئۇيغۇر تىلىدا ئالتە كىرىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناملىرى جۈملىدىكى رولىغا قاراپ قويۇلغان.

## 1. باش كىرىش

ئىسىملارنىڭ تۈرلىنىشىگە كىرمەي تۇرغاندىكى شەكلى ئارقىلىق باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان كىرىش باش كىرىش دېيىلىدۇ. باش كىرىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە، كۆپىنچە، ئىگە، بەزىدە خەۋەر ۋە ئېنىقلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغار قوشۇنى. ھەقىقەتنى سىناشنىڭ ئۆلچىمى — ئەمەلىيەت. ماركسىزم — ئىلمىي ھەقىقەت. ئىتتىپاقلىق — كۈچ دېگەن جۈملىلەردە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، ئۆلچىمى، ماركسىزم، ئىتتىپاقلىق دېگەن ئىسىملار ئىگە؛ قوشۇنى، ئەمەلىيەت، ھەقىقەت، كۈچ دېگەن ئىسىملار خەۋەر ۋەزىپىسىدە كېلىپ، باشقا سۆزلەر بىلەن گرامماتىكىلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەن.

## 2. ئىگىلىك كېلىش

ئىسىملارغا قوشۇلۇپ ئىگىلىگۈچى شەيئىنى بىلەن ئىگەللەنگۈچى شەيئىنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان كېلىش ئىگىلىك كېلىش دېيىلىدۇ. ئىگىلىك كېلىش ئۈچۈن ئىگىلىگۈچى ئىسىملارنىڭ ئاخىرىغا -نىڭ قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى تۇتۇلۇشتىن ئىلگىرى، بۇ كېلىش ئۈچۈن نۈڭ، نۇڭ (nüng) قوشۇمچىلىرىمۇ قوللىنىلغان ئىدى، ھازىر بۇ قوشۇمچىلار قوللىنىلمايدۇ.

ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە كىمنىڭ؟ نېمىنىڭ؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى تەكشى ئۆسكەن ئاق تېرەكلەر لەرزان شامالدا ئاستا شىلدىرلايتتى. باش باھارنىڭ كەچكى ھاۋاسى كىشىلەرگە ھوزۇر بېغىشلايتتى دېگەن جۈملىلەردىكى يول، باھار دېگەن ئىسىملارغا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ، قاسنىقى، ھاۋاسى دېگەن ئىسىملارغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلىگەن.

ئىگىلىك كېلىش مۇناسىۋىتى جۈملىدە بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: زاۋۇت ئىشچىلىرى يىغىلدى دېسەك، زاۋۇت سۆزى ئىشچىلار دېگەن سۆزگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ئىسىم بولسىمۇ، ئاخىرىغا -نىڭ قوشۇلمىغان. شۇڭا بۇ خىل ئەھۋالنى ئىگىلىك كېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ يوشۇرۇن ئىپادىلىنىشى دەيمىز. ئەگەر تىراكتور زاۋۇدىنىڭ ئىشچىلىرى يىغىلدى دەيدىغان بولساق، زاۋۇت سۆزىنىڭ ئاخىرىغا — -نىڭ قوشۇلۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇنى ئىگىلىك كېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئاشكارا ئىپادىلىنىشى دەيمىز.

جۈملىدە ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى ياكى چۈشۈپ قالماسلىقى ئىگىلىك كېلىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئەنە

شۇنداق ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ئىپادىلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭ كونكرېت قائىدىلىرى تۆۋەندىكىچە:

a) جۈملىدە ئىگىلىگۈچى ئىسىم باشقا سۆز بىلەن ئېنىقلىنىپ كەلگەن بولسا، بۇنداق ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدىكى نىڭ چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ ئىشچىلىرى،
مۇشۇ دۆلەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى،
ياخشى ئادەمنىڭ بالىسى،
بىر كىشىنىڭ پىكرى.

b) جۈملىدە ئىگىلىگۈچى ئىسىم شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن بولسا، بۇنداق ئىسىملارنىڭ ئاخىرىدىكى نىڭ چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

شەھىرىمىزنىڭ خەلقى،
مەكتىۋىمىزنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى،
كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى، يېزىلارنىڭ ئالمىسى.

c) ئىگىلىگۈچى سۆز كىشى ئىسىملىرى بولسا، ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى نىڭ چۈشۈپ قالمايدۇ. ئەگەر ئىگىلىگۈچى ئىسىم بىلەن ئىگىلەنگۈچى ئىسىم بىرىككەن سۆزگە ئايلانسا، نىڭ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

باتۇرنىڭ ئىنىسى، قادىرنىڭ سۆزى،
كۆرەش قەھرىمانى، ناخشا ئاۋازى.

d) ئىگىلىگۈچى ئىسىم بىلەن ئىگىلەنگۈچى ئىسىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقا سۆز كەلسە، نىڭ چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

قەھرىماننىڭ نەمۇنىلىك ئىش - ئىزلىرى،
شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرى.

e) ئادەتتە ئالماش، سان، سۈپەت ۋە سۈپەتداشلار ئىگىلىگۈچى بولۇپ كەلسە، نىڭ چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

تۆتىنىڭ بىرى،
ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى،

بىزنىڭ تىرىشچانلىقىمىز،
سىنىڭ كىتاۋىڭ،
ياخشىنىڭ شاراپىتى تېگەر،
يامانىنىڭ كاساپىتى (تېگەر)،
ئولگەنىنىڭ ئۇستىگە تەپمەك.

f) تەگداش ئىگىلىگۇچىلەرنىڭ ھەر بىرى ئايرىم تەكىتلەنسە، ئىڭ قوشۇمچىسى ئەڭ ئاخىرىسىدىكىگىلا قوشۇلىدۇ، قالغانلىرىدا چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

دېخانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئورمانچىلىقنىڭ تەرەققىياتى.

g) ئەگەر ئىگىلىگۇچى ھەركەت نامى، ئىگىلەنگۇچى ئىسىم بولسا، ئىڭ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش پىلانى،
بېرىش - بارماسلىق مەسىلىسى،
ئىقتىساتنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى.

h) ئەگەر ئىگىلىگۇچى بىلەن ئىگىلەنگۇچى سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلسا، ئىڭ چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو خەلقى،
سوزلەش پۇرسىتى،
تېچلىق كۈچلىرى.

يۇقۇرىدا ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ چۈشۈپ قېلىش-قالماسلىق مەسىلىسىنى كورسىتىپ ئوتتۇق. بۇ جەھەتتىكى كونكرېت تەرەپلەر مۇشۇلا ئەمەس، بۇنى يەنە تەتقىق قىلىش ۋە ئۇگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

### 3. يونۇلۇش كېلىش

يونۇلۇش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۇملىدە ئاساسەن، ھەركەت ۋە سۇپەتكە قارىتىلغان شەيئىنى بىلدۇرىدۇ. بۇ كېلىشتە كەلگەن سوز تولاراق پېئىل ۋە سۇپەتلەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ، يەنى جۇملىدە

ئۆزى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆز بىلەن باشقا سۆزنىڭ (تولاراق پېئىل ۋە سۈپەتنىڭ) باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

يولداشلارغا باھاردەك ئىللىق بول،
خىزمەتكە تومۇزدەك قىزىق بول.
شەخسىيەتچىلىككە غازاڭ تۆككەن كۈز بورىنىدەك قەيسەر بول،
دۈشمەنلىككە خۇددى زىمىستان سوغاقتەك رەھىمسىز بول.

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ پەن-مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش — پۈتۈن خەلق ئالدىغا قويۇلغان غايەت زور ۋەزىپە دېگەن مىساللاردىكى يولداشلارغا، خىزمەتكە، شەخسىيەتچىلىككە، دۈشمەنلىككە، خەلق ئالدىغا دېگەن سۆزلەر يۆنۈلۈش كېلىشتە كېلىپ، ئىللىق بول، قىزىق بول، قەيسەر بول، رەھىمسىز بول، قويۇلغان دېگەن سۆزلەر بىلەن باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كېلىش ئارقىلىق ھەرىكەت ۋە سۈپەت قارىتىلغان شەيئىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

يۆنۈلۈش كېلىش ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىق قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، تىل ئارقا ۋە ئارا سۆزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە -غا، -قا، تىل ئالدى سۆزۈك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە، كۆپىنچە، -گە، -كە، بەزى سۆزلەرگە -قە، -غە شەكىللىرى ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن: سۇغا، باققا، كۆزگە، ئىشىككە، قەشقەرغە، شەرققە.

مەن، سەن ئالماشلىرىغىلا قەدىمىي ئۇيغۇر تىلىدىكى يۆنۈلۈش كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن بولغان -ڭا شەكلى قوشۇلىدۇ، شۇنىڭدەك بۇ قوشۇمچىنىڭ تەسىرى بىلەن، مەن، سەن سۆزلىرىدىكى ن تاۋۇشى چۈشۈپ قېلىپ، ئە تاۋۇشى ئا غا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن: ماڭا، ساڭا.

يۆنۈلۈش كېلىش ئىش-ھەرىكەت ۋە سۈپەت قارىتىلغان شەيئىنى بىلدۈرۈشتىن سىرت، يەنە مۇنداق مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ: سەن بولغاچقا، بىزگە ئۇتۇق يار. سىزنىڭ كەلگىنىڭىزگە خۇشالمەن، دېگەن جۈملىلەردە سەۋەبنى، ئۇ تۇرپانغا خىزمەتكە

كەتتى، دېسەك مەقسەتنى، مەن بىر كۈنگە رۇخسەت ئالدىم، دېسەك ۋاقىتنى، بۇ كىتاپنى ئىككى يۈەنگە ئالدىم، دېسەك باھانى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ.

## 4. چۈشۈم كېلىش

چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار جۈملىدە باشقا سۆزلەر بىلەن، بولۇپمۇ پېئىللار بىلەن باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كېلىپ، ھەركەتنى ئۈستىگە ئالغان ياكى ھەركەتنىڭ بىۋاستە ئوبيېكتى بولغان شەيئىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

گۈلنى گۈل دەمدۇ كىشى،
گۈلنىڭ تىكەنى بولمىسا.
يارنى يار دەمدۇ كىشى،
يارنىڭ ۋاپاسى بولمىسا.

بۇ قوشاقتىكى گۈلنى، يارنى دېگەن ئىسىملار گۈل دەمدۇ، يار دەمدۇ دېگەن سۆزلەر بىلەن باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كېلىپ، ھەركەت ئۈستىگە چۈشكەن بىۋاستە ئوبيېكتنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

شېئىرىيەتتە بەزىدە ئۈچىنچى شەخسكە تەۋە بولۇپ قالغان سۆز چۈشۈم كېلىشتە كەلسە، شەخس قوشۇمچىسىدىن كېيىن ۋەزىن تەلىۋىگە ئاساسەن، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى ن شەكلىدە كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ماركسىزىم مەشئەلىن پەقەت ئۆزەك تۇتقازدىڭ،
دوست ـ دۈشمەننى تونۇتۇپ، نۇرلار بەردىڭ كۆزۈمگە.

چۈشۈم كېلىش بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن كېلىدۇ. بۇ خىل ھادىسە چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن سۆزنىڭ سۆزلىگۈچىگە ۋە ئاڭلىغۇچىغا ئېنىق بولۇش ـ بولماسلىقى ھەم ئالاھىدە تەكىتلىنىش ـ تەكىتلەنمەسلىكىگە باغلىق. چۈشۈم كېلىشنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك كونكرېت قائىدىلەر

تۆۋەندىكىچە:

۱) تۈرلۈك سۆزلەر بىلەن ئېنىقلىنىپ كەلگەن ئىسىملار چۈشۈم كېلىشتە كېلىپ، باشقۇرغۇچى سۆز بىلەن باغلانسا، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن: مەن بۇ كىتاپنى ئوقۇدۇم. تۈنۈگۈنكى كىنونى كۆردىڭىزمۇ؟ سىز ئەۋەتكەن خەتنى ئوقۇدۇم، دىگەن مىساللاردىكى كىتاپنى، كىنونى، خەتنى دىگەن سۆزلەر باشقا سۆزلەر بىلەن ئېنىقلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمىغان. ئەمدى بۇ مىساللارنى مەن كىتاپ ئوقۇدۇم، سىز كىنو كۆردىڭىزمۇ؟ خەت ئوقۇدۇم دىگەن تەرىقىدە باشقا سۆزلەر بىلەن بۇ سۆزلەرنى (كىتاپ، كىنو، خەت سۆزلىرىنى) ئېنىقلاتماي ئېيتىدىغان بولساق، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ.

2) چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن سۆز تەكىتلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن باشقۇرغۇچى سۆزنىڭ ئارىسىغا باشقا سۆز كىرىپ قالسا، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن: سۆزنى مەن سۆزلىدىم، كىتاپنى ئۇ ئالدى، گەپنى سىز قىلدىڭىز، دىسەك، سۆزنى، كىتاپنى، گەپنى دىگەن سۆزلەر تەكىتلىنىپ ئېيتىلغانلىقى ئۈچۈن، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمىغان. ئەمدى بۇ سۆزلەرنى تەكىتلىمەي، ئۆزى بىلەن باشقۇرغۇچى سۆزنىڭ ئارىسىغا باشقا سۆز قوشماي مەن سۆز سۆزلىدىم، ئۇ كىتاپ ئالدى، سىز گەپ قىلدىڭىز، دىگەن تەرىقىدە ئېيتساق، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ.

3) خاس ئىسىملار، كىشىلىك ئالماشلىرى، كۆرسىتىش ئالماشلىرى، ئۆزلۈك ئالماشلار، سان، سۈپەت، ۋاقىت رەۋىشلىرى چۈشۈم كېلىشتە كەلسە، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن: پايتەختىمىز بېيجىڭنى كۆردۈم. سىزنى ئۇلار چاقىرغان. بۇنى قەيەردىن ئالدىڭىز؟ ئۆزەڭنى مەھكەم تۇت، خوشناڭنى ئوغرى تۇتما (ماقال).

4) كۆپلۈك بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەر چۈشۈم كېلىشتە كەلسە،

چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن: ئوقۇغۇچىلارنى ئەمگەككە تەشكىللەپ قويدۇق. ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەتلەش لازىم. كىتاپلارنى ئەشرگە بەردۇق.

5) چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن سۆز باشقۇرغۇچى سۆز بىلەن باغلىنىپ بىرىككەن سۆز تەشكىل قىلسا، چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالىدۇ. ئەگەر بىرىككەن سۆز تەشكىل قىلمىسا، چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن: قول قويۇش، ئارمان قىلىش. باش قاتۇرۇش، قولۇڭنى قوي، ئۇ ئارماننى ئەمدى قىلما، بېشىڭنى تولا قاتۇرما.

## 5. ئورۇن كېلىش

ئورۇن كېلىشتە كەلگەن سۆز جۈملىدە ئۆزى باغلىنىدىغان سۆز بىلەن باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كېلىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ كېلىشنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى (قوشۇمچىلىرى) دا، دە، تا، تە بولۇپ، سۆزۈق تاۋۇش ھەم جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە دا، دە، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە تا، تە قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: داشۆبىدە، يېزىدا، كىتاپتا، چىلەكتە، قوشۇقتا، ئىنقىلاپتا، كۆزدە، ئائىلىدە.

ئورۇن كېلىش، ئاساسەن، ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى ئىپادىلەشتىن تاشقىرى تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ:

1) بەزىدە ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن: سائەت بەشتە دوكلات ئاڭلايمىز. مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىمىز، دېگەن مىساللاردىكى سائەت بەشتە، مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە دېگەن سۆزلەر ئورۇن كېلىشتە كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

2) بەزىدە ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ۋاستە بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: خەتنى قەلەمدە يازدىم، بېيجىڭغا

ئايروپىلاندا باردىم، دېگەن مىساللاردىكى قەلەمدە، ئايروپىلاندا دېگەن سۆزلەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ۋاستە بىلەن ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

## 6. چىقىش كېلىش

چىقىش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرمۇ باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ چىقىش ئورنىنى ۋە نۇقتىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كېلىش ئۈچۈن سۆزۈك تاۋۇش ھەم جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە دىن، جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان سۆزلەرگە تىن ئۇلىنىدۇ. مەسىلەن:

شەرقتىن كوتىرىلگەن قۇياش يايلاقنى يورۇتتى

— يولۋاس ئىزىدىن قايتماس، يىگىت سۆزىدىن (ماقال)

دېگەن مىساللاردىكى شەرقتىن، ئىزىدىن، سۆزىدىن دېگەن سۆزلەر چىقىش كېلىشتە كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ چىقىش ئورنىنى ۋە نۇقتىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

چىقىش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەر يۇقىرىقى ئاساسىي مەنىدىن باشقا، تۆۋەندىكىدەك مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ:

1) ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشلانغان ۋە داۋاملاشقان ۋاقتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: شىنجاڭ — ئەزەلدىن ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. بۇ — بۇرۇندىن ئىشلەپ كېلىۋاتقان خىزمىتىم، دېگەن مىساللاردىكى ئەزەلدىن، بۇرۇندىن دېگەن سۆزلەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشلانغان ۋە داۋاملاشقان ۋاقتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

2) ئىش-ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: "4 كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرىمىز ئارقىدا قالدى. ئىشىم بولمىغانلىقتىن تېز قايتىپ كەلدىم دېگەن مىساللاردىكى بۇزغۇنچىلىقىدىن، ئىشىم بولمىغانلىقتىن دېگەن سۆزلەر چىقىش كېلىشتە كېلىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى ئىپادىلىگەن.

3) شەيئىنىڭ نېمىدىن ياسالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

شېكەرنى قىزىلچىدىن ياسايدۇ. تومۇردىن ياسالغان ساندۇق.

4) ئىش ـ ھەركەتكە ۋاستە بولغان شەيئىنى بىلدۈرىدۇ. مەسە-
لەن سىزنى دەرىزىدىن كۆردۈم. كۈۋرۈكتىن ئۆتتۇم.

يۇقۇرىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىملارنىڭ مۇھىم گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىسى بولغان كېلىش كاتېگورىيىسى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتتۇق. ئۇيغۇر تىلىدىكى كېلىش كاتېگورىيىسىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بەزىلەر ئۇيغۇر تىلىدا يۇقۇرقى 6 كېلىشتىن باشقا، يەنە بىرنەچچە خىل كېلىش بار، مەسىلەن: بازاردىكى، مەكتەپتىكى، يازدىكى، قەشقەرغىچە، قىشقىچە، كەچكىچە دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەردىكى دىكى، تىكى، غىچە، قىچە، كىچە دېگەنلەرمۇ كېلىش قوشۇمچىلىرى بولۇپ، بۇلار ئىككى خىل كېلىشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇلار زادى كېلىشمۇ ياكى ئورۇن ۋە بونۇلۇش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرگە (بازاردا، مەكتەپتە، يازدا، قەشقەرغە، قىشقا، كەچكە) سۈپەت ۋە رەۋىش ياسايدىغان كى، چە قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان سۈپەت ۋە رەۋىشمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەرنى يەنىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

# سەككىزىنچى باپ سۈپەت

## 32 - § سۈپەت ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

لېكسىكىلىق مەنىسى جەھەتتىن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ رەڭگىنى ۋە خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز سۈپەت دېيىلىدۇ. مەسىلەن: گۈزەل ۋەتەن، قىزىل تۇغ، ئېگىز تاغ، سىنىپىي مەيدان، ئىلمىي تەجرىبە، ئىنچىكە يىپ، كوممۇنىستىك ئەخلاق، ئىنقىلابىي كۈرەش دېگەن سۆزلەردىكى گۈزەل، قىزىل، سىنىپىي، ئىلمىي، ئىنچىكە، كوممۇنىستىك، ئىنقىلابىي قاتارلىق سۆزلەر سۈپەت بولۇپ، ئۇلار ئۆزى بېقىنغان ئىسىملارنىڭ رەڭگىنى ۋە تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

كونكرېت شەيئى ۋە ھادىسىلەر بولمايدىكەن، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى توغرىلىق گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ، جۈملىدىن شەيئى ۋە ھادىسىلەرنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار بولمايدىكەن، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ رەڭگىنى ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەرنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا سۈپەتلەر ئىسىملار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

سۈپەتلەرنى لېكسىكىلىق مەنىسىگىلا قاراپ ئەمەس، بەلكى گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيىتىگىمۇ قاراپ، بىر سۆز تۈركۈمى دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. تۆۋەندە سۈپەتلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز:

1. سۈپەتلەر ئۆزىگە خاس دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە بولۇپ، شەيئى ۋە ھادىسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ھەر خىل دەرىجىدە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: كۆك بوياق، كۆكۈش بوياق، كۆپ - كۆك بوياق،

يېشى بىنا، يېڭىراق بىنا، يىپ - يېڭى بىنا، چىرايلىق قىز، چىرايلىقراق قىز، ناھايىتى چىرايلىق قىز، چىرايلىقتىنا قىز دىگەن مىساللاردىكى كوك، يېڭى، چىرايلىق دىگەن سۈپەتلەر بوياق، بىنا، قىز دىگەن ئىسىملارنىڭ ھەر خىل دەرىجىدىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

2. سوز ياساش رولى جەھەتتىن ئالغاندا، سۈپەتلەرگە تاللاپ قوشۇلىدىغان قوشۇمچە يوق. لېكىن باشقا سوز تۈركۈملىرىگە سىز، دەك، تەك، قى، قى، كى، گى، ىي، ۋىي، چان، نا، بە، بەت، خور قاتارلىق سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ ياسالغان سوزلەر سۈپەت تۈركۈمىگە كىرىدۇ. مەسىلەن: ئاڭسىز، پولاتتەك، گۈلدەك، يازغى، كۈزگى، ئىچكى، ئىشچان، ئىنقىلاۋىي، بىمەدەپ، بەتقىلىق، نائىنساپ، گۇمانخور ۋە باشقىلار.

باشقا سوزلەرگە قوشۇلۇپ، ئىسىم ياسايدىغان، لىق، لىك، لۇق، لۈك قوشۇمچىلىرى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ سۈپەت ياسايدۇ. مەسىلەن: تەشكىللىك، ئىنتىزاملىق، كۈنلۈك، يوللۇق.

3. سۈپەتلەر جۈملىدە، كوپىنچە، ئىسىملارغا باغلىنىپ كېلىدۇ. ئاز ساندىكى ياخشى - يامان، ئىگىز - پەس، ئوڭاي - تەسكە ئوخشاش سۈپەتلەر جۈملىدە پېئىللارغا باغلىنىپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: ياخشى ئىشلىدى، يامان كورۇپ قالدى، ئىگىز - پەس مېڭىپ كەتتى، ئوڭايلا كورۈۋالدى.

## § - 33 سۈپەت تۈرلىرى

سۈپەتلەر شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى قانداق ئىپادىلىشىگە قاراپ، ئەسلى ۋە نىسپى سۈپەت دەپ ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ.

## 1. ئەسلى سۈپەت

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى، رەڭگىنى بىۋاستە ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەر (تۈپ سۈپەتلەر) ئەسلى سۈپەت دېيىلىدۇ. ئەسلى سۈپەتلەر ئىپادىلەيدىغان خۇسۇسىيەتلەر، كۆپىنچە، كونكرېت، يەنى كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق بىلىشكە بولىدىغان خۇسۇسىيەتلەردىن ئىبارەت. بۇ خىل سۈپەتلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) شەيئىلەرنىڭ رەڭگىنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەر. مەسىلەن: ئاق، قارا، كۆك، يېشىل، ئالا، قىزىل.

2) شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك بەلگىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەر. مەسىلەن: ئۇزۇن، قىسقا، سېمىز، ئورۇق، چوڭ، كىچىك، ئېگىز، پەس.

3) شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەر. مەسىلەن: ياخشى، يامان، ئىسسىق، سوغاق، ئوڭاي، تەس.

## 2. نىسپى سۈپەت

شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى باشقا شەيئى ۋە ھادىسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا مەلۇم شەكىلگە تايىنىپ (ۋاستىلىك) ئىپادىلەيدىغان سۈپەتلەر نىسپى سۈپەت دېيىلىدۇ. نىسپى سۈپەتلەر كۆپىنچە، ئىسىم، سان، پېئىل قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرىگە تۈرلۈك سۈپەت ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: كۈچلۈك، كۈچسىز، ئەقىللىق، ئەقىلسىز، يازلىق، كۈزگى، بىرلىك، ئىدىيىۋى، ئۆزۈك، تۈزۈك، قىزىق، ئىقتىسادىي، يېپىق، قانخور.

سۈپەتلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك ئىككى تۈرگە بولۇنۇشى سۈپەتلەرنىڭ گىرامماتىكىلىق تۈرلىنىشىدە تېخىمۇ ئوچۇق كۆرۈلىدۇ، يەنى ئەسلى

سۈپەتلەر سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن تولۇق تۈرلەنسە، نىسبىي سۈپەتلەرنىڭ بىر قىسمى تۈرلەنمەيدۇ. مەسىلەن: تاغدەك، تۈنۈگۈنكى، بۈگۈنكى، ئىقتىسادىي دېگەنگە ئوخشاش نىسبىي سۈپەتلەرنى سۈپەت دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلىگىلى بولمايدۇ.

## § - 34 سۈپەتنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

شەيئىلەرنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتىنىڭ ئارتۇق ياكى كەملىك جەھەتتىن ئۆزئارا پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ.

شەيئىلەرنىڭ بىر خىل خۇسۇسىيىتى ئوخشاش دەرىجىدە بولمايدۇ. مانا بۇ خىل ئەمەلىيەت سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەسىلەن: قىزىل دېگەن سۈپەتنى ئالساق، بۇ، باشقا رەڭ - تۈس سۈپەتلىرىگە ئوخشاش، شەيئىلەرنىڭ رەڭگى جەھەتتىكى بىر خىل خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن بۇ سۈپەت ئىپادىلىگەن قىزىللىق ھەر خىل دەرىجىدە بولىدۇ، يەنى قىزىل دېسەك، نورمال قىزىللىق دەرىجىسىنى، قىزىلراق دېسەك، نورمال قىزىللىققا يېقىنراق قىزىللىقنى، قىپ - قىزىل دېسەك، قىزىللىقنىڭ ناھايىتى قېنىق دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى، قىزغۇچ دېسەك، نورمال قىزىللىققا يەتمەيدىغان دەرىجىدىكى ئاچ قىزىللىقنى ئىپادىلەيدۇ. مۇشۇنداق مەلۇم گىراماتىكىلىق شەكىل ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئىپادىلىنىش نەتىجىسىدە سۈپەت دەرىجىسى دېگەن گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە مەۋجۇت بولغان. ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى بەش خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

## 1. ئاددى دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئادەتتىكىچە (نورمال) ئىپادىلەيدىغان سۈپەت شەكلىنى سۈپەتنىڭ ئاددى دەرىجىسى دەيمىز. سۈپەتنىڭ ئاددى دەرىجىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، مەخسۇس گىرامماتىكىلىق شەكىل ئىشلىتىلمەيدۇ. ئاددى دەرىجە ئىپادىلەيدىغان مەنە سۈپەتلەرنىڭ تۈرلىنىشكە كىرمەي تۇرغاندىكى شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاق، قارا، قىزىل، سېرىق، كۈچلۈك، كۈچسىز، تەبىي، سۈنئى.

ئاددى دەرىجىدىكى سۈپەتلەر باشقا دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ.

## 2. سېلىشتۇرما دەرىجە

سېلىشتۇرما دەرىجە شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى سېلىشتۇرۇپ، بىرى ئىككىنچىسىدىن ئارتۇق ياكى كەملىكىنى ئىپادىلەيدۇ. سېلىشتۇرما دەرىجە ئاددى دەرىجىدىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا رەك، راق قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: قىزىل - قىزىلراق، ئاق - ئاقراق، كەڭ - كەڭرەك، ئىنچىكە - ئىنچىكىرەك.

سېلىشتۇرما دەرىجىدە سېلىشتۇرۇلغۇچى ئىككى شەيئى بىردەك كۆرسىتىلىشىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ بىرى كۆرسىتىلمىشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا سېلىشتۇرۇلغۇچىنىڭ ئىككىلىسى كۆرسىتىلسە، كونكرېت سېلىشتۇرۇش، بىرسى كۆرسىتىلسە، ئابستراكت سېلىشتۇرۇش دېيىلىدۇ.

كونكرېت سېلىشتۇرۇشتا سېلىشتۇرۇلغۇچىلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى كۆرسىتىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ بىرى چىقىش كېلىشتە ياكى كۆرە، نىسبەتەن، قارىغاندا قاتارلىق سۆزلەر بىلەن بىللە كېلىدۇ. ئۇ ھالدا بايان قىلىنغان سۈپەت رەك، راق شە-

كىللىرى بىلەن تۇرلىنىدۇ، مەسىلەن: ئۇنىڭ بويى سىزنىڭ بو- يۇڭغا قارىغاندا ئېگىزرەك. بۇ يول ئۇ يولدىن يېقىنراق. ماڭا نىسبەتەن سەن چاققانراق. پىكىر بەرمىگەندىن پىكىر بەرگەن ياخشىراق.

ئابستراكت سېلىشتۇرۇشتا سېلىشتۇرۇلغۇچى شەيئىلەردىن بىز ئىپادە قىلماقچى بولغان شەيئىنىڭلا سۈپىتى سېلىشتۇرما دەرىجە شەكىللىرى رەك، راق بىلەن تۇرلىنىدۇ. مەسىلەن: بىز چەترەك بىر ئۆيگە جايلاشتۇق، چوڭراق بىر ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. قومۇش نەمرەك يەردە ئۆسىدۇ، دېگەن مىساللاردىكى چەترەك، چوڭراق، نەمرەك دېگەن سۈپەتلەر ئۆيگە، ئۆستەڭ، يەردە دېگەن ئىسىملارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى كونكرېت بىر شەيئىگە سېلىشتۇرماي، ئابستراكت ھالدا سېلىشتۇرۇپ ئىپادىلىگەن.

## 3. ئاشۇرما دەرىجە

ئاشۇرما دەرىجە شەيئىلەر خۇسۇسىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دە- رىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ خىل دەرىجە تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللار بىلەن ياسىلىدۇ:

1) سۈپەتلەرنى (رەڭ - تۈس سۈپەتلىرىنى) يېرىم تەكرار- لاش (ئاۋال سۈپەت بوغۇمىنىڭ ئاخىرقى ئۈزۈك تاۋۇشى پ تاۋۇشىغا ئايلاندۇرۇلۇپ، ئاندىن شۇ سۈپەتنى تولۇق تەكرارلاش) ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: قىپ - قىزىل، ئاپپاق، ياپ - يېشىل، كوپ - كوك، ساپ - سېرىق، يۇپ - يۇمۇلاق، توپ - توغرا، باپ - باراۋەر.

2) ئاددى دەرىجىدىكى سۈپەتنىڭ ئالدىغا ئەڭ، تېخىمۇ، ناھايىتى، غايەت، زەپ، ئىنتايىن، خويما دېگەنگە ئوخشاش ئاشۇ- رۇش رەۋىشلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئەڭ ياخشى، تېخىمۇ كىچىك، زەپ چىرايلىق، غايەت زور، خويما

ئوبدان، بەك تىرىشچان.

بۇقۇرقىلادىن باشقا، بەزىدە ئالدىنقىسىنى چىقىش كېلىشىدە تۇرلەپ، كېيىنكىسىنى ئوز ئەينى بويىچە تەكرارلاش ئارقىلىقمۇ ئاشۇرما دەرىجە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئوچۇقتىن - ئوچۇق، يېڭىدىن - يېڭى، توغرىدىن - توغرا.

## 4. كېمەيتمە دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئادەتتىكىدىن (نورمال ھالىدىن) بىر ئاز كېمەيتىپ ئىپادىلەيدىغان سۈپەت دەرىجىسى كېمەيتمە دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.

كېمەيتمە دەرىجە مەلۇم بىر شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى يەنە بىر شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن سېلىشتۇرمايدۇ، بەلكى شۇ شەيئى خۇسۇسىيىتىنىڭ ئاددى دەرىجىگە (نورمال دەرىجىگە) تولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۈپەتلەرنىڭ كېمەيتمە دەرىجىسى ئاز ساندىكى رەڭ - تۈس سۈپەتلىرىگىلا خاس بولۇپ، ئۇ ئاددى دەرىجىدىكى رەڭ - تۈس سۈپەتلىرىنىڭ ئاخىرىغا ئىمش، ئۇش، ئۇچ، متۇل قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن، ئېقىش، كوكۇش، ساغۇچ، قارامتۇل.

بۇندىن باشقا، ئاددى دەرىجىدىكى رەڭ - تۈس سۈپەتلىرىنىڭ ئالدىغا ئاچ، سۇس قاتارلىق كەلىمىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى قوشۇش ئارقىلىقمۇ بەزى كېمەيتمە دەرىجىدىكى سۈپەتلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئاچ سېرىق، سۇس كوك، سۇس قىزىل.

## 5. ئەركىلەتمە دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى كىشىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ سۇبيېكتىپ قار-
شى بويىچە، مۇناسىپ، يېقىملىق بولۇپ تۇيۇلۇشى مۇمكىن. خۇسۇسى-
يەتنىڭ ئەنە شۇنداق مۇناسىپ ۋە يېقىملىق تۇيۇلىدىغانلىقىنى ئى-
پادىلەيدىغان سۆپەت دەرىجىسى ئەركىلەتمە دەرىجە دېيىلىدۇ.
مەسىلەن: ئىگىز، سېمىز دىگەن سۆپەتلەر ئىپادىلىگەن خۇسۇسىيەت-
لەر ئادەتتىكى خۇسۇسىيەتلەردىن ئىبارەت. ئەگەر مۇشۇ سۆپەتلەر
ئىپادىلىگەن خۇسۇسىيەتلەر بىزنىڭ كۆڭلىمىزگە ياقىدىغان ۋە باپ
كېلىدىغان بولسا، بىز ئۇنى يۇقۇرقىدەك قوللانماي، ئىگىزگىنە
بىر كىشى، سېمىزغىنا بىر بالا دەپ قوللىنىمىز. دېمەك، سۆپەت-
لەرنىڭ ئەركىلەتمە دەرىجىسى شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە
بولغان سۇبيېكتىپ باھادىن ئىبارەت.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆپەتلەرنىڭ ئەركىلەتمە دە-
رىجىسى ئاددى دەرىجىدىكى سۆپەتلەرنىڭ ئاخىرىغا ـغىنە،
ـقىنە، ـگىنە، ـكىنە قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ئاق، ئاقىنە، ئاز ـ ئازغىنە، ئىگىز ـ ئىگىزگىنە،
كىچىك ـ كىچىككىنە. سۆپەتلەر پىكىرنىڭ تەسىرلىك ۋە تەس-
ۋىرلىك ئىپادىلىنىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ، شۇڭا سۆپەتلەر-
دىن توغرا، مۇۋاپىق پايدىلىنىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز
كېرەك.

# توققۇزىنچى باپ سان

## 35 - § سان ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

مەنە جەھەتتىن شەيئىلەرنىڭ سانى، مىقدارى ۋە سان جەھەتتىكى تەرتىۋىنى بىلدۈرىدىغان سوز سان دېيىلىدۇ. مەسىلەن: يەتتە ئولچەپ بىر كەس (ماقال). بىز تېخى ئون مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنىڭ بىرىنچى قەدىمىنىلا باستۇق. بۇ مىساللاردىكى يەتتە، بىر، ئون مىڭ، بىرىنچى دىگەن سانلار ئولچەپ، كەس دىگەن پېئىللار ۋە يول، سەپەر، قەدەم دىگەن ئىسىملارنىڭ سانىنى ھەم سان جەھەتتىكى تەرتىۋىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. سانلار ساناشقا بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار بىلەن بىللە قوللىنىلىدۇ.

سانلار گىراماتىكىلىق جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1. سانلار جۈملىدە، ئاساسەن، ئىسىملارغا باغلىنىپ ئىنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ، ئوزى ھېچقاچان ئىنىقلىغۇچى قوبۇل قىلمايدۇ. مەسىلەن: ئۇلار 3 - قەۋەت 65 - نومۇرلۇق ئويدە ئولتۇرىدۇ. بۇ مەكتەپتە 16 سىنىپ بار. بۇ جۈملىلەردىكى "3 -"، "65 -"، "16" دىگەن سانلار قەۋەت، ئوي، سىنىپ دىگەن ئىسىملارنى سان جەھەتتىن ئىنىقلاپ كەلگەن.

2. سانلار ئوزىگە خاس دەرىجە كاتىگورىيىسىگە ئىگە.

3. سانلارنىڭ ئوزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلىرى يوق.

سانلار يۇقۇرقىدەك مەنە ۋە گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باشقا سوز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

## § - 36 سانلارنىڭ دەرىجە كاتىگورىيىسى

سانلارنىڭ ئوزىگە خاس گىراممانىكىلىق كاتىگورىيىسى توغرىسىدا ھەر خىل كوزقاراشلار بار. بۇ، سانلارنىڭ گىراممانىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان تۇرلۇك شەكىللىرى سانلارنىڭ ئوزىگە خاس گىراممانىكىلىق كاتىگورىيىسمۇ ياكى سانلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنە تۇرىمۇ دىگەن مەسىلىگە مەركەزلىشىدۇ.

سانلارنىڭ تۇرى ھىساپلىنىدىغان بەزى شەكىللىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۇزىتىدىغان بولساق، بۇ شەكىللەرنىڭ سانلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان تۇرى ئەمەس، ئايرىم - ئايرىم سان شەكىللىرى بەلكى گىراممانىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان سان شەكىللىرى ئىكەنلىكىنى بىلىش تەس ئەمەس. مەسىلەن: بەش، بەشىنچى، بەشچە دىگەن سان شەكىللىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئوخشاش، لېكىن بۇ سانلار شەيئىلەرنىڭ ئەنە شۇ ئوخشاش سانىنى ئوخشىمىغان گىراممانىكىلىق شەكىللەر بىلەن ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئىپادىلەيدۇ. بەش — مەلۇم شەيئىنىڭ ئېنىق سانىنى (مەسىلەن، بەش ئادەم، دىگەنگە ئوخشاش)، بەشىنچى — شەيئىنىڭ سان جەھەتتىن رېتىنى (مەسىلەن، بەشىنچى ئورۇن، دىگەنگە ئوخشاش)، بەشچە — شەيئى سانىنىڭ ئېنىقسىزلىقىنى (مەسىلەن، بەشچە ئادەم، دىگەنگە ئوخشاش) ئىپادىلەپ كەلمەكتە. مانا بۇلار مەزكۇر سانلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسىگە قوشۇلغان گىراممانىكىلىق مەنە بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇنى ئىسىم ۋە سۇپەتلەرنىڭ گىراممانىكىلىق كاتىگورىيىلىرى بىلەن سېلىشتۇرساق، بۇ خىل ھادىسىمۇ ئەنە شۇ گىراممانىكىلىق كاتىگورىيىلەر ئىپادىلىگەن گىراممانىكىلىق مەنىلەرگە ئوخشاش، سانلارنىڭ ئوزىگە خاس گىراممانىكىلىق مەنىلىرىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلىمىز.

دىمەك، سانلارنىڭ ئوزىگە خاس گىراممانىكىلىق كاتىگورىيىسى بار. بۇ كاتىگورىيە تۇرلۇك گىراممانىكىلىق شەكىللەر بىلەن ھەر خىل دەرى-

جىدىكى گرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا بۇنى سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دېيىشكە بولىدۇ. سانلارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى 3 خىل شەكىلدە بولىدۇ.

## 1. ئېنىق دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ سانىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان سان دەرىجىسى ئېنىق دەرىجە دېيىلىدۇ. بۇ خىل دەرىجە سانلارنىڭ تۈپ شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: ئون نەپەر كىشى، يۈز پارچە كىتاب، مىڭ تۇياق قوي.

ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار ئاددىي ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ:

بىرلا تۈپ ساندىن تۈزۈلگەن ساننى ئاددىي ئېنىق دەرىجىدىكى سان دەيمىز. مەسىلەن: بىر، ئىككى، بەش، يەتتە، ئون، يىگىرمە، يۈز، مىڭ، مىليون، مىليارت.

بىرنەچچە تۈپ ساندىن تۈزۈلگەن ساننى مۇرەككەپ، ئېنىق دەرىجىدىكى سان دەيمىز. مەسىلەن: بىر يۈز ئەللىك بەش، يىگىرمە توققۇز، بىر مىليارت، ئەللىك مىڭ.

ئېنىق دەرىجىدىكى سانلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئايرىم تۇرغاندا ئابستراكتراق بولىدۇ، جۈملىدە ئۆزى سان جەھەتتىن ئېنىقلايدىغان سۆزلەر بىلەن بىللە كەلگەندە كونكرېتلىشىدۇ. بولۇپمۇ دانىلىق بىرلىكنى بىلدۈرىدىغان قېتىم، چىمدىم، سىقىم، دانە، تال، نەپەر، جىڭ، كىلو، مېتىر، گەز، تۇياق، باش، پارچە قاتارلىق سۆزلەر بىلەن كەلگەندە، شەيئىلەرنىڭ سانىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە كونكرېت ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بىر تال ئالما، ئون دانە دەپتەر، بەش نەپەر ئادەم، ئەللىك جىڭ ئۈن، يۈز گەز رەخت، ئۈچ ئېغىز ئۆي، مىڭ تۇياق قوي، بەش باش كالا، بىر سىقىم توپا، بىر چىمدىم ئۈن.

ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار ئىسىملارنى ئېنىقلاپ كەلگەندە مورفولوگىك تۈرلىنىشتە بولمايدۇ. بەزى ئېنىق دەرىجىدىكى سان-

لار ماتېماتىكىلىق تېرمىن ئورنىدا قوللىنىلغاندا، كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن: بىرلەر، ئونلار، يۈزلەر، مىڭلار، ئون مىڭلار ياكى بىرلەر خانىسى، ئونلار خانىسى، يۈزلەر خانىسى، مىڭلار خانىسى، ئون مىڭلار خانىسى.

ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار جۈملىدە ئىسىم ئورنىدا كەلسە، ئىسىملارنىڭ تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بىرنىڭ ھەرقانداق ئارفمېتىكلىق دەرىجىسى بىر بولىدۇ. توتنى ئىككىگە قوشساق ئالتە بولىدۇ. بالىلىرىمىدىن بىرى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

بۇ مىساللاردىكى بىرنىڭ، توتنى، ئىككىگە، بىرى دېگەن سانلار ئىسىملارنىڭ شەخس ۋە كېلىش كاتېگورىيىلىرىگە خاس قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن.

ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار باشقا سانلارنىڭ ياسىلىشىغا ئاساس بولىدۇ.

## 2. رەتلىك دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ سان جەھەتتىكى تەرتىۋىنى ئىپادىلەيدىغان سان دەرىجىسى رەتلىك دەرىجە دېيىلىدۇ. رەتلىك دەرىجە ئېنىق دەرىجىدىكى ئاددىي ۋە مۇرەككەپ سانلارنىڭ ئاخىرىغا -ىنچى، -نچى، قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ ئوتكەن يىل 9 - ئايدا داشۆيگە كىرگەن.

ماركس 1818 - يىلى تۇغۇلغان.

بىز 9 - رەتتە ئولتۇردۇق.

رەتلىك دەرىجىدىكى سانلار سىنتاكسىسلىق رولى جەھەتتىن سۈپەتلەرگە ئوخشاش، ئاساسەن، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. جۈملىدە بەزىدە ئىسىم ۋە سۈپەتلەرگە قوشۇلىدىغان ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار رەتلىك دەرىجىدىكى سانلارغا قوشۇلۇپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بالىلارنىڭ بىرىنچىسى داشۆيدە ئوقۇيدۇ، ئىككىنچىسىنى يې-
زىغا ئەۋەتتۇق. ئۇلار سوۋېت ئېيى پائالىيىتىدە بىرىنچىلىكنى
ئالدى.

رەتلىك دەرىجىدىكى سانلارنىڭ ئاخىرىغا چىقىش كېلىش
قوشۇمچىسى قوشۇلسا، ئوي - پىكىرنىڭ رەت تەرتىۋىنى ئىپادى-
لەيدۇ. مەسىلەن: بىرىنچىدىن، سىز خەۋەر قىلماپسىز، ئىككىنچى-
دىن، ئۆزەممۇ ئويلىماپتىمەن.

### 3. مۆلچەر دەرىجە

شەيئىلەرنىڭ سانىنى تەخمىنەن — مۆلچەر بىلەن ئىپادىلەي-
دىغان سان دەرىجىسى مۆلچەر دەرىجە دېيىلىدۇ. مۆلچەر دەرى-
جىدىكى سانلار تۆۋەندىكىدەك يوللار بىلەن ياسىلىدۇ.

1) ئېنىق دەرىجىدىكى ئاددى ۋە مۇرەككەپ سانلارنىڭ ئاخى-
رىغا دەك، چە قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ.
مەسىلەن: بەشچە، ئونچە، يۈزچە، بەشتەك، ئوندەك، ئوتتۇزدەك.
سانلىق مىقدار بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كەل-
گەن ئېنىق دەرىجىدىكى سانلار بولسا، چە، دەك قوشۇمچىلىرى
سانلارغا ئەمەس، دائىملىق بىرلىكنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرگە قو-
شۇلىدۇ. مەسىلەن: ئون جىڭچە ئۇن، بىر مېتىرچە رەخت، ئون
تالچە ئالما، بەش يۈز كىلوچە بۇغداي، ئون پارچىدەك كىتاب.

2) ئېنىق دەرىجىدىكى سانلارنىڭ ئاخىرىغا كۆپلۈك قوشۇم-
چىلىرى، ئاندىن ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن
مۆلچەر دەرىجە ياسىلىدۇ. مەسىلەن: سائەت بەشلەردە كەلدىم،
سىزنىڭ يېشىڭىز ئەللىكلەردە بارمۇ؟

3) ئېنىق دەرىجىدىكى سانىنىڭ ئاخىرىغا لىگەن، لىغان،
لاپ قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەنمۇ مۆلچەر دەرىجە يا-
سىلىدۇ. مەسىلەن: يۈزلەپ، مىڭلاپ، مىليونلاپ، يۈزلىگەن،
مىڭلىغان.

تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ قوشۇمچىلار باشقا سوز تۇر-
كۇملىرىدىن (جۇملىدىن سانلاردىنمۇ) پەيل ياسايدىغان لا، لە
قوشۇمچىلىرىنىڭ ئاخىرىغا رەۋىشداش ياسايدىغان پ قوشۇمچىسى-
نىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان.

4) جۇپ سانلارمۇ مولچەر دەرىجىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق شا-
رائىتتا كىچىك سان ئالدىدا، كوپ سان كەينىدە كېلىشى كې-
رەك. مەسىلەن: بەش - ئالتە، ئون - ئون بەش، يەتتە - سەك-
كىز يۈز، ئالتە - يەتتە مىڭ.

5) بەزىدە ئېنىق دەرىجىدىكى سانلارنىڭ ئاخىرىغا يونۇلۇش
كېلىش قوشۇمچىسى، ئاندىن يېقىن سوزى قوشۇلۇش بىلەنمۇ مول-
چەر دەرىجىدىكى سان ياسىلىدۇ. مەسىلەن: مىڭغا يېقىن ئادەم،
يۈزگە يېقىن قوي، ئون مىڭغا يېقىن ئىشچى.

## § - 37 سانلارنىڭ تۈرى

ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئاساسىدا گىرام-
ماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان يۇقۇرقى 3 خىل شەكىلدىكى
سان دەرىجىسىدىن باشقا، يەنە سانىنىڭ قوشۇمچە لېكسىكىلىق مە-
نە ئىپادىلەيدىغان ئىككى خىل شەكلى بار. بۇلار خاراكتېر جە-
ھەتتىن سان دەرىجىسىدىن پەرقلىنىدۇ.

### 1. ئومۇمىي سان

تۈپ سانلارغا مەلۇم قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق، بې-
رەر ئىش - ھەرىكەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر توپىنى بىل-
دۈرىدىغان سانلار ئومۇمىي سانلار دېيىلىدۇ. بۇ خىل سانلار ئې-
سىم خاراكتېرىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسىملارنىڭ شەخس،
كېلىش كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلەلەيدۇ. شۇنىڭدەك
يۇقۇرقى ئۈچ خىل سانغا ئوخشاش، ئىسىملاردىن بۇرۇن كەل-

مەيدۇ، بەلكى خاس ئىسىملار ۋە شەخس، كۆرسىتىش ئالماشلى-
رىدىن كېيىن كېلىپ، كىشىلەر تۈپىنى يەنى ئالدىدا كەلگەن
ئىسىم ۋە ئالماشلارنىڭ قانچە كىشىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى
ئىپادىلەيدۇ. بۇلار تۈپ سانلارنىڭ ئاخىرىغا ـەيلەن (ەيلەن)،
يلەن قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: بە-
شەيلەن قاتناشتۇق. ئىككىيلەن بىللە باردۇق. ئۈچەيلەن كەلدى.

ئوملۇك سانلار ئىسىملارنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈر-
لەنگەندە، ئوملۇك سان ياسايدىغان قوشۇمچىلارنىڭ ئاخىرىدىكى
ن تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ. يۇقۇرقى مىساللاردىكى ئوملۇك سانلار
لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن سانىلا ئەمەس، بەلكى شەخس ۋە
كىشىلەر تۈپىنى ئىپادىلەيدۇ، يەنى بەشەيلەن دېگەن سانىلا ئە-
مەس، بەلكى بەش كىشى ياكى بەش ئادەم دېگەن مەنىسىنى ئى-
پادىلەيدۇ.

ئوملۇك سانلار پەقەت ئاز مىقدارنى بىلدۈرىدىغان بىر قىسىم
تۈپ سانلاردىنلا ياسىلىدۇ.

## 2. كەسىرلىك سان

پۈتۈن نەرسىنىڭ پارچىسى، بولەكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سان-
لار كەسىرلىك سان دېيىلىدۇ. كەسىرلىك سان ئىپادىلىگەن بۇ
خىل مەنە گىرامماتىكىلىق مەنە ئەمەس، بەلكى لېكسىكىلىق مەنە
بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بۇ خىل سانلار تۈپ سانلاردىن ياسىلىدۇ.
پۈتۈنلۈكنىڭ ئەسلى مىقدارى مەخرەج ئارقىلىق، پۈتۈنلۈكنىڭ
كۆرسىتىشكە تېگىشلىك پارچىسى سۈرەت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.
جانلىق تىلدا مەخرەج چىقىش كېلىشىدە كېلىدۇ. مەسىلەن: ئۈچ-
تىن ئىككى ($\frac{2}{3}$)، بەشتىن بىر ($\frac{1}{5}$)، تۆتتىن ئۈچ ($\frac{3}{4}$)، ئال-
تىدىن بەش ($\frac{5}{6}$).

## 38 - § بىر سانىنىڭ بەزى خۇسۇسىيەتلىرى

بىر سانى يالغۇز مىقدارنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى تۈرلۈك لېكسىكىلىق ۋە گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. بىر سانىنىڭ باشقا سانلاردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. جۈملىدە ئۆزى قوشۇلغان ئىسىملارنىڭ ئېنىق ئەمەسلىكىنى، يەنى نامەلۇم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: سىزنى ئىزلەپ بىر ئادەم كەپتۇ. بىر كىشى شۇنداق دىگەن ئىدى.

2. بەزىدە ئوخشاشلىق ۋە بىللىلىكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: پىكرىمىز بىر (ئوخشاش). بىز كۈلۈپتا ئۇلار بىلەن بىر ئولتۇردۇق (بىللە مەنىسىدە).

3. ئىش - ھەركەتنىڭ ئارقىمۇ - ئارقا داۋاملاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بىر ئۇياقتا، بىر بۇياقتا يۈگۈرۈپ كەتتىمىزغۇ! بىر ئۇنداق، بىر بۇنداق دەپ ئادەمنى زېرىكتۈرۈۋەتتى.

4. سۈپەت ۋە پېئىللار بىلەن بىللە كېلىپ، ئاشۇرما رەۋىشلىرىنىڭ رولىنى ئويناپ، سۈپەت ۋە ھەركەتنىڭ دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: پاتەم بىر يۇۋاش قىز ئىدى. ئۇ بىر ياخشى ئوقۇغۇچى ئىكەن. داۋۇت بىر سۆزلىگىلى تۇرۇۋىدى، ھەممىمىزنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى.

5. باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قوشۇلۇپ، ئالماش، سۈپەت، رەۋىشلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن: بىردەم، بىرئاز، بىر تۇرلۇك، بەزىبىر، بىر تالاي، بىرقىسما، بىرنەچچە، بىر پەس، بىر ھازا، بىرقەدەر، بىرقانچە.

# ئونىنچى باپ ئالماش

## § - 39 ئالماش ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

ئۇيغۇر تىلىدا ئالماشلار ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن كۆپ قوللىنىلىدۇ ھەم مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئالماشلار تۆۋەندىكىدەك مەنە ۋە گىراممatىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ:

1. ئالماشلارنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئابستراكت بولۇپ، ئايرىم تۇرغاندا قانداق مەنە ئىپادىلەۋاتقانلىقىنى بىلىش تەس. بولۇپمۇ ئىسىم، سۈپەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ھال تېخىمۇ روشەن كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: ئاق، قارا، يەر، سۇ، قەغەز دېگەن ئىسىم ۋە سۈپەتلەردىن كونكرېت چۈشەنچىلەر ئىپادىلەنسە، ئۇ، بۇ، شۇ، شۇنداق، نىمە دېگەن ئالماشلاردىن شەيئى ياكى خۇسۇسىيەت ھەققىدە كونكرېت ئۇقۇم ئىپادىلەنمەيدۇ. مانا بۇ، ئالماشلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى.

2. ئالماشلار ئىسىم، سۈپەت، سان قاتارلىق سۆز تۈركۈملىرى ۋە بىر قىسىم ۋاقىت، ئورۇن، ھالەت رەۋىشلىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدۇ. ئالماشلارنىڭ قايسى سۆز تۈركۈمىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەنلىكى كونكرېت ئالاقە شارائىتىدا، يەنى كونكرېت جۈملىدە روشەن بىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ (ماقال).

ئۆزەڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا (ماقال).

بارچە مىللەت چالدى ساز، يۈتىيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە.

(ماۋ زېدۇڭ)

بۇ يەرنى ئاغدۇرۇشقا قانچە ئەمگەك كۈنى كېتەر؟

سىلەر قانداق قىلغان بولساڭلار، بىزمۇ شۇنداق قىلايلى.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى كىم، شۇنىڭ، ئۆزەڭنى، ئۆزگىنى دېگەن ئالماشلار ئىسىمنىڭ ئورنىغا، بارچە، قانچە، قانداق، شۇنداق دېگەن ئالماشلار سۈپەت، سان، رەۋىش ياكى رەۋىشداشنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن.

ئالماشلار باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىش بىلەن بىللە، ئىخچاملاش ۋە يىغىنچاقلاش رولىنىمۇ ئوينايدۇ. مەسىلەن: ئۈچىنچى شەخسنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلەپ تۇرغۇچى ھەر بىر شەخسنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئەمەت، سەمەت ۋە سائادەتلەر كەلدى دېيىشنىڭ ئورنىغا ئۇلار كەلدى دېسەكمۇ بولىدۇ.

3. ئالماشلارنىڭ ئۆزىگە خاس گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىسى يوق. لېكىن ئۇلار ئۆزى ئالمىشىپ كەلگەن سۆز تۈركۈملىرىگە خاس گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بىلەن تۈرلىنىدۇ. بۇنداق تۈرلىنىش شۇ سۆز تۈركۈملىرىگە قارىغاندا سېستىمىلىق بولمايدۇ. مەسىلەن: كىمدۇ، نىمىدۇ، ئاللىقانداق قاتارلىق بەلگىسىز ئالماشلار ھەمدە مانا، ئەنە قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلىرى ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. ھەرقانچە، ھەرقانداق دېگەنگە ئوخشاش بەلگىلەش ئالماشلىرى سان، سۈپەتلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلسىمۇ، لېكىن سان، سۈپەتلەرگە ئوخشاش تۈرلەنمەيدۇ. ئۇندىن باشقا، بەزى كۆرسىتىش ئالماشلىرى باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش، ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلەنسە، ئاۋال ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسىنى قوشۇپ، ئاندىن باشقا كېلىشلەر بىلەن تۈرلەشكە توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ - ئۇنىڭغا ئۇنىڭدىن ئۇنىڭدا

بۇ - بۇنىڭغا بۇنىڭدىن بۇنىڭدا

شۇ - شۇنىڭغا شۇنىڭدىن شۇنىڭدا

ئىگىلىك كېلىش ياكى چۈشۈم كېلىشتە تۈرلىنىپ ئىسىم ئورنىدا كەلگەن ئالماشلاردا مەزكۇر كېلىشلەرنىڭ قوشۇمچىلىرىنى

چۈشۈرۈپ قويۇشقا (يوشۇرۇن ئىپادىلەشكە) بولمايدۇ. مەسىلەن:

بۇ — مېنىڭ كىتاۋىم.
سېنى كۆرگىلى كەلدىم.
ئۇنىڭ ئۆگىنىشى ياخشى.

4) ئالماشلارنىڭ سۆز ياساش رولى يوق دېيەرلىك. ئالماشلارغا پەقەت بىر ياسىغۇچى لا، لە، ۋە ئىسىم، سۈپەت ياسىغۇچى لىق، لىك، لۇق، لۈك، چى قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس ئاز ساندىكى سۆزلەرنى ياساش ۋە بەزى ئالماشلارنى ئۆزئارا قوشۇپ جۈپ ئالماشلارنى ياساش مۇمكىن. مەسىلەن: سەن ـ سەنلەش، سىز ـ سىزلەش، مەن ـ مەنمەنلىك، ئۆز ـ ئۆزلۈك، ئۇنداق ـ مۇنداق، ئانچە ـ مۇنچە، ئۇنداقچى ـ مۇنداقچى.

5. ئالماشلار سىنتاكسىسلىق رولى جەھەتتىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە (بولۇپمۇ ئىسىملارغا) نىسبەتەن چەكلىك. بىر قىسىم ئالماشلار (مەسىلەن، كىشىلىك ئالماشلىرى) جۈملىدە ھەممىلا ۋەزىپىدە كېلىۋېرىدۇ، لېكىن بىر قىسىم ئالماشلار بەزى ۋەزىپىلەردە كەلسىمۇ، بەزى ۋەزىپىلەردە كەلمەيدۇ. مەسىلەن، بەلگىسىز ئالماشلار جۈملىدە خەۋەر بولالمايدۇ.

## 40 - § ئالماشلارنىڭ تۈرى

ئالماشلار ئۆزىدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىراممatikىلىق مەنىلىرى ئوخشاش بولمايدۇ، شۇڭا ئالماشلار ئۆزلىرىنىڭ مەنە ۋە گىراممatikىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ، تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. كىشىلىك ئالماش

شەخسلەرنىڭ ئىسىملىرى ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان ئالماش كىشىلىك ئالماش دېيىلىدۇ. كىشىلىك ئالماشلىرى لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن سۆزلىگۈچى، تىڭشىغۇچى، ئۆزگىدىن ئىبارەت 3 شەخسنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا 3 شەخسنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك

بولۇشىغا قاراپ، كىشىلىك ئالماشلىرىمۇ بىرلىك ۋە كوپلۇك ساندا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى كىشىلىك ئالماشلىرىنىڭ سانى بىرنەچچىلا بولسىمۇ، ئۇلار كوپ قوللىنىلىدۇ ۋە مۇھىم رول ئوينايدۇ. كىشىلىك ئالماشلىرى توۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

| | بىرلىك ئۇچۈن | كوپلۇك ئۇچۈن |
|---|---|---|
| 1 - شەخس | مەن | بىز |
| 2 - شەخس | سەن، سىز، سىلى | سىلەر، سىزلەر |
| 3 - شەخس | ئۇ | ئۇلار |

ئىككىنچى شەخس كىشىلىك ئالماشنىڭ (كوپلۇك) ھورمەتسىزلىكنى ئىپادىلەيدىغان شەكلى سەنلەر دەپ ئېيتىلىدۇ.

كىشىلىك ئالماشلىرى شەخس كاتېگورىيىسى بىلەن تۇرلەنمەيدۇ، پەقەت كېلىشلەر بىلەنلا تۇرلىنىدۇ.

مەسىلەن:

بىزنىڭ، بىزنى، بىزگە، بىزدىن، بىزدە؛

مېنىڭ، مېنى، ماڭا، مەندىن، مەندە؛

ئۇنىڭ، ئۇنى، ئۇنىڭغا، ئۇنىڭدىن، ئۇنىڭدا؛

ئۇلارنىڭ، ئۇلارنى، ئۇلارغا، ئۇلاردىن، ئۇلاردا.

## 2. كورسىتىش ئالماش

شەخس ۋە شەيئىلەرنى، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەم سانىنى كورسىتىش ئۇچۈن قوللىنىلىدىغان ئالماش كورسىتىش ئالماش دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى كورسىتىش ئالماشلىرى توۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

a) شەخس ۋە شەيئىلەرنى كورسىتىدىغان ئالماشلار: بۇ، شۇ، مۇشۇ، مۇنۇ، ئاشۇ، ئاۋۇ، ئەنە، مانا.

b) شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى كورسىتىدىغان ئالماشلار: ئۇنداق، بۇنداق (مۇنداق)، شۇنداق، ئانداق، ئاشۇنداق، مۇشۇنداق.

c) شەيئىلەرنىڭ سانى - مىقدارىنى كورسىتىدىغان ئالماشلار: ئانچە، مۇنچە، شۇنچە، ئانچىلىك، مۇنچىلىك، شۇنچىلىك، مۇ-

شۇنچىلىك ۋە باشقىلار.

كۆرسىتىش ئالماشلىرىنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش قوللىنىلىۋەرمەيدۇ. مەسىلەن: بۇ، شۇ، مۇشۇ، مانا ئالماشلىرى سۆزلىگۈچىنىڭ كۆز ئالدىدىكى شەخس ۋە شەيئىلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلسا، ئاشۇ، ئاۋۇ، ئەنە قاتارلىق ئالماشلار يىراقراق ياكى سۆزلىگۈچىگە شۇنداق تۇيۇلغان جايلاردىكى شەخس ۋە شەيئىلەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

كۆرسىتىش ئالماشلىرى ياسىلىش جەھەتتىن ئالغاندا ئۇ، بۇ، شۇ، ئا، ئە قاتارلىق بىر بوغۇملۇق ئالماشلاردىن كۆپەيگەن، يەنى كۆرسىتىش ئالماشلىرى مۇشۇ ئالماشلارنىڭ ئۆزگىرا قوشۇلۇشى ۋە بەزى قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسالغان. مەسىلەن:

ئا + شۇ + نداق = ئاشۇنداق.

ئا + نداق = ئانداق

ئۇ + نچە = ئۇنچە

بۇ + نداق = بۇنداق

شۇ + نچە + لىك = شۇنچىلىك.

## 3. سوراق ئالماش

ئادەم، شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، سانى ـ مىقدارى، ئورنى، ۋاقتى ھەققىدىكى سوراقنى ئىپادىلەيدىغان ئالماش سوراق ئالماش دېيىلىدۇ. قارىماققا، سوراق ئالماشلار زادى قايسى سۆزنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەستەك تۇرسىمۇ، لېكىن كونكرېت ئالاقە شارائىتىدا ئىسىم، سۈپەت، سان، رەۋىشلەرنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىپ، شۇ ھەقتىكى سوراقنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ئەخمەتمۇ، سەمەتمۇ؟ دىگەننىڭ ئورنىغا كىم؟، جوزىمۇ؟ ئورۇندۇقمۇ؟ دىگەننىڭ ئورنىغا نىمە؟، كۆكمۇ؟ قىزىلمۇ؟ دىگەننىڭ ئورنىغا قانداق؟ شىنجاڭ داشۆىمۇ؟ يىشۇيۈەنمۇ؟ دىگەننىڭ ئورنىغا قەيەر؟ دىگەن ئالماشلارنى قوللىنىمىز. بۇ جۈملىلەردىكى سوراق ئالماشلىرى ئەمەلىيەتتە باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىغا

ئالمىشىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى سوراق ئالماشلار كىم؟ نىمە؟ قەيەر؟ (نە؟) قانچە، (نەچچە) قانچىلىك؟ (نەچچىلىك؟) قانداق؟ قايسى؟ قاچان؟ قېنى؟ نىمىشقا؟ قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

سوراق ئالماشلىرىنىڭ ئورنىدا ئالمىشىپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ ئاللاپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئادەملەرگە كىم؟، شەيئىلەرگە نىمە؟ شۇنىڭدەك شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە قانداق؟، شەيئىلەرنىڭ سانى ھەققىدىكى سوراقلارغا قانچە؟ (نەچچە؟) قانچىلىك؟ (نەچچىلىك؟) دېگەن ئالماشلار قوللىنىلىدۇ. شەيئى ياكى ئىش ـ ھەركەتنىڭ ئورنى، ۋاقتى ھەققىدىكى سوراقلارغا بولسا، نە؟ (قەيەر؟) قاچان؟ قاتارلىق ئالماشلار قوللىنىلىدۇ.

## 4. ئۆزلۈك ئالماش

شەخس ۋە شەيئىلەرنى ئېنىق ئايرىپ، ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئالماش ئۆزلۈك ئالماش دېيىلىدۇ. مەسىلەن مەن ئالدىم، دېگەن جۈملىدىكى مەن سۆزىنى تەكىتلەپ كۆرسەتمەكچى بولساق، ئۆزەم ئالدىم دەيمىز، شۇنىڭدەك مانا بىز ئىزلەپ يۈرگەن ماتېرىيال، دېگەن جۈملىدىكى ماتېرىيال سۆزىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ، ئېنىق ئايرىپ كۆرسەتمەكچى بولساق، مانا بىز ئىزلىگەن ماتېرىيالنىڭ ئۆزى، دەيمىز.

ئۇيغۇر تىلىدا ئۆزلۈك ئالماشقا كىرىدىغان بىرلا ئۆز سۆزى بار. بۇ ئالماش دائىم شەخس ۋە كېلىش كاتېگورىيىسىگە خاس قوشۇمچىلار بىلەن تۈرلىنىپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆز ـ ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ــ بىلىم ئېلىشنىڭ دۈشمىنى. ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئۈگىنىپ ھارمايدىغان، باشقىلارغا نىسبەتەن ئۈگىتىپ زېرىكمەيدىغان پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز كېرەك. ئۆزەڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا (ماقال) دېگەن مىساللاردىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن، ئۆزىمىزگە، ئۆزەڭنى دېگەن ئۆزلۈك ئالماش شەخس ۋە كېلىش

قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن.
ئۆزلۈك ئالماشنىڭ 3 ـ شەخس كوپلۈك شەكلى (ئۆزلىرى) بە-
زىدە ئىككىنچى شەخس بىرلىكنىڭ سىپايە شەكلى ئۈچۈنمۇ قول-
لىنىلىدۇ. مەسىلەن: ئۆزلىرى ئەجەپ ئوبدان ۋاقىتتا كەپقاپتىلا.
ئۆزلىرىنى كورۈشكە بەكمۇ تەشنا بولۇپ تۇراتتۇق.
ئۆز دېگەن ئالماشقا بەزى سوز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار قوشۇلۇش
بىلەن، باشقا سوز تۈركۈملىرىگە خاس ئاز ساندىكى سوزلەر ياسى-
لىدۇ. مەسىلەن: ئۆزىگە، ئۆزگە، ئۆزگىچىلىك، ئۆزەمچىل، ئو-
زەمچىلىك، ئۆزلۈك، ئۆزئارا، ئۆزلۈگىدىن.

### 5. ئومۇملۇك ئالماش

مەلۇم ئىش ـ ھەركەتكە ئالاقىدار ئادەم ۋە نەرسىلەرنى جەملەپ
كورسىتىدىغان ئالماش ئومۇملۇك ئالماش دېيىلىدۇ. ئومۇملۇك ئالماشلار
ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ سان ـ مىقدارى بىلەن ئالاقىدار. ئۇيغۇر
تىلىدىكى ئومۇملۇك ئالماشلار ھەممە، جىمى، جەمى، بارلىق، بارچە
قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇلار جۈملىدە ھەر خىل ۋەزىپىلەردە
كېلىدۇ. مەسىلەن: بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن، ھەممە بەس ـ
بەستە سايرىسۇن. بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ، مەم-
لىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دولەت قىلىپ
قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. بېخىل تاپسا بېسىپ يەر، سېخى تاپسا
ھەممە يەر (ماقال). ئۇنىڭ نامى جىمى ئالەمگە مەشھۇر.
بۇ مىساللاردىكى بارچە، بارلىق، جىمى دېگەن ئالماشلار ئېنىق-
لىغۇچى، ھەممە دېگەن ئالماش ئىگە بولۇپ كەلگەن. پۈتۈن دېگەن
سوپەت بەزىدە ئومۇملۇك ئالماشلىق رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: پۈ-
تۈن دۇنيا پرولېتارلىرى بىرلىشىڭلار! دېگەن مىسالدىكى پۈتۈن
سوزى ھەرگىز يېرىمغا زىت بولغان سوپەت ئەمەس، بەلكى ھەم-
مە دېگەن مەنىدىكى ئومۇملۇك ئالماش رولىدا كەلگەن.
ئومۇملۇك ئالماشلارمۇ شەخس ۋە كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن

قىسمەن تۈرلىنىدۇ.

### 6. بەلگىلەش ئالماش

شەيئىلەرنى، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەت ۋە سان- مىقدارىنى ئو-مۇملاشتۇرۇپ، تەكىتلەپ، ئىنقىلاپ كورسىتىدىغان ئالماش بەلگە-لەش ئالماش دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ھەر قاچان بوران چىقىپ كەزسە جاھاننىڭ ئۈستىدىن،
چىقىدۇ جىنلار شۇ ئان پاسىق سوگەكلەر ئاستىدىن.
(ماۋ زېدۇڭ)

ھەربىرىمىزگە بەشتىن دەپتەر تارقىتىلدى.
ھەر كىم ئوزىنىڭ ۋەزىپىسىنى تۈگىتىشى لازىم.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى ھەر قاچان — ۋاقىتنى ئومۇملاشتۇرۇپ كەلگەن، ھەر بىرىمىزگە، ھەر كىم — ئايرىش، ئىنقىلاش مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەلگىلەش ئالماشلار ھەر دىگەن ئالماشقا سو-راق ئالماشلىرى ياكى بىر دىگەن سوزنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ھەر قاچان، ھەر كىم، ھەر نىمە، ھەر بىر، ھەر قانچە، ھەر قانداق، ھەر قايسىسى.

بەلگىلەش ئالماشلارنىڭ بەزىلىرى شەخس ۋە كېلىش قوشۇم-چىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن: ھەر بىرىمىز، ھەر بىرىڭلار، ھەربىرى، ھەر بىرىنىڭ، ھەر بىرىنى، ھەر بىرىگە، ھەر بىرىدىن.

### 7. بەلگىسىز ئالماش

ئادەم، شەيئىلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، سانىنىڭ ئېنىقسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئالماش بەلگىسىز ئالماش دېيىلىدۇ. مە-سىلەن:

بۇ ئاللىقاچان تۈگىگەن ئىش. بۇ يەردە ئاللىقانداق ۋەقەلەر

بولۇپ ئوتكەندەك تۇرىدۇ. ئاللىكىملەرنىڭ سوزلىرىنى دەپ يۇرىسەن.

بۇ مىساللاردىكى ئاللىقاچان، ئاللىقانداق، ئاللىكىم دىگەن ئالماشلارنىڭ زادى قانداق سوز ئورنىغا ئالماشىپ كەلگەنلىكىنى بەلگىسىز.

ئۇيغۇر تىلىدىكى بەلگىسىز ئالماشلار ئاللىكىم، ئاللىنىمە، ئالقاچان، ئاللىقانداق، ئاللىقانچە، قايسىبىر، گويا بىر، بىرمۇنچە، بىرقانچە، قانداقتۇ، قاچاندۇ، پالانى، پۇستانى دىگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلار ئاللا، بىر سوزلىرىگە سوراق ئالماشلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ۋە سوراق ئالماشلىرىغا دۇ، تۇ، دىگەن قوشۇمچىلارنىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ياسىلىدۇ.

## 8. بولۇشسىز ئالماش

شەيئى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەم سانى ھەققىدە ئىنكار مەنىسىنى بىلدۇرىدىغان ئالماش بولۇشسىز ئالماش دىيىلىدۇ.

بولۇشسىز ئالماش، ئاساسەن، ھىچ دىگەن سوزدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ سوزگە سوراق ئالماشلىرى ھەم ئاز ساندىكى بەزى سوزلەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بولۇشسىز ئالماش ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ھىچقاچان، ھىچنىمە، ھىچكىم، ھىچبىر، ھىچنەرسە، ھىچقانچە، ھىچقانداق.

بولۇشسىز ئالماشلارنىڭ بىر قىسمى كېلىشلەر بىلەن تۇرلىنىدۇ، شۇنىڭدەك جۇملىدە، كوپىنچە، ئىگە، تولدۇرغۇچى ۋە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. ئۇلار جۇملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كەلگەن پېئىلنىڭ يوقلۇق شەكلىدە كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ سوئالغا ھىچكىم جاۋاپ بېرەلمىدى. بۇ سوزدىن ھىچنىمىنى چۇشەنمىدىم. بىزگە ھىچنەرسىنىڭ كېرىكى يوق. بۇ ھىچقانچە مەسىلە ئەمەس.

بۇ جۇملىلەردە ھىچكىم دىگەن سوز ئىگە، ھىچنىمىنى دىگەن سوز تولدۇرغۇچى، ھىچقانچە، ھىچنەرسىنىڭ دىگەن سوزلەر ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن.

# ئون بىرىنچى باپ پېئىل

## 41 - § پېئىل ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

ئىش - ھەرىكەت ۋە ھالەت ھەققىدىكى لېكسىكىلىق مەنە جەھەتتىن تۈرلۈك ئۇقۇملارنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر پېئىل دېيىلىدۇ.
مەسىلەن:

سۇنى سەپ سىڭار يەرگە،
سۆزنى قىل سىغار يەرگە (ماقال).
قاغىلار قاق ئېتىدۇ،
ئوز كوڭلىنى شات ئېتىدۇ (تەمسىل).
چەشمە بۇلاقلار قايىندى، كوكلەم قىياغا يامرىدى.
گۇللەپ گۇلۇستان بىر تۇتاش، غۇنچە - چېچەكلەر ئايىندى.
(مامۇت زايىت)

يۇقۇرقى مىساللاردىكى سەپ، سىڭار، قىل، سىغار، ئېيتىدۇ، قايىندى، يامرىدى، گۇللەپ، ئايىندى دىگەن سوزلەر پېئىل بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللار ناھايىتى قەدىمىي بولۇپ، ئۇزاق دەۋرلەردىن بۇيان خۇددى ھازىرقىدەك قوللىنىپ كېلىنمەكتە. مەشھۇر قەدىمىي ئەسەرلەردىن «قۇتاتقۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۇرك» قاتارلىق ئەسەرلەردە قۇتقار، كىر، تۇتار، بورۇر، تۇر، كەت، بولۇر، بىل، قىل، كىرىشمە، بىر گىل، ئوندى، ئال، توقىلدى، ئاتىلدى، قوشلادى، قىشلادى، بارغان، كېلگەن دىگەندەك نۇرغۇن پېئىللار قوللىنىلغان.

پېئىللار تۈۋەندىكىدەك گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق

باشقا سوز تۈركۈملىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

1. پېئىللار ئۆزىگە خاس بارلىق - يوقلۇق، شەخس - سان، زامان، دەرىجە، راي، تۇس قاتارلىق گىراممانتىكىلىق كاتېگورىيىلەرگە ئىگە. پېئىللار گىراممانتىكىلىق كاتېگورىيە شەكىللىرى بىلەن ئۆزلەنگەندە تۈرلۈك گىراممانتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ياز، يازاي، يازغىن، يازسا، يېزىلسا، يېزىشسا، يازدۇرسا، يازدىم، يازدىڭ، يازدى، يازدۇق، يازدىڭلار، يازىمەن، يازىسەن، يازىدۇ، يازىمىز، يازىسىلەر، يېزىۋاتىمەن، يېزىۋاتىسەن، يېزىۋاتىسىلەر، يېزىۋاتىدۇ، يېزىۋەت، يېزىۋەتتىم، يېزىپ بولدۇم، يېزىپ باقتىم، يېزىپ تۇردۇم، يېزىپ كوردۇم.

2. پېئىللار ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پېئىللارغا ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، باشقا سوز تۈركۈملىرىگە خاس سوزلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| پېئىل تۈركۈمى | پېئىلدىن باشقا سوز تۈركۈمى |
| --- | --- |
| لا - باشلا | غۇ - تۇيغۇ |
| لە - ئىشلە | قۇ - تاتقۇ |
| لاش (تۇر) - ماشىنىلاشتۇر | گۇ - سەزگۇ |
| لەش (تۇر) - بىرلەشتۇر | كۇ - تەپكۇ |
| را - ئىگرا | قىن - تاشقىن |
| رە - مەرە | كىن - كەسكىن |
| ئا - ئوتا | ئىق - يېپىق |
| ئە - تۈنە | ئىك - كىچىك |

3. ئۇيغۇر تىلىدا پېئىلدىن باشقا سوز تۈركۈملىرىنىڭ گىراممانتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى ئۆزئارا ئورتۇشۇپ تۇرىدۇ (ئىسىملارنىڭ گىراممانتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن سۈپەت، سانلارنىڭ بەزىدە تۈرلەنگىنى ئوخشاش)، لېكىن پېئىللارنىڭ گىراممانتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى باشقا سوز تۈركۈملىرى بىلەن ئورتۇشۇپ تۇرمايدۇ، يەنى باشقا سوز تۈركۈملىرى پېئىللارنىڭ گىراممانتىكىلىق كاتېگو-

رىيىلىرى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ.
1. پېئىللار جۈملىدە ھەرقانداق سۆز تۈركۈمى بىلەن سىنتاك-
سىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇشتىن تاشقىرى، كۆپىنچە، خەۋەر ۋەزىپى-
سىدە كېلىدۇ.

پېئىللار مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىش-ھەرىكەتنى ئىپادىلەش ياكى ئىپادىلىمەسلىكىگە قاراپ، شەخسلىك پېئىللار ۋە شەخسسىز پېئىللار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئىش-ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان، باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ رولىدا كېلەلمەيدىغان پېئىللار شەخسلىك پېئىللار دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئال، ئالدىڭ، ئالىسەن، ئالىمەن، ئالدۇق، ئالىدۇ، ئالدى، ئالسۇن، ئالاي، ئالايلى، ئالسام، ئالساق، ئالساڭ...

ئايرىم تۇرغاندا مەلۇم شەخسكە تەۋە ئىش-ھەرىكەتنى ئىپادىلىيەلمەيدىغان، باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئېلىپ، شۇ سۆز تۈركۈملىرىنىڭ رولىدا كېلىدىغان پېئىللار شەخسسىز پېئىللار دېيىلىدۇ. ھەرىكەت ناملىرى، سۈپەتداش ۋە رەۋىشداشلار مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

ئېلىش، ئېلىپ، ئالغان، كېلىش، كېلىپ، كېلەر، كەلگەن.

پېئىللارنىڭ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى شەخسلىك پېئىللاردا تولۇق كۆرۈلىدۇ. شەخسسىز پېئىللاردا بولسا تولۇق كۆرۈلمەيدۇ. ئەگەر شەخسسىز پېئىللار تۈرلۈك گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە شەكىللىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەخسلىك پېئىللاردىن ياسالغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنداق شەخسسىز پېئىللاردا پېئىللارنىڭ تۈرلۈك گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىگە خاس گرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلىنىدۇ. شۇڭا بىز پېئىللارنىڭ گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى ئۈستىدە توختالغاندا، ئاساسەن، شەخسلىك پېئىللارنى كۆزدە تۇتىمىز.

## § -42 پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز كاتېگورىيىسى

ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئىشقا ئاشقان ياكى ئاشمىغانلىقىنى، ئىشقا ئاشىدىغان ياكى ئاشمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان گىراماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىز كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن تۇغۇلغان بولۇشلۇق ۋە بولۇشسىزلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

پېئىللارنىڭ بولۇشلۇق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان شەكلى پېئىللارنىڭ شەخس - سان، زامان قاتارلىق گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بىلەن تۈرلەنگەن شەكلىدىن ئىبارەت. پېئىللارنىڭ بولۇشسىز مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان شەكلى بولسا، پېئىللارغا ما، مە قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| بولۇشلۇق | بولۇشسىز |
|---|---|
| بار - بارىمەن، بارىدۇ | بارما - بارمايمەن، بارمايدۇ |
| كۆر - كۆرىسەن، كۆردى | كۆرمە - كۆرمەيسەن، كۆرمەيدۇ |
| ياز - يازدىم، يازدىڭ | يازما - يازمىدىم، يازمىدىڭ |

پېئىللارنىڭ بولۇشسىز مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان ما، مە قوشۇمچىلىرىدا ئۇرغۇ بولمايدۇ. شۇڭا پېئىللارغا بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلغاندا پېئىل يىلتىزىدىكى ئۇرغۇ بۇ قوشۇمچىلارغا يۆتكەلمەيدۇ.

بولۇشسىز شەكلى ما، مە قوشۇلغان پېئىللارغا يەنە باشقا گىراماتىكىلىق شەكىللەر قوشۇلغاندا، ما، مە، نىڭ ئۆزى بىر بوغۇم (ئوچۇق بوغۇم) ھالىتىنى ساقلاپ قالسا، بۇ شەكىللەردىكى ئا، ئە تاۋۇشلىرى ئاجىزلىشىپ - غا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئوچۇق بوغۇملۇق ھالىتىنى ساقلاپ قالالمىسا، ئاجىزلاشمايدۇ. مەسىلەن:

يازمايمەن، كۆرمەيمەن، يازمايسەن، كۆرمەيسەن دىگەندە، بولۇشسىز شەكىللىرى ئاخىرىدىكى قوشۇمچىنىڭ ئالدىدىكى ئۆزۈك

تاۋۇشى بىلەن بىر بوغۇم ھاسىل قىلغانلىقى، يەنى ئۆزى بىر بوغۇملۇق ھالىتىنى ساقلاپ قالالمىغانلىقى ئۈچۈن ئاجىزلاشمىغان. يازمىدىم، كۆرمىدىم، يازمىدىڭ، كۆرمىدىڭ، يازمىدى، كۆرمىدى دېسەك، بولۇشسىز شەكىللىرى بىر بوغۇملۇق (ئوچۇق بوغۇملۇق) ھالىتىنى ساقلاپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئا، ئە تاۋۇشلىرى ئاجىزلىشىپ ى - غا ئايلىنىپ كەتكەن.

## § 43 - پېئىللارنىڭ شەخس - سان كاتېگورىيىسى

ئىش - ھەركەتنىڭ قايسى شەخس تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ شەخس كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ. ھەركەتكە ئىگىدارلىق قىلغۇچى شەخس سۆزلىگۈچى، تىڭشىغۇچى، ئۆزگىدىن ئىبارەت 3 خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىش - ھەركەتنى قىلغان شەخسنىڭ بىرلىك ياكى كۆپلۈكىنى ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ سان كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ.

پېئىللارنىڭ شەخس - سان كاتېگورىيىلىرى ئۆزئارا زىچ باغلانغان، يەنى گىرامماتىكىلىق مەنىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ ئىككى شەكىل زىچ بىرىكىپ كەتكەن. شۇڭا بۇ ئىككى گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە ئۆز ئالدىغا ئايرىم گىرامماتىكىلىق شەكىل بىلەن ئەمەس، بەلكى بىر خىل گىرامماتىكىلىق شەكىل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

پېئىللارنىڭ شەخس - سان كاتېگورىيىسى ئۈچۈن، 1 - شەخس بىرلىكتە م، مەن، كۆپلۈكتە، ق، مىز؛ 2 - شەخس بىرلىكتە ڭ، ڭىز، سەن، (سىز)، كۆپلۈكتە، سىلەر، ڭلاردىن ئىبارەت گىرامماتىكىلىق شەكىللەر قوللىنىلىدۇ.

| | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| 1 - شەخس | باردىم - بارىمەن | باردۇق - بارىمىز |

2 - شەخس    يازدىڭ - يازسەن    يازدىڭلار - يازسىلەر (يازسىز)

3 - شەخس ئۈچۈن مەخسۇس گىرامماتىكىلىق شەكىل يوق. مىسلەن، بارسۇن، بارىدۇ، باردى دېسەك، بۇ پېئىللاردىن ھەرىكەتنىڭ 3 - شەخس تەرىپىدىن قىلىنغانلىقى ئىپادىلىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىكى گىرامماتىكىلىق شەكىللەر شەخس - سان كاتېگورىيىسىگە ئەمەس، بەلكى زامان كاتېگورىيىسىگە خاس، شۇنىڭدەك 3 - شەخسنىڭ كۆپلۈكى پېئىللاردىن ئەمەس، بەلكى جۈملىنىڭ ئىگىسىدىن ئىپادىلىنىدۇ. ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھانغا جىددى تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ دېگەن جۈملىدە ھەرىكەتنى قىلغۇچى 3 - شەخسنىڭ كۆپلۈكى تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ دېگەن پېئىلدىن ئەمەس، بەلكى جۈملىنىڭ ئىگىسى بولغان ئوقۇغۇچىلار دېگەن سۆزدىن ئىپادىلىنىدۇ.

## 44 - § پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى

پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئىلگىرى، ئوتۇملۇق ۋە ئوتۇمسىز پېئىللار بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىز لازىم.

ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەلۇم ئوبيېكتقا باغلىق ھالدا ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار ئوتۇملۇق پېئىللار دېيىلىدۇ. ئوتۇملۇق پېئىللار جۈملىدە ئۆز ئوبيېكتىنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كېلىشىنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى باشقۇرۇپ كېلىدۇ. مىسلەن:

ماۋجۇشى «نۇتۇق» ى چېچىپ گوھەرنى،
كۈلدۈرمەكتە ئىشچى، دېخان، ئەسكەرنى،
ياشنىدى باھارى سەنئەتنىڭ چەكسىز،
كۆتەردۇق ئەڭ ئىگىز نۇرلۇق مەشئەلنى!
(بۇغدا ئابدۇللا)

بۇ مىسالدىكى چىچىپ، كۈلدۈرمەكتە، كوتەردۈق دىگەن پىئىل-لار ئۇتۇملۇك پىئىللار بولۇپ، مۇشۇ پىئىللار ئىپادىلىگەن ئىش-ھەركەتنىڭ بىۋاستە ئوبيېكتىنى ئىپادىلەيدىغان (چۈشۈم كېلىشىدە كەلگەن) گوھەرنى، ئەمچى، دىخان، ئەسكەرنى، مەشئەلنى دىگەن سوزلەرنى باشقۇرۇپ كەلگەن.

ئۇتۇملۇك پىئىلغا ياز، ئوقۇ، كور، ئىشلە، سوزلە، كوزلە، قىل، بىل، ئال، تاشلا، تازىلا، سانا، توقۇ، يە، ئىچ، سال، ئاچ قاتار-لىق پىئىللار كىرىدۇ.

مەلۇم ئوبيېكت ئۈستىدە بولمايدىغان، جۈملىدە يونۇلۇش، چىقىش، ئورۇن كېلىشلەردە كەلگەن سوزلەرنى باشقۇرۇپ كېلى-دىغان پىئىللار ئۇتۇمسىز پىئىللار دىيىلىدۇ. مەسلەن:

ئاسمان پەلەك تاقىر تاغلاردا
ياسىدۇق بىز مەخمەلدىن شوتا،
كوككە چىقىپ سويدۇق قۇياشنى،
نۇرى قۇدرەت بولدى ۋۇجۇتتا.

(بۇغدا ئابدۇللا)

بۇ مىسالدىكى ياسىدۇق، چىقىپ، بولدى دىگەن پىئىللار ئۇتۇم-سىز پىئىللار بولۇپ، ئىش-ھەركەتنىڭ ۋاستىلىك ئوبيېكتىنى كورستىدىغان تاغلاردا، مەخمەلدىن، كوككە، ۋۇجۇتتا دىگەن سوزلەرنى باشقۇرۇپ كەلگەن.

ئۇتۇمسىز پىئىللارغا كەت، ماڭ، تۇر، يات، ئولتۇر، كەل، چىق، بول، قايت، بار، ئۇچ، چاقنا، ياشنا، ياشا، كوي قاتارلىق پىئىللار كىرىدۇ.

بۇ ئىككى خىل پىئىلنىڭ بەزىلىرى ئوزئارا ئوتۇشۇپ تۇرىدۇ، يەنى بەزى ئۇتۇملۇك پىئىللار چۈشۈم كېلىشتىن باشقا كېلىشلەردە كەلگەن سوزلەرنى باشقۇرۇپ كەلسە، بەزى ئۇتۇمسىز پىئىللار چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن سوزلەرنى باشقۇرۇپ كېلىش مۇمكىن. مەسلەن: ئاتقا مىندىم، ئاتنى مىندىم، مەكتەپتە ئوقۇدۇم، رومانىنى ئوقۇدۇم.

يۇقۇرىدا پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۆتۈملۈك ۋە ئۆتۈمسىز پېئىللار ھەققىدە قىسقىچە توختالدۇق. ئەمدى پېئىل دەرىجىلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز.

جۈملىدە ئىگە بىلەن خەۋەر بولۇپ كەلگەن پېئىلنىڭ تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى كۆرسىتىدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ. بۇ خىل كاتېگورىيە ئۆزىگە خاس گرامماتىكىلىق شەكىللەرگە ئىگە، ئۇلار پېئىللارغا باشقا گرامماتىكىلىق شەكىللەردىن بۇرۇن قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: ئېگىلدى، يېزىلدى، ئۇرۇندى، ئوقۇشتى، سۆزلەتتى.

پېئىللارنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. ئېنىق دەرىجە

ئۆزىگە خاس گرامماتىكىلىق شەكلى بولمىغان (قوشۇمچىسى بولمىغان)، جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن شەخس ياكى شەيئىنىڭ ھەركىتىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان پېئىل دەرىجىسى ئېنىق دەرىجە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئېنىق دەرىجىدىكى پېئىللار پېئىللارنىڭ باشقا گرامماتىكىلىق كاتېگورىيە شەكىللىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سېنى كۆرگەندە دىللار ياشنىدى،
شەلا كۆزۈڭدىن ئۇچقۇن چاقنىدى،
كىملەرگە جىلۋەڭ ئوتلار ياقمىدى،
ئۇستۇرەر سېنى ئەۋلادىم، ئۇسۇل.
(نىمشېھىت)

بۇ مىسالدىكى ياشنىدى، چاقنىدى، ياقمىدى، ئۇستۇرەر دېگەن پېئىللار ئېنىق دەرىجىدىكى پېئىللار بولۇپ، دىللار، ئۇچقۇن،

جىلۋىلىڭ، ئەۋلادىم دىگەن ئىگىلەرنىڭ ھەركىتىنى ئېنىق دەرىجىدە ئىپادىلەپ كەلگەن.

## 2. مەجھۇل دەرىجە

جۇملىنىڭ ئىگىسى تەرىپىدىن ئەمەس، چىقىش - كېلىشتە كەلگەن شەخس ۋە نەرسىلەر تەرىپىدىن ئورۇنلانغان ھەركەتنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل دەرىجىسى مەجھۇل دەرىجە دىيىلىدۇ.

مەجھۇل دەرىجىدە كەلگەن پېئىللار لوگىك جەھەتتىن ھەركەت-نىڭ ھەقىقى ئوبيېكتى جۇملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەن سوز ئىگەن-لىگىنى، ھەركەتنى قىلغۇچى بولسا، نامەلۇم (چىقىش - كېلىشتە كەلگەن) سوز ئىگەنلىگىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: مەكتىۋىمىزنىڭ ئەتراپىغا كوچەت تىكىلدى، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ئاتوم بومبىسى 1965 - يىلى پارتلىتىلدى، دىگەن مىساللاردا كوچەت، ئاتوم بومبىسى دىگەن سوزلەر ئىگە بولۇپ، تىكىلدى، پارتلىتىلدى دىگەن پېئىلدىن ئاڭلىشىلغان ھەركەت مەزكۇر ئىگە ئۇستىدە بولغان، لىكىن تىكىلدى، پارتلىتىلدى دىگەندە ئىپادىلەن-گەن ھەركەتنى قىلغۇچى شەخس نامەلۇم. ھەركەت كىم تەرىپىدىن قىلىندى؟ نوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن تىكىلدى. ئىشچىلار ۋە پەن-تەتقىقات خادىملىرى تەرىپىدىن پارتلىتىلدى. دىمەك، ھەركەتنى بىجىرگۇچى شەخس سوئال بېرىلگەندىن كېيىن ئېنىقلىنىدۇ.

مەجھۇل دەرىجىنى ئىپادىلىگۇچى قوشۇمچىلار ل، ن، ئىل، ئىل، ئۇل (ul)، ئۇل (ül) يۇل، يىل لاردىن ئىبارەت. بۇلار پېئىللارغا تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بويىچە ئۇلىنىدۇ.

1) ل بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا — ئىن قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

قىل - قىلىندى، بىل - بىلىندى، سال - سېلىندى.

2) — ل دىن باشقا، ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا ئىل، ئۇل، ئۇل (ül) قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ياز - يېزىلدى، قۇر - قۇرۇلدى، كور - كورۇلدى، سۇز- سۇزۇلدى.

3) سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا ل، ن، يىل، يۇل قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلا - ئۇلاندى، ياسا - ياسالدى، ئىشلە - ئىشلەندى، دە- دېيىلدى، يە - يېيىلدى، يۇ - يۇيۇلدى.

مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان پېئىللار ئەسلىدە ئۆ- تۈملۈك پېئىللار بولسىمۇ، بۇ قوشۇمچىلار قوشۇلغاندىن كېيىن، ئۆتۈمسىز پېئىللارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

### 3. ئۆزلۈك دەرىجە

جۈملىنىڭ ئىگىسى تەرىپىدىن ئورۇنلانغان ۋە ئىگە تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ھەركەتنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل دەرىجىسى ئۆز- لۈك دەرىجە دېيىلىدۇ. ئۆزلۈك دەرىجە جۈملىنىڭ ئىگىسى ھەر- كەتنىڭ سوبيېكتى ھەم ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسى- لەن: ئۇ دۈشمەن ئۈستىگە تاشلاندى. ئوقۇغۇچىلار بىزدىن تارتىن- دى. كوزۇمگە بىر نىمە كورۇندى. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئې- چىلدى. ئۇنىڭ ئىلھامى قوزغالدى.

بۇقۇرقى مىساللاردىكى ئۆزلۈك دەرىجە (تاشلاندى، تارتىندى، كورۇندى، ئېچىلدى، قوزغالدى) ھەركەتنى قىلغۇچىمۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى، ھەركەتنى قوبۇل قىلغۇچىمۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى ئىكەنلى- كىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

ئۆزلۈك دەرىجىنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى (قوشۇمچىلىرى) ل، ن، ئۇن (un)، ئۈن (ün)، ئىل لاردىن ئىبارەت بولۇپ، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا ل، ن قوشۇمچىلىرى، ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغا ئىل، ئىن، ئۇن (un)، ئۈن (ün) قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

تاشلا - تاشلاندى، تارا - تاراندى، قوزغا - قوزغالدى، ئىل-

ئىلىندى، كور - كورۈندى، ئۈر - ئۈرۈندى، ئاچ - ئېچىلدى.

ئوزلۇك دەرىجىدىكى پېئىللار ئەسلىدە ئوتۇملۇك پېئىل بولسىمۇ، بۇ دەرىجە بىلەن تۈرلەنگەندىن كېيىن ئوتۇمسىز پېئىللارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئوزلۇك دەرىجە شەكىللىرى تارىخىي تەرەققىيات جەھەتتىن قارىغاندا، مەجھۇل دەرىجە شەكىللىرى بىلەن ئارىلاش دىگۈدەك قوللىنىپ كېلىنگەن ۋە تەدرىجى پەرقلىنىپ بارغاچقا، شۇنىڭدەك هازىرمۇ مۇنداق جەريانىنى تولۇق باشتىن كەچۈرۈپ بولمىغاچقا، بەزى پېئىللارنىڭ ئوزلۇك ۋە مەجھۇل دەرىجىسىنى ئۇلارنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرىگە قاراپ ئاجرىتىش قىيىن. مۇنداق ئەھۋالدا پەقەت كونكرېت جۈملىدىكى پېئىلنىڭ ئوبىيېكت ۋە سۇبىيېكتلىرىغا قاراپ ئاجرىتىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلدى (مەجھۇل دەرىجە)، باغدا رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلدى (ئوزلۇك دەرىجە)، مىلتىق ئېتىلدى (مەجھۇل دەرىجە)، ئۇ ماڭا ئېتىلدى (ئوزلۇك دەرىجە)، ئەمگەك قورالى تەييارلاندى (مەجھۇل دەرىجە)، مەن سەپەرگە تەييارلاندىم (ئوزلۇك دەرىجە)، كىيىم قوزۇققا ئىلىندى (مەجھۇل دەرىجە)، بېلىق قاماققا ئىلىندى (ئوزلۇك دەرىجە).

## 4. ئۆملۈك دەرىجە

هەركەتنىڭ بىر قانچە شەخس تەرىپىدىن ئورتاق ئورۇنلانغانلىغىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل دەرىجىسى ئۆملۈك دەرىجە دېيىلىدۇ. ئۆملۈك دەرىجىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ش، ئىش، ئۇش (ux)، ئۈش (üx)، يىش، يۈش قوشۇمچىلىرى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلە - ئىشلەشتى، يۇ - يۇيۇشتى، دە - دېيىشتى، ئال - ئېلىشتى، قوي - قويۇشتى، سوز - سوزۇشتى.

ئۆملۈك دەرىجە شەكىللىرى قارىماققا هەركەت ناملىرىنىڭ قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاشتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر-

بىرىگە ئوخشىمايدۇ، ئۇلارنىڭ مەنىلىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ھەركەت ناملىرىنى ئوملۇك دەرىجە بىلەن تۈرلەپ باقساقلا، بۇ پەرق ئېنىق كورۇلىدۇ. مەسىلەن:

يېزىش (ھەركەت نامى)، خەت يېزىشتى (ئوملۇك دەرىجە)، كورۇش (ھەركەت نامى) ئويۇن كورۇشتى (ئوملۇك دەرىجە)، ئېلىش (ھەركەت نامى)، قول ئېلىشتى (ئوملۇك دەرىجە).

ئوملۇك دەرىجە تۆۋەندىكىدەك كونكرېت مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

1) مەلۇم بىر ھەركەتنى قىلىشتا باراۋەر قاتنىشىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

بېرىلگەن ۋەزىپىنى بولۇشتۇق. باللار مەيداندا ئۇزۇنغا يۇگۇرۇشتى. ئەخمەت، داۋۇت، ساۋۇتلار بازارغا بېرىشتى.

مۇنداق مەنە ئىپادىلەيدىغان ئوملۇك دەرىجىدە جۈملىنىڭ ئىگىسى كوپلۇكتە كەلگەن سوز ياكى بىرقانچە تەڭداش ئىگىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ؛ ئوملۇك دەرىجىدە كەلگەن پېئىللار ئەسلىدە ئوتۇملۇك بولسا، ئوتۇملۇك بويىچە، ئوتۇمسىز بولسا، ئوتۇمسىز بويىچە قېلىۋېرىدۇ. يۇقۇرقى مىساللىنىڭ بىرىنچىسىدىكى پېئىل ئوتۇملۇك، قالغان مىساللاردىكى پېئىللار ئوتۇمسىز.

2) جۈملە ئىگىسىنىڭ بىر ئىشنى قىلىش بىلەن، باشقا بىرسىگە ياردەم قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

سىزگە سېنىپنى تازىلىشىپ بەرگىلى كەلدىم. ئايشەم ئانىسىغا قارىشىپ بەردى.

بۇنداق پېئىللارمۇ ئەسلىدە ئوتۇملۇك بولسا، ئوتۇملۇك بويىچە، ئوتۇمسىز بولسا، ئوتۇمسىز بويىچە قېلىۋېرىدۇ.

3) ئوملۇك دەرىجىدىكى بەزى پېئىللار جۈملە ئىگىسىنىڭ مەلۇم بىر ھەركەتنى باشقا بىر شەخس بىلەن بەسلىشىپ قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

قېنى يولداشلار، يۇگۇرۇشۇپ باقمايلىمۇ؟

## 5. مەجبۇرى دەرىجە

جۈملە ئىگىسىنىڭ ئىش - ھەرىكەتنى باشقىلارغا مەجبۇرى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل دەرىجىسى مەجبۇرى دەرىجە دېيىلىدۇ. مەجبۇرى دەرىجىدىكى پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئىجرا قىلغۇچى يوشۇرۇنلۇق كېلىشتە، ئىجرا قىلغۇچىنى مەجبۇرلىغان ئىگە باش كېلىشتە كېلىدۇ.

مەسىلەن:

مەن ئوقۇغۇچىلارغا تاپشۇرۇق ئىشلەتتىم دېگەن جۈملىدە مەن ھەرىكەتنى مەجبۇر قىلغۇچى (ئىگە)، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەتنى ئىجرا قىلغۇچى.

مەجبۇرى دەرىجىنىڭ گراماتىكىلىق شەكىللىرى ت، ئۇر (ur)، ئۈر (ür)، دۇر (dur)، دۈر (dür)، تۇر (tur)، تۈر (tür)، غۇز، قۇز، گۈز (güz)، كۈز (küz) لەردىن ئىبارەت، بۇلار پېئىللارغا تۆۋەندىكى ئۇسۇللار بويىچە ئۇلىنىدۇ.

1) ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىل يىلتىزىغا ت قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ مەجبۇرى دەرىجە ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئىشلە - ئىشلەت، ياسا - ياسات، تاشلا - تاشلات، ئوينا - ئوينات، كۆرسە - كۆرسەت.

2) ش، چ، ت ۋە ق بىلەن ئاياقلاشقان بەزى پېئىل يىلتىزلىرىغا ئۇر (ur)، ئۈر (ür)، ئار قاتارلىق قوشۇمچىلار قوشۇلۇپ، مەجبۇرى دەرىجە ياسىلىدۇ. مەسىلەن: پىش - پىشۇر، ئىچ - ئىچۈر، كۆچ - كۆچۈر، قات - قاتۇر، چىق - چىقار.

3) تۇر، دۇر (dur)، تۈر (tür)، دۈر (dür) ياكى غۇز، قۇز، گۈز (güz)، كۈز (küz) قوشۇمچىلىرى ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغىمۇ، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان پېئىللارغىمۇ ئوخشاشلا ئۇلىنىپ، مەجبۇرى دەرىجە ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئەت - ئەتتۈر، ئەتكۈز، باق - باقتۇر، باققۇز، ئال - ئالدۇر، ئالغۇز،

يە - يىدۇر، يىگۈز، يۇ - يۇدۇر، يۇغۇز.

مەجبۇرى دەرىجە قوشۇمچىلىرى، كۆپىنچە ئوتتۇملۇك پېئىللارغا قوشۇلىدۇ. ئەگەر ئوتتۇمسىز پېئىللارغا قوشۇلسا، ئوتتۇمسىز پېئىللارنى ئوتتۇملۇك پېئىللارغا ئايلاندۇرىدۇ. پىش پېئىلى ئەسلىدە ئوتتۇمسىز بولسىمۇ، مەجبۇرى دەرىجە بىلەن ئۇرلەنگەندىن كېيىن، ئوتتۇملۇك پېئىلغا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن:

پىش - پىشۇر (تاماقنى تېز پىشۇر)

مەجبۇرى دەرىجە قوشۇمچىلىرى بەزىدە قەۋەتلىنىپ قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن. مۇنداق مەجبۇرى دەرىجىدىكى پېئىل جۈملە ئىگىسىنىڭ قوش ۋاستە ئارقىلىق ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئىشكاپنى ئۇنىڭغا ياساتقۇزدۇم، سۇنى بالىلارغا ئايناتقۇزدۇم. سۆزنى ئۇلارغا سۆزلەتكۈزۈك.

پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى پېئىللارغا ھەمىشە ئايرىم-ئايرىم قوشۇلمايدۇ، بەلكى بىر ۋاقىتتا بىر پېئىلغا بىرقانچە دەرىجە قوشۇمچىسى بىردەك قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن. مۇنداق ئەھۋالدا، ئېنىق دەرىجە باشقا دەرىجىگە ئاساس بولىدۇ؛ ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن ئۆزلۈك دەرىجە، ئاندىن ئوملۇك دەرىجە، ئۇنىڭدىن كېيىن مەجبۇرى دەرىجە، ئاخىرىدا مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

تونۇشتۇرۇلدى دېگەن پېئىلدا ئېنىق دەرىجىگە ئالدى بىلەن ئوملۇك دەرىجە، ئاندىن مەجبۇرى دەرىجە، ئاخىرىدا مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان. ياساندۇرۇلدى دېگەن پېئىلدا ئېنىق دەرىجىگە ئالدى بىلەن ئۆزلۈك دەرىجە، ئاندىن مەجبۇرى دەرىجە، ئۇنىڭدىن كېيىن مەجھۇل دەرىجە قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان.

## 45 - § پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى

پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەركەتنىڭ سۆز قىلىنغان ۋاقىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. پېئىللار ئۈچ زاماننى ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار: ھازىرقى زامان، ئۆتكەن زامان ۋە كېلىدىغان زاماندىن ئىبارەت.

ئىش - ھەركەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان زامان شەكلى ھازىرقى زامان دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

يېزىۋاتىمەن، يېزىۋاتىسەن، يېزىۋاتىدۇ. ئىشلىمەيۋاتىمەن، ئىشلىمەيۋاتىسەن، ئىشلىمەيۋاتىدۇ.

ئىش - ھەركەتنىڭ سۆز قىلىنغان ۋاقىتتىن بۇرۇن بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان زامان شەكلى ئۆتكەن زامان دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ماڭدىم - ماڭمىدىم، ماڭدىڭ - ماڭمىدىڭ، ماڭدى - ماڭمىدى؛ كۆردۈم - كۆرمىدىم، كۆردۈڭ - كۆرمىدىڭ، كۆردى - كۆرمىدى.

ئىش - ھەركەتنىڭ سۆز قىلىنغان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان زامان شەكلى كېلىدىغان زامان دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇيمەن، ئوقۇيسەن، ئوقۇيدۇ،

تاشلىمايمەن، تاشلىمايسەن، تاشلىمايدۇ.

پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى، ئاساسەن، خەۋەر رايىدىكى پېئىللاردا كۆرۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھەقتە پېئىللارنىڭ خەۋەر رايىدا تەپسىلى توختىلىمىز.

## 46 - § پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسى

پېئىللاردا ئاڭلىتىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىش يوسۇنلىرى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيە پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ.

پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسىنى پېئىل تۈرى دائىرىسىگە كىرگۈزىدىغان قاراشلار مەۋجۇت. مۇنداق قاراش توغرا ئەمەس. چۈنكى پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسى خاراكتېر جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ قانداق پوزىتسىيىدە بولغانلىقىدىن ئىبارەت گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ياز، ئوقۇ، ماڭ، تۇر، ئىشلە، كۆر، ئولتۇر دېگەن پېئىللار تۈزۈلۈش جەھەتتىن پېئىللارنىڭ يىلتىز شەكلى بولسىمۇ، بۇلار سۆزلىگۈچىنىڭ تىڭشىغۇچىغا ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يازسا، ئوقۇسا، ئىشلىسە، كۆرسە دېگەن پېئىللار جۈملىدە ئىش - ھەرىكەتنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى، سۆزلىگۈچىنىڭ ئىككىنچى بىر ئىش - ھەرىكەتكە شەرت قويۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يازدى، ئوقۇدۇم، كەلدىم، كۆردىڭىز، ئۆگىنىۋاتىمەن دېگەن پېئىل شەكىللىرى جۈملىدە ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەلۇم شەخس تەرىپىدىن ئورۇنلانغانلىقى ياكى ئورۇنلىنىۋاتقانلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ خەۋەر (بايان) قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مانا بۇلار مەزكۇر پېئىللارنىڭ گىرامماتىكىلىق مەنىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئۈچ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنى پېئىللارنىڭ تۈرى دېيىش توغرا ئەمەس. بۇلار — پەقەت سۆزلىگۈچىنىڭ ئىش - ھەرىكەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەققىدىكى پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان بىرخىل گىرامما-

تىپلىق كاتېگورىيىگە مەنسۇپ پېئىل شەكىللىرى، يەنى پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسى.

پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسى گىراممىماتىكىلىق مەنىسىگە ئاساسەن 3 كە بۆلۈنىدۇ.

## 1. بۇيرۇق رايى

پېئىللارنىڭ بۇيرۇق رايى سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشى ياكى ئورۇنلانماسلىقى ھەققىدىكى بۇيرۇغىنى، خاھىشىنى، تەلىپىنى، ئىلتىماسىنى ئىپادىلەيدۇ. سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنى ئورۇنلاش ياكى ئورۇنلىماسلىق ھەققىدىكى تەلىپى، ئاساسەن، 2 - شەخسكە (ئاڭلىغۇچىغا) قارىتىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇيرۇق رايىنىڭ ئاساسىي شەكلى 2 - شەخسنىڭ بىرلىكى بولىدۇ. بۇيرۇق رايىدا كەلگەن پېئىل جۈملىدە ئالاھىدە ئاھاڭ بىلەن ئېيتىلىدۇ، جۈملىنىڭ ئىگىسىمۇ 2 - شەخستە كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەرتسەن ئەل بىرلە ئول، بىللە تىرىل ھەم بىللە كۆل،
بىللە يىغلا، ئەلنى تاشلاپ چەتتە ياتماقلىق خاتا.

(نىمشېھىت)

بۇيرۇق رايى 2 - شەخستىن باشقا، 1 - ۋە 3 - شەخسلەردە كۆرۈلۈشىمۇ مۇمكىن. لېكىن 1 - ۋە 3 - شەخسلەردە كەلگەن بۇيرۇق رايىدا بۇيرۇق مەنىسىگە قارىغاندا خالاش، چاقىرىق مەنىلىرى بېسىمراق بولىدۇ. بۇيرۇق رايى 1 - شەخسكە تەۋە بولسا، سۆزلىگۈچى ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ئىشنى قىلىش - قىلماسلىقنى خالىغانلىقىنى، شۇنىڭغا ئىخلاسى چۈشكەن - چۈشمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا 1 - شەخس بۇيرۇق رايىنىڭ بىرلىك شەكلى خالاش مەنىسىنىلا ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: سىزدىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنەي، سىز بىلەن بىللە باراي.

ئەگەر بۇيرۇق رايى 1 - شەخسنىڭ كۆپلۈكىدە بولسا، سۆزلىگۈچى ئۆزى قاتناشقان توپقا مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنى قىلىش-قىلماسلىق ھەققىدە چاقىرىق قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مەملىكىتىمىزنى ئېخىمۇ گۈللەندۈرەيلى!

ھەممىمىز بىللە بارايلى.

ئەگەر بۇيرۇق رايى 3 - شەخستە بولسا، ئاڭلىغۇچى ئارقىلىق 3 - شەخسكە مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنى قىلىش - قىلماسلىق ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇق قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشمۇ ياكى بۇ ھەقتە ئۆزىنىڭ خالاش پوزىتسىيىسىدە تۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈشمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

قايناق ئەمگەك، ئىجات، كۆيلەر ئەۋج ئۇرسۇن بولۇپ دەريا
تاغ بېشىدا قارىغاي،
شېخىدا بۇلبۇل سايرىغاي.

بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار زامان كاتېگورىيىسىگە ئىگە ئەمەس، ئۇلار شەخس - سان، بارلىق - يوقلۇق، دەرىجە كاتېگورىيىلىرىگە ئىگە.

بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللار تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:

1) بۇيرۇق رايىنىڭ 2 - شەخس بىرلىكى پېئىللارنىڭ يىلتىزى ياكى دەرىجە، يوقلۇق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ، ماڭ، تۇر، كەلمە، ياسان، تۇرغۇز، ماڭدۇر.

پېئىل يىلتىزىغا غىن، قىن، گىن، كىن قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇشى بىلەنمۇ بۇيرۇق رايىنىڭ 2 - شەخس بىرلىك شەكلى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يازغىن، تاپقىن، كۆرگىن، كەتكىن.

بۇيرۇق رايىنىڭ 2 - شەخس بىرلىك سىپايە شەكلى شەخس-سان كاتېگورىيىسىنىڭ 2 - شەخس قوشۇمچىلىرى ڭ، ىڭ، ئۇڭ (ung)، ئۈڭ (üng)، سىنە - سىلا قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن:
ئوقۇك، يېزىك، تۇرۇك، كورۇك، ئالسىلا، كەلسىلە، تۇرمىسىلا، ئوقۇتمىسىلا، ماڭدۇرمىسىلا.
بۇيرۇق رايىنىڭ 2 - شەخس كوپلۇك شەكلى پېئىللارنىڭ 2 - شەخس بىرلىك سىپايە شەكلىگە لار قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
ئوقۇك - ئوقۇڭلار، كورۇك - كورۇڭلار، يازماڭ - يازماڭلار، تۇرماڭ - تۇرماڭلار.
2) بۇيرۇق رايىنىڭ 1 - شەخس بىرلىكى پېئىل يىلتىزىغا ياكى بارلىق - يوقلۇق دەرىجە كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارنىڭ ئاخىرىغا ي، اي، ەي قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، كوپلۇگى يلى، ايلى، ەيلى قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:
ئوقۇي، باراي، كورەي، باشلايلى، كېلەيلى، ماڭايلى.
3) 3 - شەخس بۇيرۇق رايى پېئىللارغا سۇن قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، بىرلىكى بىلەن كوپلۇگى پەرقلەنمەيدۇ. مەسىلەن:
يازسۇن، يازمىسۇن، ئوقۇسۇن، ئوقۇمىسۇن، بارسۇن، بارمىسۇن.
يۇقۇرقىلاردىن باشقا، ئەگەن، ئىدى ياردەمچى پېئىللىرى شەرت رايىدىن كېيىن ياكى غاي، قاي، گەي، كەي قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن 3 - شەخس بۇيرۇق رايىدىن كېيىن كېلىپ، خالاش، ئۇمىت، تىلەك مەنىلىرىنى بىلدۇرىدىغان بۇيرۇق رايىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:
يامغۇر ياقمىچە يېتىۋالغاي ئىدى (يېتىۋالغاي ئىدى).
مەنمۇ بارىمەن، سىزمۇ بارسىڭىزكەن (بارسىڭىز ئىكەن).

## 2. شەرت رايى

شەرت رايىدىكى پېئىللار مەلۇم ئىش - ھەركەتنىڭ ئىككىنچى بىر ئىش - ھەركەتكە شەرت ئىكەنلىكىنى بىلدۇرىدۇ، يەنى بۇ-

خىل پېئىللار، ئاساسەن، مەلۇم ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش
ياكى ئورۇنلانماسلىقى يەنە بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىش
ياكى ئورۇنلانماسلىقىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسى-
لەن: ئوقۇساڭ بىلىسەن، ئىشلىسەڭ، چىشلەيسەن دېگەن مىساللار-
دىكى ئوقۇساڭ، ئىشلىسەڭ دېگەن پېئىللار شەرت رايى بولۇپ،
بىلىسەن، چىشلەيسەن دېگەن پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەر-
كەتكە شەرت بولۇپ كەلگەن. شۇڭا شەرت رايىدىكى پېئىللار، كۆ-
پىنچە ئۆزى شەرت بولۇپ كەلگەن ئىش - ھەرىكەتنى ئىپادىلەي-
دىغان پېئىللار بىلەن باغلانغان ھالدا قوللىنىلىدۇ.

شەرت رايى پېئىل يىلتىزىغا ياكى بولۇشلۇق - بولۇشسىز كاتې-
گورىيىلەر بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارغا سا، سە قوشۇمچىلىرى قو-
شۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. شەرت رايىدىكى پېئىللار پېئىللارنىڭ
شەخس سان كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ، ئەمما زامان كاتې-
گورىيىسى بىلەن تۈرلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

ئالسا - ئالسام، ئالساق، ئالمىسام، ئالمىساق، ئالمىسا؛ كەل-
سە، كەلسەڭ، كەلسەڭلەر، كەلمىسەڭ، كەلمىسەڭلار، كەلمىسە.

شەرت رايىدىكى پېئىللار شەرت مەنىسىدىن باشقا تۆۋەندىكى-
دەك كونكرېت مەنىلەرنىمۇ ئىپادىلەيدۇ: ئالسام ئالاي، بارسى-
ڭىز بېرىڭ دېگەن مىساللاردىكى شەرت رايىغا خاس پېئىللار
(ئالسام، بارسىڭىز) مۇشۇ مىساللاردا شەرتكە نىسبەتەن خالاش —
ئىختىيار قىلىش مەنىسىنى كۈچلۈكرەك ئىپادىلەيدۇ. سەن ئۇ يەر-
گە بۈگۈنلا بارساڭ، بۇ گەپنى بىز ئاڭلىمىدۇق، ئەجەبا، سىز ئاڭ-
لىمىغان بولسىڭىز! دېگەن مىساللار ئۈمىت ۋە ئىشەنمەسلىك مەنى-
لىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ تىرىشقان بولسىمۇ، ياخشى نەتىجىگە
ئېرىشەلمىدى، دېسەك، مۇ ئۇلانمىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن قارشى-
لىق قىلىش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭدەك بارسىمىكىن (بار-
سامۇ ئىكەن)، بارمىسىمىكىن (بارمىسامۇ ئىكەن) دېگەن جۈملى-
لەردە شەرت رايىدىن كېيىن مۇ ئۇلانمىسى ۋە ئىكەن ياردەمچى
پېئىلنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىككىلىنىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

مەن بارسام، سەن يوق ئىكەنسەن، دىسەك ۋاقىتنى ئىپادىلەيدۇ ۋە باشقىلار.

## 3. خەۋەر رايى

خەۋەر رايى ئىش - ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ خەۋەر قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. خەۋەر رايىدىكى پېئىللار پېئىللارنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن تولۇق تۈرلىنىدۇ، بولۇپمۇ بۇيرۇق رايى ۋە شەرت رايىدىكى پېئىللار تۈرلەنمەيدىغان زامان كاتېگورىيىسى بىلەن تولۇق تۈرلىنىدۇ. شۇڭا پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى خەۋەر رايىغا خاس كاتېگورىيە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

چىللىدى خوراز جاھاننى ئويغىتىپ تاڭ يورىدى،
ياڭرىدى ھەر ياندا ساز، يۈتيەنمۇ بار بۇ نەغمىدە،
كەلدى ئىلھام مىسلىسىز شائىرنى ئۈندەپ نەزمىگە.

(ماۋ زېدۇڭ)

بۇ مىساللاردىكى چىللىدى، يورىدى، ياڭرىدى، كەلدى دىگەن پېئىللار خەۋەر رايىدىكى پېئىللاردىن ئىبارەت.

خەۋەر رايىدىكى پېئىللارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى زامان كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت. خەۋەر رايىدىكى پېئىللار مۇشۇ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، 3 زامان شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ.

1) ھازىرقى زامان خەۋەر رايى

ئىش - ھەركەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشىۋاتقانلىقىنى ياكى تېخى تاماملانمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان خەۋەر رايى ھازىرقى زامان خەۋەر رايى دىيىلىدۇ. مەسىلەن:

ۋەتىنىمىز كۈندىن-كۈنگە گۈللىنىۋاتىدۇ. خەلق تۇرمۇشى ياخشىلىنىۋاتىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدىن ئارقا-ئارقىدىن خۇش خەۋەرلەر كەلمەكتە.

ھازىرقى زامان خەۋەر رايىدىكى پېئىللار ئۆزىگە خاس قوللىنىلىش دائىرىسىگە ۋە تۈرلىنىش شەكىللىرىگە ئىگە، مانا مۇشۇ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ 3 خىل شەكىلدە بولىدۇ:

بىرىنچى خىل ھازىرقى زامان خەۋەر رايى ئۈچ شەخستە ئوخشاش قوللىنىلىدىغان شەكىل بولۇپ، بولۇشلۇقتا پ، ئىپ، ئۇپ (up) ئۈپ (üp) بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلارغا ئاۋال يات پېئىل (ياردەمچى پېئىل ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ)، ئاندىن رەۋىشداش ياسىغۇچى ئا قوشۇمچىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن دۇر ياردەمچى پېئىلى ۋە شەخس-سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بولۇشسىزلىقتا بەزىدە ئاساسىي پېئىلغا، بەزىدە ياردەمچى پېئىلغا يوقلۇق قوشۇمچىسى ما، مە، قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ ئەدەبىي جانلىق تىلدا ھەم يېزىق تىلىدا بىر خىل شەكىلدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بولۇشلۇق:
يېزىپ + يات + ئا + دۇر + مەن (مىز) — يېزىۋاتىمەن، يېزىۋاتىمىز
ئوقۇپ + يات + ئا + دۇر + سەن (سىلەر) — ئوقۇۋاتىسەن، ئوقۇۋاتىسىلەر، ئوقۇۋاتىدىلا
كۆرۈپ + يات + ئا + دۇر — كۆرۈۋاتىدۇ

بولۇشسىز:
بار + ماي + يات + ئا + دۇر + مەن (مىز) — بارمايۋاتىمەن، بارمايۋاتىمىز
ئىشلەپ + يات + ماي + سىز (سىلەر) — ئىشلەۋاتمايسىز
ئىشلە + مەي + يات + ئا + دۇر — ئىشلىمەيۋاتىدۇ، ئىشلىمەيۋاتىسىلەر

يۇقۇرقى مىساللاردىن شۇنى كۆرۈش مۇمكىنكى، ھازىرقى زامان خەۋەر رايىنىڭ بۇ شەكلىدە دۆر ياردەمچى پېئىلى پەقەت 2-شەخس سىپايە تۈرى بىلەن 3-شەخستىلا ساقلىنىپ قالغان، يات پېئىلنىڭ ي تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

ھازىرقى زامان خەۋەر رايىدىكى پېئىللارنىڭ سوراق شەكلى 1-شەخس قوشۇمچىلىرىدىن كېيىن مۇ، 2-، 3-شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئالدىغا م ئۇلانمىسى قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: يېزىۋاتىمەنمۇ؟ يېزىۋاتامسىز؟ يېزىلىۋاتامدۇ؟

ئىككىنچى خىل ھازىرقى زامان خەۋەر رايى پ، ئىپ، ئۇپ (up)، ئۈپ(üp) بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلارغا ماق بىلەن ياسالغان ھەركەت نامى، ئاندىن ئۇرۇن كېلىش قوشۇمچىسى، ئاخىرىدا شەخس-سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. يېزىق تىلىدا 1-، 3-شەخس شەكلى كۆپرەك، 2-شەخس شەكلى ئازراق قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇپ + ياتماق + تا + مەن -
ئوقۇۋاتماقتىمەن
ئوقۇۋاتماقتىسىز
ئوقۇۋاتماقتا

بۇ خىل پېئىللارنىڭ يوقلۇق ۋە سوراق شەكلى كۆرۈلمەيدۇ.

ئۈچىنچى خىل ھازىرقى زامان خەۋەر رايى ماق، مەك بىلەن ياسالغان ھەركەت ناملىرىغا ئۇرۇن كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن تا، تە، ئاندىن شەخس-سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

يازماق + تا + مەن(مىز) - يازماقتىمەن، يازماقتىمىز

كورمەك + تە + سىز(سىلەر) - كورمەكتىسىز، كورمەكتىسىلەر

گۈللەنمەك + تە - گۈللەنمەكتە.

بۇ خىل شەكلىنىڭمۇ يوقلۇق ۋە سوراق شەكلى ئىپادىلەنمەيدۇ.

ھازىرقى زامان خەۋەر رايى شەكىللىرىنىڭ 1-خىلى يېزىق ۋە جانلىق تىلىمىزدا ئۈچ شەخستە ئوخشاشلا قوللىنىلىدۇ. 2-ۋە

3-خىل شەكىللىرىنىڭ 3-شەخس شەكلى يېزىق تىلىدا قوللىنىلمىدۇ، 1-ۋە 2-شەخس شەكىللىرى تېخى ئانچە قوللىنىلمايدۇ. چۈنكى بۇ خىل شەكىللەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدا كېلىپ چىقىش تارىخى ئانچە ئۇزۇن ئەمەس.

2) ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى

ئىش-ھەركەتنىڭ سۆز قىلىنغان ۋاقىتتىن بۇرۇن ئورۇنلانغان ياكى ئورۇنلانمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان خەۋەر رايى ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى دېيىلىدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللار ئۆزىنىڭ گىراماتىكىلىق مەنە ۋە گىراماتىكىلىق شەكىللىرى ئارقىلىق باشقا خەۋەر رايىدىكى پېئىللاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

مەسىلەن:

ماگدى پالۋانلار، قىزىل تۇغ قىلدى جەۋلان ئالدىدا،
ماگدى يولباشچى بولۇپ ۋاردىس قوماندان ئالدىدا،
جەڭگە ئاتلاندى قىزىل سەپ يېڭى پەرمان ئالدىدا،
شۇم نىيەت ياۋ چاغلىماي، مۇشتنى ئاتقان ئالدىدا.
ئاقىۋەت رەسۋاسى چىقتى گۇرزى-بازغان ئالدىدا.

(تېيىپجان ئېلىيوپ)

دىگەن مىسالدىكى ماگدى، قىلدى، ئاتلاندى، چىقتى قاتارلىقلار ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىغا خاس پېئىللار بولۇپ، سۆز قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ئىش-ھەركەتنى ئىپادىلەپ كەلمەكتە.

ئۆتكەن زامان خەۋەر رايىدىكى پېئىللار تۆۋەندىكىدەك 6 خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) ئېنىق ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى

ئىش-ھەركەتنىڭ سۆز قىلىنغان ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشمىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى ئېنىق ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى دېيىلىدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللار بولۇشلۇق، بولۇشسىز ۋە دەرىجە كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارغا دى، دۇ قوشۇمچىلىرى، ئاندىن شەخس-

سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئالدىم، ئالدۇق، ئالمىدىم، ئالمىدۇق، ئالدۇردۇم؛

كۆردىڭ، كۆردۈڭلار، كۆرمىدىڭ، كۆرگۈزدۈڭ؛

ئوقۇدى، ئوقۇمىدى.

(2) ئۆتكەن زامان ھېكايە خەۋەر رايى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنغان ۋاقىتتىن ئىلگىرى بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ھېكايە تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى ئۆتكەن زامان ھېكايە خەۋەر رايى دېيىلىدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللارنىڭ بىر قىسمى پ، ئىپ، ئۇپ(up)، ئۈپ (üp) بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلارغا تۇر ياردەمچى پېئىل، ئاندىن شەخس-سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ يەنە بىر قىسمى شەخس-سان قوشۇمچىلىرىدىن ئاۋال ياكى كېيىن ئىكەن، ئىمىش، ياردەمچى پېئىللىرى قوشۇلۇش بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللاردا فونېتىك ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە 1-شەخس تۇردىكى ئۇ تاۋۇشى -غا ئۆزگىرىش بىلەن، ر تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدۇ، 2-شەخستە تۇر پۈتۈنلەي چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

| ئەسلى | ھازىر |
|---|---|
| يېزىپتۇرمەن | يېزىپتىمەن، يېزىپتىمىز |
| يېزىپتۇرسەن | يېزىپسەن، يېزىپسىلەر |
| ئوقۇپتۇر | ئوقۇپتۇ |

كۆرۈپتىكەنمەن، كۆرۈپتىكەنسەن، كۆرۈپتىكەن.

(3) ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى

ئىش-ھەرىكەتنىڭ تەكرار بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى دېيىلىدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللار ر، ئار، ئەر بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلارغا ئەردى ياردەمچى پېئىل قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ھازىر بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللاردا ناھايىتى زور فونېتىك ئۆزگىرىش بولغان. مەسىلەن:

| ھازىر | ئەسلىدە |
|---|---|
| باراتتىم، باراتتۇق | بارار ئەردىم |
| كورەتتىڭ، كورەتتىڭلار | كورەر ئەردىڭ |
| كورەتتى | كورەر ئەردى |

(4) ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايى

ئىش ـ ھەركەتنىڭ سوز قىلىنىشتىن ئىلگىرى داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى ئۆتكەن زامان شۇ پەيت خەۋەر رايى دېيىلىدۇ.

بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللار پ، ئىپ، ئۇپ(up)، ئۈپ(üp) بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلارغا يات ياردەمچى پېئىل، ئاندىن ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايىنىڭ قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن: كورۈۋاتاتتىم، كورۈۋاتاتتۇق، كورۈۋاتاتتىڭ، كورۈۋاتاتتى، ئوقۇۋاتاتتىم، ئوقۇۋاتاتتىڭ، ئوقۇۋاتاتتى.

(5) ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى

ئىش ـ ھەركەتنىڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقى سوزلىگۈچىنىڭ نەزىرىدە ئېنىقسىز ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى دېيىلىدۇ. بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللار غان، قان، گەن، كەن بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلارغا ئىكەن، ئىدى، ئىمىش، دۇر ياردەمچى پېئىللىرى قوشۇلۇش بىلەن ياكى ئۇلاردىن كېيىن شەخس ـ سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بارغان ئىدىم، ئوقۇغان ئىكەنسەن، ئوقۇغان ئىدى؛
كورگەن ئىكەنمىز؛ كورگەن ئىكەنسەن، كورگەن ئىكەن؛
مېڭىپتىمىش، كورۈپتىمىش.

(6) ئۆتكەن زامان باغلىغۇچى خەۋەر رايى

ئەمەلىيەت بىلەن مۇناسىۋەتكە كىرگەن مەلۇم ئىش ـ ھەركەتنىڭ سوزلىگۈچى بايان قىلماقچى بولغان ئاساسىي ئىش ـ ھەركەت بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل شەكلى

ئۇتكەن زامان باغلىغۇچى خەۋەر رايى دېيىلىدۇ.

بۇ خىل شەكىلدىكى پېئىللار رەۋىشداشلارغا ئىدى، ياردەمچى پېئىلى، ئاندىن شەخس-سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كورۇۋىدىم، كورۇۋىدىڭ، كورۇۋىدى؛

ئوقۇۋىدۇق، ئوقۇۋىدىڭلار، ئوقۇۋىدى.

3) كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى

ئىش-ھەركەتنىڭ سوز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن كېيىن بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان خەۋەر رايى كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

نەمدى كارامەت يىل بولىدۇ،
خۇا جۇشى ئىشنى گۈل قىلىدۇ.
جەزمەن ھوسۇل مول بولىدۇ،
زەپمۇ چىرايلىق كەلدى باھار.

(تېيىجان ئېلىيوپ)

كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى كونكرېت مەنىسىگە قاراپ 3 خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

(1) ئېنىق كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى

ئېنىق كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى ئىش-ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىش ياكى ئورۇنلانماسلىقى ھەققىدە سوزلىگۈچىنىڭ ئېنىق خەۋەردار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ شەكىل ئەسلىدە ئا، ئە بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلارغا ۋە ي بىلەن ياسالغان بۇيرۇق رايىغا دۇر، ئاندىن شەخس-سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ئىپادە قىلىنغان بولسىمۇ، ھازىر 1-ۋە 2-شەخسلەردە دۇر چۈشۈپ قېلىپ، پەقەت 3-سەخستىلا ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

| ھازىر | ئەسلىدە |
|---|---|
| بارىمەن، بارىمىز | باراردۇرمەن |
| كورىسەن، كورىسىلەر | كورەردۇرسەن |

ئالدۇ
ئالادۇر
ئىشلەيمەن، ئىشلەيسەن، ئىشلەيدۇ.
ئىشلەيدۇرمەن

(2) ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى

ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى ئىش-ھەركەتنىڭ بولۇش ياكى بولماسلىقىنىڭ سوزلىگۈچىگە ئانچە ئېنىق ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل پېئىللار ئار، ئەر، ر، ماس، مەس بىلەن ياسالغان سۈپەتداشلارغا شەخس-سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

بارارمەن، بارارمىز، بارارسەن، بارارسىلەر، بارار؛
ئىشلەرمىز، ئىشلەرسىلەر، ئىشلەر؛
كورمەسمەن، كورمەسسەن، كورمەس.

(3) كەلگۈسى زامان مەقسەت خەۋەر رايى

كەلگۈسى زامان مەقسەت رايى ئىش-ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىدىغان ياكى ئورۇنلانمايدىغانلىقىنى شەخس تەرىپىدىن مەقسەت قىلىنغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ خىل پېئىللار مەقسەت رەۋىشداشلىرىغا شەخس-سان قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

كەتمەكچىمەن، كەتمەكچىمىز، كەتمەكچى ئىدىم؛ كورمەكچىسەن، كورمەكچىسىلەر، كورمەكچى ئىدىڭ، كورمەكچى ئىدىڭلار؛ ئوقۇماقچى، ئوقۇماقچى ئىدى، ئوقۇماقچى ئىكەن.

## § -47 پېئىللارنىڭ تۈس (قىياپەت) كاتېگورىيىسى

ھەركەتنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن مۇناسىۋىتى جەريانىدىكى تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان گىراممانىكىلىق كاتېگورىيە تۈس كاتېگورىيىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇۋەتتىم، ئوقۇپ بولدۇم، ئوقۇپ باقتىم، ئوقۇپ تۇردۇم دېگەن ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسى ئوتكەن زاماندا ئەمەلىيەت بىلەن بارلىققا ئالاقىگە چۈشكەن ھەركەتلەر بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئوزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى بار. بىرىنچىسى، ھەركەتنى ناھا-

يىتى تېز ئورۇنلىغانلىقىنى، ئىككىنچىسى، ھەركەتنى پۈتۈنلەي
تاماملىغانلىقىنى، ئۈچىنچىسى ھەركەتنى سىناق تەرىقىسىدە قىل-
غانلىقىنى، تۆتىنچىسى، ھەركەتنى داۋاملىق تەكرارلاپ تۇرغانلى-
قىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ پېئىللاردا ئىپادىلەنگەن مەنىلەر ئايرىم-ئاي-
رىم لېكسىكىلىق مەنە ئەمەس، بەلكى تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق مە-
نىلەردىن ئىبارەت.

تۈس كاتېگورىيىسى پېئىلدىكى مۇرەككەپ كاتېگورىيە بولۇپ،
تۈرلۈك تىللاردا تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇيغۇر
تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى تۆۋەندىكىدەك خۇسۇ-
سىيەتلەرگە ئىگە:

1. گىرامماتىكىلىق مەنە جەھەتتىن ئىش-ھەركەتنىڭ ئەمەل-
يەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ سۆزلىگۈچىگە ئېنىق ياكى
ئېنىق ئەمەسلىكى، ئىش-ھەركەتنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇشى ياكى
ۋاقىتدا تەكرارلىنىپ تۇرۇشى، ھەركەتنىڭ پۈتۈنلەي تاماملانغان-
لىقى، ھەركەتنىڭ ئورۇنلىنىش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-يوقلۇغى،
تاساددىپى ياكى جىددى ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ھەركەتنىڭ
سىناق تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ھەركەتنىڭ خېلى
بۇرۇنلا ئورۇنلانغانلىقى قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

2. پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى رەۋىشداشلارغا تۈرلۈك
تۈس مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يا-
سىلىدۇ. مەسىلەن:

ئازاتلىقنىڭ نۇرىدىن
ياشناپ كەتتى بۇ جانلار،
رەھمەت ئېيتتۇق داھىغا
بەخت تاپقان دىخانلار. (خەلق قوشىقى)

كۆپچىلىكنىڭ پولاتتەك ئىرادىسى ئۇنى تېخىمۇ ھاياجان-
لاندۇرۇۋەتتى.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى ياشناپ كەتتى، ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى
پېئىللىرىنىڭ تەركىۋىدىكى كەت، ئەت پېئىللىرى رەۋىشداشلارغا

قوشۇلۇپ پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسىنى ئىپادىلىگۈچى گىرام-ماتىكىلىق شەكىل بولۇپ خىزمەت قىلغان، يەنى بۇ يەردىكى كەت پېئىلى ئۇ مەكتەپكە كەتتى دىگەندىكى كەت دىگەن مەنىسىدىن چەتنەپ، ھەركەتنىڭ تۇيۇقسىز ۋە تېز سۈرئەتتە بولغانلىقىنى، ئەت پېئىلى ئەسلىدىكى تاماق ئەت دىگەن مەنىدىن چەتنەپ ھەر-كەتنى پۈتۈنلەي تېز تاماملىغانلىقنى ئىپادىلىگەن. مانا بۇلار تۈس كاتېگورىيىسىگە خاس گىرامماتىكىلىق مەنىلەردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر تىلىدا رەۋىشداشلارغا قوشۇلۇپ تۈس مەنىسىنى ئىپا-دىلەيدىغان پېئىللار ئال، سال، تۇر، يۈر، قال، كەت، بەر، ئەت، باق، كور، چىق، قوي، تاشلا، بول، ئولتۇر، ئوت ۋە باشقىلار.

مەسىلەن:

سوزلىۋالدى، سوزلەپ سالدى، سوزلەپ كوردى، سوزلەپ يۈردى، سوزلەپ قالدى، سوزلەپ كەتتى، سوزلەپ بەردى، سوزلىۋەتتى، سوزلەپ باقتى، سوزلەپ تۇردى، سوزلەپ چىقتى، سوزلەپ قويدى، سوزلەپ ئوتتى، سوزلەپ بولدى؛

ئوقۇۋالدىم، ئوقۇپ سالدىم، ئوقۇپ تۇردۇم، ئوقۇپ يۈردۈم، ئوقۇپ قالدىم، ئوقۇپ كەتتىم، ئوقۇپ بەردىم، ئوقۇۋەتتىم، ئوقۇپ باقتىم، ئوقۇپ كوردۇم، ئوقۇپ چىقتىم، ئوقۇپ قويدۇم، ئوقۇپ بولدۇم، ئوقۇپ ئوتتۇم.

بۇلار 1 - ۋە 3 - شەخسنىڭ بىرلىك ئوتكەن زامان خە-ۋەر رايىدا ئىپتىلغان پېئىللار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تۈس مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان يۇقۇرقى پېئىللارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ھەركەتنىڭ ھەرخىل - ھەر رەڭدىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى ھەققىدە پىكىر ئىختىلاپلىرى مەۋجۇت. قانداقلا بولسۇن، يۇقۇرقىدەك پېئىللار شەرتلىك ھالدا ئوز مەنىلىرىدىن چەتنەپ، تۈرلۈك تۈس مەنىلىرىنى بەرگەن ئىكەن (گىرامماتىكىلىق شەكىلدە كېلىپ گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىگەن ئىكەن)، ئۇنى تۈس

كاتېگورىيىسى دەپ تونۇش كېرەك. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى گىراممىاتىكىلىق شەكىللەر ئاساسەن، سىنتېتىك شەكىللەردىن ئىبارەت، لېكىن يەنە كارامەت، بەك، تازا، ئاجايىپ دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر سۈپەت دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشتا گىراممىاتىكىلىق شەكىل بولۇپ كەلگىنىگە ئوخشاش ئانالىتىك شەكىللەرمۇ بار. شۇڭا ئانالىتىك شەكىللەرنىڭ سىنتېتىك شەكىللەرگە ئايلىنىشىنى كۈتۈپ تۇرماي، كونكرېت تىل ئەمەلىيىتىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئانالىتىك شەكىللەرنىڭ (پېئىللارنىڭ تۇس كاتېگورىيە شەكىللىرىگە ئوخشاش) گىراممىاتىكىلىق مەنىلىرىنى ئېنىقلاپ، گىراممىاتىكىلىق كاتېگورىيە دەپ قاراش مۇۋاپىق ھەم زۆرۈر.

## § - 48 شەخسسىز پېئىللار

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم پېئىللار باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئالغان، بۇ خىل پېئىللاردا پېئىللارغا خاس شەخس - سان كاتېگورىيىسى ئىپادىلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

ئالماقنىڭ بەرمىگى بار (ماقال). كورگەن كورگەننى قىلار، كورمىگەن ئىنىمىنى قىلار (ماقال). ئويناپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە (ماقال).

بۇ مىساللاردىكى ئالماقنىڭ، بەرمىگى، كورگەن، كورگەننى، كورمىگەن، ئويناپ، ئويلاپ دېگەن پېئىللار ئىسىم، سۈپەت ۋە رەۋىشنىڭ خاراكتېرىنى ئېلىپ، جۈملىدە شۇ سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش رول ئوينىغان.

ئۇيغۇر تىلىدىكى شەخسسىز پېئىللار توۋەندىكىچە:

## 1. ھەرکەت نامى

زامان، شەخس - سان کاتىگورىيىلىرىگە ئىگە بولغان، جۈملىدە ئىسىملارنىڭ گىراممىاتىكىلىق کاتىگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ ئىسىمغا ئوخشاش قوللىنىلىدىغان شەخسسىز پېئىللار ھەرکەت نامى دېيىلىدۇ.

ھەرکەت نامى — ھەرکەتنىڭ نامىنىلا بىلدۈرىدىغان ۋە لۇغەتكە قوبۇل قىلىنىدىغان پېئىل شەكلى. گىراممىاتىكىلىق خۇسۇسىيەت جەھەتتىن بۇخىل پېئىللارنىڭ ئۆزىگە خاس ياسىلىش شەكلى بولىدۇ، شۇنىڭدەك شەخسلىك پېئىللارنىڭ دەرىجە، تۇس كاتىگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن شەكىللەردىن ياسالغان ھەرکەت نامىلىرىدىن دەرىجە ۋە تۇس مەنىلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەرکەت نامىلىرى ياسىلىش خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، قەدىمقى ھەرکەت نامى، ھازىرقى ھەرکەت نامى دەپ ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ.

قەدىمقى ھەرکەت نامىلىرى پېئىل يىلتىزلىرىغا غۇ، قۇ، گۇ (gu)، — كۈ (kü) قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن كەلگۈسى زامان، خەۋەر پېئىللىرى تىپىدا قوللىنىلاتتى، لېكىن ھازىر پەقەت 3 - شەخستىلا كەلگۈسى زامانغا خاس خالاش رايىنى بىلدۈرىدۇ، باشقا ئورۇنلاردا ئىسىملارغا ئوخشاش شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بارغۇ (م، ك، سى)

كەتكۈ (م، ك، سى)

ياتقۇ (م، ك، سى)

كورگۈ (م، ك، سى)

ھازىرقى ھەرکەت نامىلىرى پېئىل يىلتىزلىرىغا ماق، مەك ياكى ش، ئىش، ئۇش (ux)، ئۈش (üx) قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. بۇ ھەرکەت نامىلىرى پۈتۈنلەي ئىسىملارغا

ئوخشاش كېلىش، سان، شەخس كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوقۇ + ماق – ئوقۇمىغىم، ئوقۇمىغىڭ، ئوقۇمىغى
ئوقۇمىغىمىز، ئوقۇمىغىڭلار
ئوقۇماقنىڭ، ئوقۇماقنى، ئوقۇماققا،
ئوقۇماقتىن، ئوقۇماقتا

بىل + مەك – بىلمىكىم، بىلمىكىڭ، بىلمىكى
بىلمىكىمىز، بىلمىكىڭلار
بىلمەكنىڭ، بىلمەكنى، بىلمەككە، بىلمەكتىن،
بىلمەكتە

ئىشلە + ش – ئىشلىشىم، ئىشلىشىڭ (ئىشلىشىڭىز)،
ئىشلىشى، ئىشلىشىمىز، ئىشلىشىڭلار

كەت + مش – كېتىش، كېتىشىڭ، (كېتىشىڭىز)،
كېتىشى، كېتىشىمىز، كېتىشىڭلار

قوي + ۇش – قويۇشۇم، قويۇشۇڭ (قويۇشىڭىز)،
قويۇشى، قويۇشىمىز، قويۇشۇڭلار

كور + ۇش – كورۇشۇم، كورۇشۇڭ (كورۇشىڭىز) كورۇش،
كورۇشىمىز، كورۇشۇڭلار

كەلگۈسى زامان يوقلۇق سۈپەتداشلىرىغا لىق، لىك قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپمۇ بىر قىسىم ھەركەت ناملىرى ياسىلىدۇ، مەسىلەن: كېلىش – كەلمەسلىكىمىزنى كىم بىلىدۇ. بېرىش – بارماسلىقىم ناتايىن. قىيىنچىلىقنى كورمەسلىككە بولمايدۇ.

## 2. سۈپەتداش

ھەم پېئىل، ھەم سۈپەتكە خاس گىراممانىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، جۈملىدە ھەم پېئىل، ھەم سۈپەتتەك قوللىنىلىدىغان پېئىللار سۈپەتداشلار دېيىلىدۇ. شۇڭا سۈپەتداشلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ ھەم پېئىللىق، ھەم سۈپەتلىك خۇسۇسىيـ-

تىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك.

سۈپەتداشلارنىڭ سۈپەتلىك خۇسۇسىيىتى:

1) سۈپەتداشلار مەنە جەھەتتىن مەلۇم شەيئىنىڭ ھەركەتلىك خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: كۆرۈنگەن تاغ، ئاققان سۇ ياكى ئاقار سۇ، ئوقۇغان بالا، تۇرار جاي.

2) سۈپەتتەك قوللىنىلغاندا سۈپەتلەرنىڭ دەرىجە كاتېگورىيىسىگە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن: بۇ ئىشنى بىلىدىغانراق كىشىدىن سوراش لازىم. بۇ ئىشنى تازا بىلىدىغان كىشىدىن سوراش لازىم.

3) سۈپەتلەرگە ئوخشاش، لۇق، لۈك، لىق، لىك قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندىن كېيىن ئىسىملىشىدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭ بارىدىغانلىقىمنى، ئۇنىڭ كەتكەنلىكىنى ئۇقتىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ ياخشىلىق قىلغانلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن.

4) سۈپەتداشلار سۈپەتلەرگە ئوخشاش، ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلىدۇ ۋە ئىسىملارنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىدۇ. مەسىلەن:

قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ (ماقال).

سۈپەتداشلارنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيىتى:

1) سۈپەتداشلار مەلۇم ئىش - ھەركەتنىڭ ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشمىغانلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ خەۋەر قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بارلىقىم ھەم سېنىڭ ئۈچۈن يارىتىلغان.
تىلەك - مەقسەت بەختىڭ ئۈچۈن قارىتىلغان.

(نىمشېھىت)

2) سۈپەتداشلار پېئىللارنىڭ زامان، بولۇشلۇق، بولۇشسىز، دەرىجە، تۈس كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىل يىلتىزلىرىدىن ياسالغان بولسا، بۇ خىل سۈپەتداشلاردا يۇقۇرقى گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر ئىپادىلەيدىغان گىرامماتىكىلىق مەنىلەر

ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇغان، ئوقۇۋاتقان، ئوقۇيدىغان، ئوقۇمىغان، ئوقۇتقان، ئوقۇلغان، ئوقۇپ بولغان، ئوقۇۋەتكەن.

3) سۈپەتداشلار پېئىللارغا ئوخشاش، تولدۇرغۇچىلارنى باشقۇرۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: كىتابنى ئوقۇغان بالا، بېيجىڭغا بارىدىغان ئادەم.

سۈپەتداشلار تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ياسىلىدۇ:

(1) پېئىل يىلتىزلىرىغا ياكى زامان، دەرىجە، بارلىق - يوقلۇق، تۈس كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىل يىلتىزلىرىغا غان، قان، گەن، كەن قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئالغان، كۆرگەن، تۇرغان، ئالمىغان، كۆرمىگەن، تۇرمىغان، ئالدۇرغان، تۇرغۇزغان، كۆرۈۋالغان، يېزىۋەتكەن، يېزىپ باققان.

(2) پېئىل يىلتىزلىرىغا ار، ەر قوشۇمچىلىرى، يوقلۇق بىلەن تۈرلىنىپ كەلگەن پېئىللارغا س قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەنمۇ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: كۆرەر كۆز، بارار جاي، تۇتماس قول، كۆرمەس كۆز.

### 3. رەۋىشداش

ھەم پېئىللىق، ھەم رەۋىشلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە پېئىللار رەۋىشداشلار دېيىلىدۇ.

رەۋىشداشلارنىڭ پېئىللىق خۇسۇسىيىتى:

1) رەۋىشداشلار پېئىللارغا ئوخشاش، ۋاستىلىك ھەم بىۋاستە ئوبيېكتىنى باشقۇرۇپ كېلىدۇ ۋە ھالەتلەر بىلەن ئېنىقلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىش ئورنىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلدۇق. زاۋۇتقا بېرىپ كۆرۈپ كەلدۇق. ئۇ ماقالىسىنى ناھايىتى تېز يېزىپ تۈگەتتى.

2) ئەگەر رەۋىشداشلار تۈس كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلەنسە، تۈس مەنىسىنى ئىپادىلەۋاتقان ياردەمچى پېئىللار زامان، شەخس - سان كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ، رەۋىشداشلارنىمۇ ئەنە شۇ

گىراممانىكىلىق كاتېگورىيىلەر ئىپادىلىگەن گىراممانىكىلىق مەنىلەرگە ئىگە قىلىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇۋال (ئوقۇپ ئال)، ئوقۇۋەت (ئوقۇپ ئەت)، ئوقۇۋەتتىم (ئوقۇپ ئەتتىم)، ئوقۇپ تۇرۇڭ، ئوقۇپ كۆرسىڭىز، ئوقۇپ يۈردى.

3) رەۋىشداشلار دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللاردىن ياسالسا، مۇنداق رەۋىشداشلاردا دەرىجە مەنىسى ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: يېزىلىپ، ئوقۇلۇپ، تۇرغۇزۇپ، ئىشلىتىپ.

رەۋىشداشلارنىڭ رەۋىشلىك خۇسۇسىيىتى:

1) رەۋىشداشلار رەۋىشلەرگە ئوخشاش شەخسلىك پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىپ، ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەقسىدى، سەۋەبى، ۋاقتى قاتارلىق تۈرلۈك ھالەتلىرىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كورگىلى كەلدىڭلىمۇ،
كويدۇرگىلى كەلدىڭلىمۇ،
كويۇپ ئۇچقەن ئوتلارنى
ياندۇرغىلى كەلدىڭلىمۇ . (خەلق قوشىقى)

مەن بېرىپلا ئىشقا چۈشىمەن.

بۇ مىساللاردىكى كورگىلى، كويدۇرگىلى، ياندۇرغىلى، بېرىپلا دىگەن رەۋىشداشلار ئوزلىرى باغلىنىپ كەلگەن شەخسلىك پېئىللارنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

2) رەۋىشداشلار ھالەت رەۋىشلىرىگە ئوخشاش سۈپەت دەرىجىلىرى بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ. مەسىلەن:

ناخشاڭنى سوزۇپراق ئېيت. ئۇ سەل تارتىنىپراق سوزلىدى.

3) بەزى رەۋىشداشلار رەۋىش ئورنىدا قوللىنىلىش نەتىجىسىدە پۈتۈنلەي دىگۈدەك رەۋىشكە ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن، قايىتا - قايىتا، بارا - بارا، ئاستا - ئاستا.

رەۋىشداشلار تۆۋەندىكى يوللار بىلەن ياسىلىدۇ:

(1) پېئىل يىلتىزلىرىغا ۋە دەرىجە قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەن

گەن پېئىللارغا پ، ۇپ (up)، ۈپ (üp) قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ئىشلەپ، باشلاپ، تۇرۇپ، كۆرۈپ، سۆزلەتكۈزۈپ، ئويناتقۇزۇپ، يېزىشىپ، كۈلۈشۈپ.

(2) پېئىل يىلتىزلىرىغا ا، ە قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ، بۇنداق رەۋىشداشلار تەكرار ئىشلىتىلىدۇ.

مەسىلەن: ماڭا - ماڭا، تۇرا - تۇرا، كۈلە - كۈلە.

(3) بولۇشسىز قوشۇمچىلىرى قوشۇلغان پېئىل يىلتىزلىرىغا ي قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ماڭماي، كەلمەي، كەتمەي، سۆزلىمەي.

(4) غۇ، قۇ، گۈ، كۈ ۋە ماق، مەك قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان ھەركەت ناملىرىغا چە، چى قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ بىر قىسىم رەۋىشداشلار ياسىلىدۇ.

تويغۇچە (تويغىچە)، چىققۇچە (چىققىچە)، ئۆزگۈچە (ئۆزگىچە)، كەتكۈچە (كەتكىچە)، ماڭماقچى، كۆرمەكچى.

(5) پېئىل يىلتىزلىرىغا، دەرىجە ھەم بولۇشسىز قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن پېئىللارغا غىلى، قىلى، گىلى، كىلى، غاچ، قاچ، گەچ، كەچ قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇش بىلەن ياسىلىدۇ.

مەسىلەن: ماڭغىلى - ماڭمىغىلى، كۆرگىلى - كۆرمىگىلى، باققىلى - باقمىغىلى، كەتكىلى - كەتمىگىلى، ماڭغۇزغىلى، سۆزلەتكىلى، ئىشلەتكىلى، تاپقۇزغىلى، ياساتقىلى، تۇرغاچ، ياتقاچ، يازغۇزغاچ، ئوقۇتقاچ، ئىشلەتكەچ.

رەۋىشداشلار ھەر خىل قوشۇمچىلار بىلەن ياسالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بەزى رەۋىشداشلار ئىش - ھەركەتنىڭ ھالىتىنى، بەزى رەۋىشداشلار ئىش - ھەركەتنىڭ ۋاقتى - پەيتى، شەرتى، مەقسىدى قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

## 49 - § تولۇقسىز پېئىللار ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى

ئۆز ئالدىغا قوللىنىلمايدىغان باشقا سۆز تۈركۈملىرى (ئىسىم، سۈپەت، سان، رەۋىش) بىلەن، شۇنىڭدەك سۈپەتداشلار، شەخسلىك پېئىللار (شەرت رايى ۋە خەۋەر رايىدىكى شەخسلىك پېئىللار) بىلەن بىللە كېلىپ، تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار تولۇقسىز (ياردەمچى) پېئىللار دېيىلىدۇ. بۇ خىل پېئىللار ئەر، دۇر، بول، سىن قاتارلىق بىرنەچچىلا بولۇپ، جۈملىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

تولۇقسىز پېئىللار تۆۋەندىكىدەك كونكرېت مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ:

1) ئەر پېئىلى تۈركى تىللاردا، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بول بىلەن ئوخشاش مەنە بېرىدىغان پېئىل بولسىمۇ، ھازىر ئۆز ئالدىغا قوللىنىلماي، پەقەت ئۆتكەن زامانغا خاس گىرامماتىكىلىق شەكىل سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىدۇق (ئەردۇق)، ئىدىڭ (ئەردىڭ)، ئىدىڭىز (ئەردىڭىز)، ئىدىلەر (ئەردىلەر)، ئىدىڭلار (ئەردىڭلار)، ئىدى (ئەردى).

يۇقۇرقىلار ئەر پېئىلىنىڭ ئىنىق ئۆتكەن زامان شەكلى بولۇپ، ھازىر بۇ شەكىللەر مەيلى پېئىللارنىڭ، مەيلى باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئاخىرىدا كەلسۇن، پەقەت ئىنىقلىق، تەكىت، سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ شەيئى ياكى ھەركەتتىن خەۋەردار ئىكەنلىكى قاتارلىق گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن: مەن ئۆيدە بار ئىدىم. سىز ئوقۇتقۇچى ئىدىڭىز. يىغىنىنىڭ ۋاقتى بۈگۈن ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى مىڭ ئىدى. بارغان ئىدىم. كۆرگەن ئىدىڭلار.

ئىكەن پېئىلى ئەر پېئىلىنىڭ سۈپەتداش شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاخىرىغا مەن، سەن، مىز، سىلەر قاتارلىق شەخس - سان

قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ قوللىنىلىدۇ؛ پېئىل ۋە پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ، مەزكۇر شەيئى، ھادىسە، ھەر-كەتلەردىن سۆزلىگۈچىنىڭ خەۋىرى يوقلۇقىنى، ئېنىقسىزلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

مەسىلەن: ئۆيدە بار ئىكەن، سىز كەپتىكەنسىز. ئەھۋال ياخشى ئىكەن.

ئىمىش پېئىلى ئەر پېئىلىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئوت-كەن زامان پېئىللىرىنىڭ گىرامماتىكىلىق شەكلى بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى بولۇپ، ھازىر ئاخىرىغا شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپمۇ قوللىنىلىدۇ. مەنە جەھەتتىن ئىشەنمەسلىك، زاڭلىق قىلىش، ئىن-كار قىلىش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

تۈنۈگۈن كەپتىكەنمىش، ئۇنىڭ بۇ ھەقتە پىكرى بار ئىمىش.

ئۇ كەتكۈدەكمىش. مەن يېزىپتىمىشمەن.

ئەمىسە پېئىلى ئەر پېئىلىنىڭ بولۇشسىزلىقتا كەلگەن شەرت رايى (ئەرمىسە) بولۇپ، ھازىر باغلىغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئەمىسە ئىشنى باشلايلى. ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

ئەمەس پېئىلى ئەر پېئىلىنىڭ كېلەر زامان سۈپەتداشلىرىنىڭ يوقلۇق شەكلى بولۇپ، يوقلۇقنى، ئىنكار قىلىشنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئەمەس، ياخشى ئەمەس، ماڭغىلى بولمىغاندەك ئەمەس.

بۈگۈن ئەمەس، ئەتە ئەمەس.

2) دۇر پېئىلى ئەسلى كونا ئۇيغۇر تىلىدىكى سۈپەتداش دۇرۇر-نىڭ قىسقارغان شەكلى بولۇپ، ھازىر تەخمىننى، گۇماننى ئىپادى-لەيدۇ. مەسىلەن:

باردۇ، ياخشىدۇ، ماڭغاندۇ، ئوقۇغاندۇ.

3) سىن، قازان پېئىللىرى يالغۇز قوللىنىلمايدۇ، بەلكى ئۆزىنىڭ بىۋاستە ئوبيېكتى بولۇپ كەلگەن سۆز بىلەن بىللە قوللىنىلىپ تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسى تۈسىنى ئالىدۇ.

مەسىلەن:

ئاپتاپ سىنىش، ئوت سىنىش، غەلىبە قازىنىش، ئىمتىھاندا قازىنىش.

4) بول پېئىلى ئۆز ئالدىغا بىرەر ھەركەت - ھالەتتىن خەۋەر-بەرمەيدۇ، بەلكى باشقا پېئىللارغا قوشۇلسا، تۈس مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ، پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قوشۇلسا، تۈگەللىكنى، تەكىتنى، ئايلانغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلەپ بولدۇم، ئوقۇپ بولدۇم، كۆرۈپ بولدۇم، ئىشچى بولدۇم، ئادەم بولدى.

بۇ پېئىل سوپەتداشلار بىلەن بىللە كەلسە، بىرەر ئىشنى خالار - خالىماس بېجىرگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن

ئۇ بىرئاز تاماق يېگەن بولدى. ئۇ بىرئاز ئىشلىگەن بولدى.

# ئون ئىككىنچى باپ رەۋىش

## 50 - § رەۋىش ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

مەنە جەھەتتىن پىئىل ۋە سۈپەتلەرنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى ۋە خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر رەۋىش دېيىلىدۇ.

رەۋىشلەر مەنە جەھەتتىن پىئىللارنىڭ ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئورنى، ۋاقتى، دەرىجىسى، ئىلىپ بېرىلىش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى تۈرلۈك ھالەتلىرىنى ۋە تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ھەقىقانىي ئورۇش ۋە ھەققانىيەتسىز ئورۇش ھەممۇ بار. ئوزىمىزگە ئۈستۈنرەك تەلەپ قويۇشىمىز لازىم. ئۇلار قەيسەرلىك بىلەن ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ پىكرى ھەقىقەتەن توغرا.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى ھەممۇ دىگەن رەۋىش ۋاقتىنى، قەيسەرلىك بىلەن دىگەن رەۋىش ھەركەتنىڭ قانداق ھالەتتە ئىلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئۈستۈنرەك دىگەن رەۋىش تەلەپ قويۇشىمىز دىگەن خەۋەرنىڭ دەرىجىسىنى، ھەقىقەتەن دىگەن رەۋىش توغرا دىگەن سۈپەتنىڭ دەرىجە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

رەۋىشلەر يەنە تۆۋەندىكىدەك گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە:

١. رەۋىشلەر جۈملىدە پىئىل ۋە سۈپەتلەرگە باغلىنىپ، ئۇلار بىلەن باغلىنىش مۇناسىۋىتىدە كېلىدۇ، شۇنىڭدەك ئۇلارنى ئىنىقلاپ ھالەتلىك ۋەزىپە ئۆتەيدۇ؛ ئوزى باشقا سوز تۈركۈملىرى بىلەن ئىنىقلانمايدۇ. مەسىلەن:

بىر تامچە سۇ دېڭىزغا قوشۇلسا، ئاندىن ئۇ مەڭگۈ قۇرۇمايدۇ.

بىز قەتئىي ئىرادىلىك بولۇشىمىز لازىم.

بۇ مىساللاردىكى مەنگۈ دېگەن رەۋىش قۇرۇلمىسىدىكى دېگەن پېئىل بىلەن باغلىنىپ، ئۇنى ئىنقىلاپ (ئۇنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى كۆرسىتىپ) ھالەتلىك ۋەزىيەتتە كەلگەن، قەتئىي دېگەن رەۋىش ئىرادىلىك دېگەن سۈپەتنى دەرىجە جەھەتتىن ئىنقىلاپ ھالەت بولۇپ كەلگەن.

2. رەۋىشلەرنىڭ ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى يوق. لېكىن رەۋىشلەر جۈملىدە باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ ئورنىدا (رولىدا) قوللىنىلسا، شۇ سۆز تۈركۈملىرىنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنىشى مۇمكىن. مۇنداق تۈرلىنىش شۇ سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشاش سىستېمىلىق بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. مەسىلەن:

ئۇلار يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە چۈشتى. ئۇلارنىڭ سەۋىيىسى ئۈستۈنرەك.

بۇ مىساللاردىكى يۇقۇرىدىن، تۆۋەنگە دېگەن رەۋىشلەر كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن، ئۈستۈنرەك دېگەن رەۋىش بولسا سۈپەتلەرنىڭ سېلىشتۇرۇش دەرىجىسى بىلەن كەلگەن.

3. رەۋىشلەر ئۆزىگە خاس ياسىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. رەۋىشلەر تۆۋەندىكىدەك ئۇسۇللار بىلەن ياسىلىدۇ.

1) لىۋۇق، لىۋۈك، لىق، لىك قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان ئىسىملارغا بىلەن، ھالدا، يوسۇندا سۆزلىرى قوشۇلۇپ بىر قىسىم بىرىككەن رەۋىشلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ياخشىلىق بىلەن، ئۈنۈملۈك يوسۇندا، كۆزلىگەن ھالدا، سۈيىقەستلىك بىلەن.

2) يونۇلۇش كېلىشىتە كەلگەن ئىسىملارغا نىسبەتەن سۆزى قوشۇلۇش ئارقىلىق بىر قىسىم رەۋىشلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار جاھانگىرلىككە نىسبەتەن خام - خىيالدا بولدى. يول

داشلارغا نىسبەتەن سەمىمىي پوزىتسىيىدە بولۇش لازىم.

3) يۇقۇرقىلاردىن باشقا، مەخسۇس رەۋىش ياسايدىغان قوشۇمچىلار ئەن، ئانە، چە، سىرى‌لار ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشلەرمۇ خېلى كۆپ. مەسىلەن:

ئاساسەن، خۇسۇسەن، دوستانە، ئاقىلانە، قەھرىمانلارچە، لېپ قېگچە، يېزىقچە، شەھەرگىچە، بارغانسىرى ۋە باشقىلار.

رەۋىشلەر بىلەن سۈپەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە بۇ ئىككى خىل سۆز تۈركۈمگە كىرىدىغان سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، بۇ ئىككى خىل سۆز تۈركۈمى كېلىپ چىقىش جەھەتتىن بىر بىرىگە بىرقەدەر يېقىن، جۈملىدە بىرىنىڭ ئورنىدا بىرى قوللىنىلىدۇ ھەمدە بىر قىسىم رەۋىشلەر سۈپەتلەرگە خاس دەرىجە كاتېگورىيىسى بىلەن قىسمەن تۈرلىنىدۇ. لېكىن بۇ ئىككى خىل سۆز تۈركۈمگە كىرىدىغان سۆزلەرنىڭ مەيلى مەنە جەھەتتە بولسۇن، مەيلى گىرامماتىكىلىق جەھەتتە بولسۇن، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار.

رەۋىشلەر بىلەن سۈپەتلەرنىڭ پەرقى تۆۋەندىكىچە:

1) سۈپەتلەر ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى (ئادەم ۋە شەيئىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملارنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيىتىنى) بىلدۈرىدۇ، رەۋىشلەر بولسا، ئادەم ۋە باشقا شەيئىلەرنىڭ ھەرىكىتى ھەم خۇسۇسىيىتىنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى (ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار بىلەن، شەيئىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەتلەرنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى) ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ياخشى، ئوبدان، سەت، چىرايلىق، يامان، كۈچلۈك، ئاجىز، ئىشچان دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەر شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى، ناھايىتى، ئاجايىپ، بەك، چاپسان، ئاستا، سەھەر، كەچ قاتارلىق رەۋىشلەر شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ياكى خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

2) سۈپەتلەر جۈملىدە كۆپىنچە، ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى، رەۋىشلەر كۆپىنچە، پېئىللارغا ياكى سۈپەتلەرگە باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

چىقسام ناگا ئىشىككە،
كۆرۈندى بىر جانان قىز،
كۆزلىرى گوھەر يەڭلىغ
يۈزى ماھى تابان قىز.

(نىمشېھىت)

بۇ مىسالدىكى جانان، ماھى تابان دېگەن سۈپەتلەر قىز دېگەن ئىسىمغا باغلىنىپ كېلىپ، ئېنىقلىغۇچىلىق ۋەزىپىسىدە كەلگەن، ناگا دېگەن رەۋىش چىقسام دېگەن پېئىلغا باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، يۇقۇرىدا كۆرسەتكىنىمىزدەك، بەزى سۈپەتلەر پېئىللارغا باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كېلىشى، بەزى رەۋىشلەر ئىسىملارغا باغلىنىپ ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئۇ ئۇلار بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت قىلغان، بۇ ناھايىتى ئىتتىك پىچاق، ئۇ ياخشى ئىشلىدى، دېگەن مىساللاردىكى بىۋاستە، ئىتتىك دېگەن رەۋىشلەر مۇناسىۋەت، پىچاق دېگەن ئىسىملارغا باغلىنىپ، ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن بولسا، ياخشى دېگەن سۈپەت پېئىلغا باغلىنىپ ھالەت بولۇپ كەلگەن. لېكىن بۇ، ھەممە سۈپەتلەر جۈملىدە پېئىللارغا باغلىنىپ رەۋىش ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ، ھەممە رەۋىشلەر ئىسىملارغا باغلىنىپ سۈپەت ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. بۇ پەقەت قىسمەن سۈپەتلەر ۋە قىسمەن رەۋىشلەردە كۆرۈلىدىغان ئايرىم ھال.

3. سۈپەتلەر بىلەن رەۋىشلەر ئۆزىگە خاس سۆز ياسىغۇچى (مەخسۇس سۈپەت ياسايدىغان ياكى مەخسۇس رەۋىش ياسايدىغان) قوشۇمچىلارغا ئىگە بولغانلىقى بىلەنمۇ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: سىز، مى، ۋى، چىل، چان، پە،

بەت قاتارلىق قوشۇمچىلار مەخسۇس سۈپەت ياسايدۇ (ئىنسىز،
ئىنقىلاۋى، ئوڭچىل، ئىزچىل، تەلەپچان، بەدەپ، بەتقىلىق):
-ەن، -انە قوشۇمچىلىرى مەخسۇس رەۋىش ياسايدۇ (ئاسا-
سەن، مەجبۇرەن، مەردانە، باتۇرانە).

## § 51- رەۋىشلەرنىڭ تۈرلىرى

رەۋىشلەر تۈرلۈك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، رەۋىشلەرنىڭ جۈم-
لىدە ئوينايدىغان رولىمۇ ئوخشاش ئەمەس. شۇڭا رەۋىشلەر ئەنە
شۇ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بولۇنىدۇ:

### 1. ھالەت رەۋىشلىرى

ھالەت رەۋىشلىرى ئىش-ھەركەتنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنى،
يەنى ئىش-ھەركەتنىڭ قانداق ھالدا ۋە قانداق يوسۇندا
ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل رەۋىشلەر قانداق؟
قانداقچە؟ قانداق ھالدا؟ قانداق يوسۇندا؟ قانداق رەۋىشتە؟
قانداق قىلىپ؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كې-
لىدۇ. مەسىلەن: "توت كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ زەھەرلىرىنى ئۈ-
زۈل-كېسىل تازىلىشىمىز لازىم، دېگەن مىسالدىكى ئۈزۈل-
كېسىل دېگەن رەۋىش تازىلىشىمىز لازىم دېگەن پېئىلدىن ئاڭلى-
شىلغان ئىش-ھەركەتنىڭ تولۇق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىنى ئىپا-
دىلەپ، قانداق؟ دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كەلگەن.

ھالەت رەۋىشلىرى تۆۋەندىكىچە: تۇساتتىن، ئاران، چاپسان،
ئىتتىك، ئاستا، دەررۇ، توغرىدىن-توغرا، قولمۇ-قول، بى-
ۋاستە، بىر يولى، زورغا، جىددى، دەرھال، ئالمان-تالمان،
ئۈزۈل-كېسىل، ئۆزلۈكىدىن، مۇقەررەر ھالدا، ئىجادىي يوسۇن-
دا، دادىل، ئالدىن-ئالا، ئوچۇقتىن-ئوچۇق، بىكاردىن-بىكار،
قەستەن، پرولېتارىياتچە، قەھرىمانلارچە ۋە باشقىلار.

## 2. ئورۇن رەۋىشلىرى

ئورۇن رەۋىشلىرى ئىش - ھەرىكەتنىڭ پەيدا بولغان ئورنىنى ياكى ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل رەۋىشلەر جۈملىدە قەيەر؟ نە؟ قاياق؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ناخشا ئېيتسا ئاۋازى
ياڭرار ئۇزاق - ئۇزاقتا،
ماۋ جۇشىنى كۈيلەيدۇ،
ناخشىمىزدا - قوشاقتا.

دوختۇرخانا ھەم مەكتەپ
دۆيىمىزنىڭ ئالدىدا.
قۇرۇپ بەردى ماۋ جۇشى
تۇتۇپ بىزنى يادىدا.
(خەلق قوشىقى)

ئۈزەڭگىنى ئىلىرى تارتماي، يېقىنراق ئولتۇرساڭچۇ!

بۇ مىساللاردىكى ئۇزاق - ئۇزاقتا، ئالدىدا، ئىلىرى، يېقىنراق دېگەن رەۋىشلەر ياڭرار، تارتماي، ئولتۇر دېگەن پېئىللاردىن ئاڭلىتىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورنىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

ئورۇن رەۋىشلىرى ئىسىملارنىڭ شەخس - سان، كېلىش كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ. چۈنكى بۇ خىل رەۋىشلەر ئورۇن - جاينى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملارغا ئوخشاش قوللىنىلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا ئورۇن رەۋىشلىرى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن كونكرېت ئالاقە شارائىتىدا كۆپ قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل رەۋىشلەر: ئىلىرى، بېرى، ئالدى، ئارقا، ئاست، ئۈست، يان، يىراق (ئۇزاق)، يېقىن، ئىچكىرى، تاشقىرى، يۇقىرى، تۆۋەن ۋە باشقىلار.

## 3. ۋاقىت رەۋىشلىرى

ۋاقىت رەۋىشلىرى ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا بۇ خىل رەۋىشلەر جۈملىدە پېئىللارغا باغلىنىپ كېلىپ، قاچان؟ قاچاندىن بېرى؟ دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولىدۇ. مەسىلەن:

سالدۇق قاتار يېڭى ئۆي،
يورىتىدۇ توك چىراق.
سوزلەپ تۇرار رادىيو،
سەھەر - ئاخشام — ھەممە ۋاق
(خەلق قوشىقى)

ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە مەڭگۇ سادىق بولىمىز، بۇگۈن كەچتە مەكتەپ زالىدا كىنو قويۇلىدۇ.

بۇ مىساللاردىكى سەھەر، ئاخشام، مەڭگۇ، بۇگۈن، كەچتە دېگەن رەۋىشلەر سوزلەپ تۇرار، قويۇلىدۇ دېگەن پېئىللاردىن ئاڭلىشىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ ۋاقتىنى ئىپادىلەپ، قاچان؟ دېگەن سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كەلگەن.

ۋاقىت رەۋىشلىرىمۇ ئىسىملارغا ئوخشاش قوللىنىلغانلىقتىن، ئىسىملارنىڭ سان، شەخس ۋە كېلىش كاتېگورىيىلىرى بىلەن تۈرلىنەلەيدۇ. بەزى ۋاقىت رەۋىشلىرى كوپلۇك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەندە ئىش - ھەرىكەتنىڭ شۇ ۋاقىتتا ئۈزچىل ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئاخشاملىرى كىنو قويۇپ تۇرىمىز، ئۇ كېچىلىرى ئۇخلىماي كىتاپ كورۇپ چىقىدۇ دېگەن مىساللاردىكى ئاخشاملىرى، كېچىلىرى دېگەن رەۋىشلەر كوپلۇك بىلەن تۈرلىنىپ، كورۇپ تۇرىمىز، كورۇپ چىقىدۇ دېگەن پېئىللاردا ئاڭلىشىلغان ھەرىكەتنىڭ شۇ بىر ۋاقىتتا داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى ۋاقىت رەۋىشلىرى باشقا رەۋىشلەرگە قارىغان-
دا خېلى كۆپ. ئۇلار، بۈگۈن، ئەتە، ئۆگۈن، تۈنۈگۈن، بۇرنا-
كۈن، ئاداققىچە، بۇيىل، بۇلتۇر، كېلەر يىل، ئاخىرىغىچە، كېچە،
ئاخشام، مەڭگۈ، ھەمىشە، ئەبەدىي، ئەتىگەن، چۈش، كەچ، كۈن-
دۈز، ھامان، ھازىر، ھېلى، دائىم، دەسلەپ، بەزىدە، بايا، ئەمدى،
كۈن بويى، گايىدا، ئاۋال، ئاخىر، بۇرۇن، ئىلگىرى ۋە باشقىلار.

## 4. مەقسەت رەۋىشلىرى

مەقسەت رەۋىشلىرى ئىش - ھەرىكەتنىڭ نېمە مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى، ئىش - ھەرىكەتنىڭ قانداق مەقسەتتە ۋە قانداق يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل رە- ۋىشلەر جۈملىدە نېمىشقا؟ نېمە ئۈچۈن؟ نېمە مەقسەت بىلەن؟ دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارغا جاۋاب بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار بۇ ئىشنى ئەتەي كېچىكتۈرۈۋەتتى. "توت كىشىلىك گۇرۇھ" ماۋ جۇشىنىڭ يولىيورۇقلىرىنى قەستەن بۇرمىلىدى. ئۇلار بۇ كۆزقارىشىنى بىزگە زورمۇ - زور تاڭماقچى بولدى. بۇ ۋەقە توساتتىن يۈز بەردى.

بۇ مىساللاردىكى ئەتەي، قەستەن، زورمۇ - زور، توساتتىن دېگەن رەۋىشلەر بۇرمىلىدى، كېچىكتۈرۈۋەتتى، تاڭماقچى بولدى، يۈز بەردى دېگەن پېئىللاردا ئاڭلىتىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ مەقسىدى- نى ۋە قانداق يوسۇندا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

ئۇيغۇر تىلىدا مەقسەت رەۋىشلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. ئۇلار: ئەتەي، قەستەن، زورغا، زورمۇ - زور، ئىلاجىسىزلىقتىن، توساتتىن ۋە باشقىلار.

## 5. دەرىجە رەۋىشلىرى

دەرىجە رەۋىشلىرى ئايرىم تۇرغاندا كونكرېت لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ. ئەمما جۈملىدە پېئىل ۋە سۈپەتلەرگە باغلىنىپ كېلىپ، ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ياكى ئاشماسلىقىنى جەزمەنلەشتۈرۈش، ھەرىكەتنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىنى كۈچەيتىپ كۆرسىتىش، سۈپەتلەردە ئىپادىلەنگەن خۇسۇسىيەتنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىش قاتارلىق گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

خۋا جۇشىنىڭ يولبۇرۇغىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىمىز. ئۇلار بۈگۈن ئاجايىپ ئىشلەپ كەتتى. ئۇ تازىمۇ قىزىقچى ئادەم ئىكەن. ئۇ سەل ئېلىشىپ قاپتۇ. مەملىكىتىمىزنى 4 تە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى قەتئىي، ئاجايىپ، تازىمۇ، سەل، تېخىمۇ قاتارلىق دەرىجە رەۋىشلىرى ئۆزلىرى باغلىنىپ كەلگەن پېئىلنىڭ ئىش - ھەرىكىتىنى، سۈپەتنىڭ خۇسۇسىيىتىنى كۈچەيتىپ كەلگەن.

دەرىجە رەۋىشلىرى پېئىللاردىن ئاڭلىتىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ، سۈپەتلەردىن ئاڭلىتىلغان خۇسۇسىيەتنىڭ دەرىجىسىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى باشقا رەۋىشلەر ئىپادىلىگەن خۇسۇسىيەتنىڭ دەرىجىسىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ناھايىتى تۆۋەن، بەك ئەتىگەن، تېخىمۇ يىراق، ئەڭ قەتئىي، تولىمۇ يۇقۇرى ۋە باشقىلار.

دەرىجە رەۋىشلىرى جۈملىدە، ئاساسەن، گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا رەۋىشلەرگە ئوخشاش تۈرلۈك سۆز تۈركۈملىرىنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورى-

بىلىرى بىلەن تۇراشمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى دەرىجە رەۋىشلىرى: ئەڭ، ناھايىتى، ئىنتايىن، تازا، خويمۇ، بەك، ئاجايىپ، ئەجەپ، راسا، تولىمۇ، نەق، دەل، سەل، جەزمەن، ھەرگىز، تېخىمۇ، بەكمۇ، پەقەت، قەتئىي، زادى ۋە باشقىلار.

# ئون ئۈچىنچى باب ياردەمچى سۆزلەر

## 52 - §. ياردەمچى سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى

ياردەمچى سۆزلەر ئۆز ئالدىغا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىيەلمەيدۇ، لېكىن لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر ۋە جۈملىلەر بىلەن بىللە كېلىپ، شۇ سۆزلەرنىڭ ياكى جۈملىلەرنىڭ مەنىلىرىنى تولۇقلاش، روشەنلەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ ۋە سۆزلەرنى ھەم جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار مۇتلەق كۆپ سانلىقى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، ئۇلار بىلەن بىللە خىزمەت قىلالايدىغان پرولېتارىيات سىياسەتچىلىرىدىن بولۇش لازىم، ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغان كىشىلەر بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشقا، شۇنىڭدەك ئىلگىرى ئۆزىگە قارشى تۇرغان، بەلكى خاتالاشقانلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان كىشىلەر بىلەنمۇ ئىتتىپاقلىشىشقا ماھىر بولۇش كېرەك.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى بىلەن، بىللە، بەلكى، مۇ، لېكىن، ۋە قاتارلىق سۆزلەر ئۆز ئالدىغا لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىيەلمەيدىغان، پەقەت جۈملىدە سۆز بىلەن سۆزنى، جۈملە بىلەن جۈملىنى ئۆزئارا باغلاپ، تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان ياردەمچى سۆزلەردىن ئىبارەت.

ياردەمچى سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

1. ياردەمچى سۆزلەر ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق كاتېگورىـ

يىگە ئىگە ئەمەس، شۇنىڭدەك باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەنمۇ تۈرلەنمەيدۇ.

2. ياردەمچى سۆزلەر مۇستەقىل ئۇرغۇغا ئىگە بولۇپ، ئۆزى بىللە كەلگەن سۆز ۋە جۈملىلەردىن تىنىش ئارقىلىق ئايرىپ ئېيتىلىدۇ. بەزى ياردەمچى سۆزلەر (مەسىلەن: چۇ، غۇ، زە، دە قاتارلىقلار) قارىماققا قوشۇمچىلاردىن پەرقى يوقتەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ مۇستەقىل ئۇرغۇغا ئىگە ئىكەنلىكى ۋە باشقا سۆزلەر بىلەن بىللە كەلگەندە ھەر ھالدا قوشۇمچىلارغا نىسبەتەن ئايرىپ، تىنىش ئارقىلىق ئېيتىلغانلىقى جەھەتتىن قوشۇمچىلاردىن پەرق قىلىدۇ.

## § 53- ياردەمچى سۆزلەرنىڭ تۈرلىرى

ئۇيغۇر تىلىدا ياردەمچى سۆزلەرنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئۆتەيدىغان خىزمىتى ئىنتايىن مۇھىم. ياردەمچى سۆزلەر ئۆتەيدىغان خىزمىتى ۋە رولىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

### 1. سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى

سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش ۋە رەۋىشلەرگە ياندىشىپ كېلىپ، بۇ سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى باشقا سۆزلەر بىلەن، بولۇپمۇ پېئىل بىلەن بولغان تۈرلۈك مۇناسىۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. ياردەمچى سۆزلەر ئۆزى ياندىشىپ كەلگەن سۆزنىڭ مەلۇم شەكىلدە (مەلۇم كېلىشتە) كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ ۋە كونكرېت نۇتۇق شارائىتىدىلا قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى رۇشەنلىشىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ياردەمچى سۆزلەر لوگىك ئۇلانما دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

تۆۋەندە سۆز ئارقا ياردەمچىلىرىنىڭ قانداق سۆزلەرگە باغلى-

ىسپ كېلىدىغانلىقى ۋە قانداق مەنە ئىپادىلەيدىغانلىقى ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئوتىمىز:

1) باش كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار ياكى ئىسىملىك كېلىشتە كەلگەن كىشىلىك ئالماشلىرىنى ئۆزىگە قارىتىپ كېلىدىغان سۆز ئارقا يارىدەمچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەنىلىرى توۋەندىكىچە:

ئۈچۈن — ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆز بىلەن بىللە ئىش - ھەركەتنىڭ مەقسىدى ۋە سەۋەبىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيمىز. مەملىكىتىمىزنى تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرىشەيلى! يەرلەر قاندۇرۇپ سۇغىرىلغانلىقى ئۈچۈن، مول ھوسۇلغا كاپالەتلىك قىلىندى.

ئارقىلىق — ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ ئىش - ھەركەتنىڭ ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن

ھەممە دۆيلەرگە تېلېفون ئارقىلىق خەۋەر قىلىندى. خەتنى پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتتىم.

توغرىلىق — توغرىسىدا، ھەققىدە — ھەقتە يارىدەمچىلىرى ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزلەرنىڭ مەلۇم شەيئى ياكى ئىش - ھەركەت بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

سىنىپ مۇدىرى ئۆگىنىش توغرىسىدا سۆزلىدى. خەلقئارا ۋەزىيەت ھەققىدە دوكلات بېرىلدى. بىز بۇ ھەقتە ئۆز پىكرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئۇ ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىش ھەققىدە توختالدى.

2) يونۇلۇش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەرنى ئۆزىگە قارىتىپ كېلىدىغان سۆز ئارقا يارىدەمچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى توۋەندىكىچە:

قارشى — قارىتا يارىدەمچىلىرى ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆزنىڭ مەلۇم شەيئى ياكى ئىش - ھەركەتنىڭ ئوبيېكتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بىز زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش مەيدانىدا قەتئىي تۇرىمىز. ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئىنتىزام تەربىيىسىنى كۈچەيتىش

كېرەك.

دېمەك — ئىسىم پارچىلىرى ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سۆز بىلەن بىر شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بىز ئىلمىي تەتقىقاتقا دائىر مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلدۇق. ئىلىم - پەنگە ئائىت كىتابچىلار كۆپلەپ نەشر قىلىنماقتا.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن سۆز ئارقا پارچىلىرىدىن باشقا، باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس بەزى سۆزلەر، مەسىلەن: نىسبەتەن، باشقا، قارىغاندا، ئىبارەت، قەدەر، ئاساسەن، ئوخشاش، كېيىن، قەتئىي نەزەر قاتارلىقلارمۇ بەزىدە سۆز ئارقا پارچىلىق رولىنى ئۆتەيدۇ.

## 2. باغلىغۇچىلار

جۈملىدە سۆزلەرنى، سۆز بىرىكمىلىرىنى ۋە مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان پارچە سۆزلەر باغلىغۇچىلار دېيىلىدۇ. باغلىغۇچىلار ئۆز خىزمىتى ۋە رولى جەھەتتىن بەزى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارغا (گىرامماتىكىلىق شەكىللەرگە) ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كونكرېت پەرقلەر مەۋجۇت. چۈنكى بەزى تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار سۆزلەرنى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلاپ كەلسە، باغلىغۇچىلار سۆزلەرنى تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلاپ كېلىدۇ. باغلىغۇچىلار فونېتىك جەھەتتىن قوشۇمچىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن گىرامماتىكىلىق خىزمىتى جەھەتتىن قوشۇمچىلاردىن پەرق قىلىدۇ.

باغلىغۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ جۈملىدىكى رولىغا ۋە ئىپادىلىگەن مەنىلىرىگە قاراپ، تۆۋەندىكى تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

1) بىرلەشتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار:

بىرلەشتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار ۋە، ھەم، ھەمدە، بىلەن، يەنە قاتارلىق سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل باغلىغۇچىلار سۆزلەرنى ۋە جۈملىلەرنى ئۆزئارا تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كادىرلارنى تەكشۈرۈش ۋە چۈشىنىش، ئىز باسارلارنى تاللاش ۋە تەربىيەلەش ئىشىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاممىۋى كۆرەشلەر ئىچىدە ئېلىپ بېرىش كېرەك.

يەر شارى يەنە بۇرۇنقىدەك ئايلىنىۋېرىدۇ، تارىخ يەنە ئالغا قاراپ راۋاجلىنىۋېرىدۇ.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئىشچىلار بىلەن دېھقانلار ئوتتۇرسىدا، شەھەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدا يەنە پەرق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بىلەن باغلىغۇچىسى بەزىدە سۆز ئارقا ياردەمچىسى رولىدا، بەزىدە قارىمۇ - قارشى باغلىغۇچى رولىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

بىز بېيجىڭدىن پويىز بىلەن كەلدۇق (سۆز ئارقا ياردەمچىسى).

تەلكىنىڭ داۋانىدىن
كارۋان توختىماي ئۆتتى.
سۇلايمان يىغلىغان بىلەن،
ئېلاخۇن يىغلىماي ئۆتتى. (خەلق قوشىقى)

(قارىمۇ - قارشى باغلىغۇچى).

يەنە باغلىغۇچىسى جۈملىدە بەزىدە رەۋىشلىك رولىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

يولداشلار، ئىنقىلاب ئۈچۈن يەنىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار. ئۇلار بۈگۈن يەنە كەلدى.

2) قارىمۇ - قارشى باغلىغۇچىلار:

قارىمۇ - قارشى باغلىغۇچىلار ئەمما، لېكىن، بىراق، ۋاھالەنكى، ئەپسۇسكى قاتارلىق سۆزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار، ئاساسەن،

مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى ٴاددى جۈملىلەرنى مەزمۇن جەھەتتىن بىر بىرىگە قارىمۇ-قارشى قويۇپ ٴۇزٴارا باغلاپ كېلىدۇ، يەنى ٴىككى خىل ٴىش-ھەرىكەتنىڭ بىر بىرىگە قارشى ٴىكەنلىكىنى ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ نەزىرىدە قارشى قويۇلغانلىقىنى ٴىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

باھار قوينىدا توي قىلدۇق ۋە لېكىن چىقمىسۇن ٴەستىن،
قارا نوتىمۇش زىمىستانىدىكى كۆلپەت-ٴەلەم، ماتەم.
(ت. ٴېلىيېپ)

3) كۆچەيتمە باغلىغۇچىلار:

كۆچەيتمە باغلىغۇچىلار بەلكى، ھەتتا، ھەتتاكى قاتارلىق سۆزلەردىن ٴىبارەت بولۇپ، بۇ خىل باغلىغۇچىلار سۆزلىگۈچى نەزىرىدە مەلۇم ٴىش-ھەرىكەتنىڭ يەنە بىر ٴىش-ھەرىكەتتىن ٴاشۇرۇپ كۈچەيتىلگەنلىكىنى ٴىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بىز ٴۈگىنىشكىلا كۆڭۈل بۆلۈپ قالماي، بەلكى بەدەن چېنىقتۇرۇشقىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك.

ٴۇخلىماي ھەتتا ٴۇ نەمدى كېچىلەر،
گايى پۇل، گايى زۇلۇم قىلماق بىلەن،
بەنت ٴىكەن بىر چوڭ قوشۇن يىغماق بىلەن.
(ٴا. نوتكۇر)

4) سەۋەپ باغلىغۇچىلىرى:

سەۋەپ باغلىغۇچىلىرى شۇڭا، چۈنكى، شۇڭلاشقا، شۇنىڭ ٴۈچۈن قاتارلىق سۆزلەردىن ٴىبارەت بولۇپ، بۇلار مەلۇم ٴىش-ھەرىكەتنىڭ يەنە بىر ٴىش-ھەرىكەتكە سەۋەپ بولغانلىقىنى ٴىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

چۈنكى كۆپ سۈرتكەنسىرى ٴەينەكنى بىز
شۇنچە روشەن بولغۇسى ٴەكسىمىز.
(ٴا. نوتكۇر)

قوغدىدى قورغـان بولۇپ ئەل بەختىنى جىڧاگجۇنۇم،
شۇڭا بىز جاندىن ئەزىز بىلدۇق بۇ قورغان قەدرىنى.
(ت. ئېلىيوپ)

5) شەرت باغلىغۇچىلىرى:
شەرت باغلىغۇچىلىرى ئەگەر، گەرچە، مۇبادا قاتارلىق سوزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ خىل باغلىغۇچىلار مـەلۇم ئىش - ھەركـەتنى كۈچەيتىش ئاساسىدا يەنە بىر ئىش - ھەركەتكە شـەرت قىلىپ باغلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

كونىراپ قالماس لېكىن ھەق گەپ پەقەت،
گەرچە تەكرار بولسىمۇ بىرنەچچە رەت.
(گا. ئوتكۇر)

ئەگەر باغلىغۇچىسى ئىبارىسى ئىسـەرلەردە ۋەزىن تەلىۋىگە ئاسـاسەن، ئەگەر باغلـ ـغۇچىسى گەر قىلىپمۇ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

رەقىبلەر ئەيلىسە گەر قەست،
قىلارمەن يـەر بىلەن يەكسان.

6) تاللىما باغلىغۇچىلار:
تاللىما باغلىغۇچىلار يا، ياكى، خا، نە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بىرنەچچە ئىش - ھەركەتنىڭ بـىرى ئەمەلـگە ئاشىدىغانـ لىقىنى ياكى ئەمەلـگە ئاشـمايدىغانلىقىنى تاللاپ كـورسىتىش رولىنى ئوينايدۇ؛ شۇنىڭدەك بىر خىل بولەكـلەرنى بىر بىرىگـە باغلاش رولىنىمۇ ئوتەيدۇ. مەسىلەن:

بەلكى بۇ چوچەكنى سىزمۇ ئاڭلىغان،
ياكى مـەلۇم بىر كىتاپتىن ئوقۇغان.
نە تىۋىپ، نە پىرىخۇن، نە بىر دۇئا —
بولمىغاچ بۇ غەلىتە دەرتكە دەۋا،

ئانىسى مىڭ يالۋۇرۇپ، مىڭبىر سوراپ،
ئاڭلىماق بوپتۇ ئوغلىدىن بىر جاۋاپ.
(ئا. ئۆتكۈر)

يۇقۇرقىلاردىن باشقا، سەۋەبىدىن، تۈپەيلىدىن، شۇنىڭ بىلەن، شۇنىڭدەك دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرمۇ جۈملىدە باغلىغۇچىلىق رول ئوينايدۇ.

### 3. يۈكلىمىلەر

مۇستەقىل سۆزلەرگە ۋە جۈملىلەرگە قوشۇلۇپ، ئۇلارغا تۈرلۈك مەنە يۈكلەيدىغان ياردەمچى سۆزلەر يۈكلىمىلەر دېيىلىدۇ. يۈكلىمىلەر ئايرىم سۆز ياكى جۈملىلەرگە تۈرلۈك گىرامماتىكىلىق مەنىلەرنى، يەنى ئەستىقلاش، سوراق، يېلىنىش، تەكىتلەش قاتارلىق مەنىلەرنى قوشۇش ئۈچۈن، كىشىلەرنىڭ پۈتۈن جۈملىدىكى ئوي-پىكىرلىرىگە ۋە ئايرىم سۆزلەرگە ئىچكى قاراشلىرىنى، پوزىتسىيىلىرىنى قوشۇپ ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. مەسىلەن:

كوممۇنىستلارنىڭ پرىنسىپ ئۈستىدە سودىلىشىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەمەلدارلارنىڭ ئوت قويۇشىغا رۇخسەت - يۇ، پۇقرالارنىڭ چىراق يېقىشىغا رۇخسەت يوقمۇ؟ بىز سىزگە بۇ ئىشنى ئاللىقاچان ئېيتقان ئىدۇققۇ؟

يۇقۇرقى مىساللاردىكى مۇ، يۇ، قۇ قاتارلىقلار يۈكلىمە بولۇپ، مۇ سوراق مەنىسىنى، قۇ تەكىت مەنىسىنى، يۇ نارازىلىق مەنىسىنى ئىپادىلىگەن.

يۈكلىمىلەرنىڭ سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى ۋە باغلىغۇچىلاردىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) يۈكلىمىلەر ئۆزى ئۇلىنىپ كېلىدىغان سۆزنىڭ مەلۇم كېلىشتە كېلىشىنى تەلەپ قىلمايدۇ.

2) يۇكلىمىلەر، قارىماققا، سوز ياسىغۇچى ياكى سوز تۇرلەنگۇچى قوشۇمچىلارغا ئوخشاشتەك تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلاردىن پەرقلىنىدۇ. چۇنكى سوز ياسىغۇچى ياكى سوز تۇرلەنگۇچى قوشۇمچىلار سوزلەرگە تاللاپ قوشۇلسا، يۇكلىمىلەر، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، تاللىماي قوشۇلۇۋېرىدۇ.

3) يۇكلىمىلەر باغلىغۇچىلاردىن جۇملىدىكى رولى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىسى جەھەتتىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. چۇنكى باغلىغۇچىلار سوز بىلەن سوزنى، جۇملە بىلەن جۇملىنى ئوزئارا باغلاش ئاساسىدا مەلۇم گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلىسە، يۇكلىمىلەر ئوزى قوشۇلغان سوز ياكى جۇملىگە مەلۇم مەنىۋى تۇس بېرىدۇ.

يۇكلىمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىلىرى ھەققىدە توۋەندە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئوتىمىز.

مۇ (ما - مى) يۇكلىمىلىرى جۇملىدە ئوزى قوشۇلغان سوز ياكى پۇتۇن جۇملىگە سوراق مەنىسىنى يۇكلەيدۇ.

مەسىلەن: ئۇلار ھەقىقى ئەھۋالنى يېپىپ كېتەلىشى ۋە ئوزگەرتىۋېتەلىشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ كىنونى ئىلگىرى كورگەنمىدىڭىز؟

چۇ يۇكلىمىسى ئوزى قوشۇلغان جۇملە ۋە سوزلەرگە تەكىت، سوراق، ئوتۇنۇش، خالاش، يېلىنىش قاتارلىق مەنىلەرنى يۇكلەيدۇ. مەسىلەن:

مەن خىزمەتكە بارىمەن، سىزچۇ؟ (سوراق)، بۇنى كورۇپ بېقىڭچۇ؟ (ئوتۇنۇش)، سىزچۇ، مېنىڭ كېيىمگە قۇلاق سېلىپ تۇرۇڭ! (تەكىت)، قەلىمىڭىزنى بېرىپ تۇرسىڭىزچۇ؟ (يېلىنىش).

غۇ، قۇ يۇكلىمىسى بىر ەر ئىش - ھەركەتنىڭ سوزلىگۇچى نەزىرىدە توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى ياكى تەكىتلەنگەنلىكىنى ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ، بەزىدە باغلىغۇچىلىق رولىنىمۇ ئوينايدۇ. مەسىلەن:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسىدە بۇ

مەسىلە ئالىلقاچان كۆرسىتىلگەن ئىدىغۇ؟ بۇ ئىشنىڭ پايدىسى بارلىغىغۇ بار، لېكىن يالغۇز ئىشلەش تەسرەك.

ز. يۈكلىمىسى ئېيتىلىش ئاھاڭىغا قاراپ، ئۆزى قوشۇلغان سۆز ياكى جۈملىگە تەكىت ياكى نارازىلىق مەنىلىرىنى يۈكلەيدۇ. مەسىلەن:

سەنزە بۇ ئىشتا ناھايىتى ئۇستىلىق قىلدىڭ. ھەممىمىز بارىمىز، سەنزە قالىسەن.

يۇ يۈكلىمىسى تەكىت، نارازىلىق مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنىڭدەك بەزىدە باغلىغۇچى بولۇپمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

شاتلىغىم — بەختىم ھەم غورۇرۇم شۇكى،
مەن بىر پەرۋانە - يۇ، ۋەتىنىم چىراق.
ئۇ بىلىدۇ - يۇ، سىز نىمىشقا بىلمەيسىز!

ئا، ئە يۈكلىمىلىرى ئۇتۇنۇش، بۇيرۇق مەنىلىرىنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن:

قېنى، سىز ئېيتىپ بېرىڭا! سىز بۇ يەردە ئولتۇرۇڭا! يېزىغا بارىمەن دىگىنە، ناھايىتى ياخشى ئويلاپسەن.

دە يۈكلىمىسى ئېيتىلىش ئاھاڭىغا قاراپ، ھەيران قېلىش، تاسادىپىلىق قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بۇ ناھايىتى مەنزىرىلىك جاي ئىكەن - دە! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار كەپتىكەن - دە! ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، كىيىملىرىنى كىيىپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

لا يۈكلىمىسى ئىش - ھەركەتنىڭ بىرنىڭ كەينىدىن بىرى ناھايىتى تېز بولغانلىغىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇ مېنى كۆرۈپلا، چىرايىنى ئۆزگەرتتى.

ھە يۈكلىمىسى ھەيران قېلىش، ئەجەپلىنىش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بىز نىمىشقا ئۇلارغا ئوخشاش ئىشلىيەلمەيمىز - ھە!

ھە، مانا شۇنداق ئىشلەش كېرەك. ئۇلار نىمە دىگەن غەيرەتكە كەلگەن - ھە!

ھە، دە يۈكلىمىلىرى ئۆزى قوشۇلۇپ كەلگەن سوزلەردىن سىزىقچە ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ، بۇلاردىن باشقا يۈكلىمىلەر بولسا، ئۆزى باغلىنىدىغان سوزلەرگە قوشۇلۇپ يېزىلىدۇ.

# ئون تۆتىنچى باپ ئىملىق سۆزلەر ۋە ئۈندەش سۆزلەر

## 54 - § ئىملىق سۆزلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى

ئىملىقلار ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە گىرامماتىكىلىق رولى جەھەتتىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ مەنە ۋە گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

ئىملىق سۆزلەر مەنە جەھەتتىن تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە نەرسىلەرنىڭ تۈرلۈك ھالىتى ۋە ئاۋازلىرىغا تەقلىد قىلىنغان چۈشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدىغان تەقلىدىي سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار تاق ياكى جۈپ شەكىلدە قوللىنىلىشقا ھەمدە تەركىۋىدىكى سوزۇق ئاۋۇشلارنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ ھەر خىل مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

مەسىلەن:

ئىشىك تاراققىدە قىلدى دېسەك، بۇنىڭدا ئىشىكتىن تېزلا ئاشۇنداق ئاۋاز چىققانلىقىنى بىلدۈرسە، ئىشىك تاراق - تاراق قىلدى دېسەك، بۇ ئاۋازنىڭ بىر قېلىپتا تەكرارلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىشىك تاراق - تۇرۇق قىلدى دېسەك، بۇ ئاۋاز بىر قېلىپتا ئەمەس، بەلكى تەرتىپسىز ھالدا ھەر خىل چىققانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ؛ شۇنىڭدەك ئىشىك ئىرىق - ئىرىق قىلىدۇ دېسەك، ئىشىكتىن چىققان ئاۋازنىڭ بوش ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ قولاققا ئۇتۇقراق ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە سۇنىڭ ئېقىشىنى بىلدۈرىدىغان شار - شۇر بىلەن شىر - شىر ئىملىقلىرىنى ئالساق، ئالدىنقىسى تېز ئېقىۋاتقان ئۇلۇق سۇدىن چىققان ئاۋازنى ئىپا-

دىلىسە، كېيىنكىسى ئاستا ئېقىۋاتقان ئاز سۇنىڭ ئاۋازىنى ئىپادىلەيدۇ. يالت - يۇلت، غار - غۇر، ۋال - ۋۇل قاتارلىق ئىملىقلارمۇ تەبىئەت ۋە نەرسىلەرنىڭ كورۇنۇش ھالىتى ۋە ئاۋازى ھەققىدىكى تۇرلۇك چۇشەنچىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىملىقلار يۇقۇرقىدەك ئوزىگە خاس مەنىۋى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، يەنە توۋەندىكىدەك گىرامماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلەرگىمۇ ئىگە:

1. ئىملىقلار ئوزىگە خاس گىرامماتىكىلىق كاتىگورىيىگە ئىگە ئەمەس، شۇڭا تۇرلىنىشچانلىق خۇسۇسىيىتى يوق، لېكىن بەزى ئىملىقلار جۇملىدە باشقا سوز تۇركۇملىرىنىڭ ئورنىدا (رولىدا) كەلسە، شۇ سوز تۇركۇملىرىگە خاس بەزى گىرامماتىكىلىق كاتىگورىيە بىلەن تۇرلىنىپ كېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن:

ۋاراڭ - چۇرۇڭنى توختىتىڭلار. ۋاراڭ - چۇرۇڭغا يول قويۇلمايدۇ. مۇنچە ۋاراڭ - چۇرۇڭنىڭ نىمە ھاجىتى بار، دىگەن جۇملىلەردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ دىگەن ئىملىق ئاۋاز دىگەن ئىسىمنىڭ ئورنىدا (رولىدا) قوللىنىلغانلىقى ئۇچۇن، ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتىگورىيىسى بىلەن قىسمەن تۇرلەنگەن، شۇنىڭدەك تۇرلۇك سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئوتەپ كەلگەن.

2. ئىملىقلار جۇملىدە، كوپىنچە، ئايرىم ياكى بەزى ياردەمچى پېئىللىق رول ئوينايدىغان پېئىللار بىلەن بىللە كېلىپ، ئاساسلىق پېئىلدىن ئاڭلىتىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ تۇرلۇك ھالىتىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ چىشلىرى غاراچ - غۇرۇچ قىلىپ كەتتى. ئۇلار بۇ ئىشنى شاق - شۇق توگىتىۋەتتى. ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى.

ئىملىقلار ئوزىگە خاس ئىملىق ياسايدىغان قوشۇمچىلارغىمۇ ئىگە ئەمەس، شۇنىڭدەك ئىملىق سوزلەرنىڭ باشقا سوز تۇركۇملىرى بىلەن ئوزئارا ئوتۇشۇپ تۇرۇش ھادىسىلىرىمۇ بەك ئاز. لېكىن ئىملىق سوزلەرنىڭ سانى خېلى كوپ بولغانلىقى ئۇچۇن، بۇلاردىن كوپىنچە، شۇ ئىملىق سوزدە ئىپادە قىلىنغان ئاۋاز ياكى

ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان پېئىللار ۋە بەزى رەۋىش-
لەر ياسىلىدۇ. تەپسىلى ئەھۋال تۆۋەندىكىچە:

ئا) ئىككى بوغۇملۇق ئىملىقلارغا لا، لە قوشۇلۇپ بىر قىسىم پېئىللار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

شاراق - شاراقلا - شاراقلاش، تاراق - تاراقلا - تاراقلاش، گۈلدۈر - گۈلدۈرلە - گۈلدۈرلەش، پورۇق - پورۇقلا - پورۇقلاش.

ب) بىر بوغۇملۇق ئىملىقلارغا ئۇلدا، ئۇلدە، سىلدا، سىلدە، قىرا، كىرە قوشۇلۇپ، بىر قىسىم پېئىل ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

تاق - تاقىلدا - تاقىلداش، گۈپ - گۈپۈلدە، گۈپۈلدەش، لەپ-لەپىلدە - لەپىلدەش، پۇش - پۇشۇلدا - پۇشۇلداش، شار-شاقىرا - شاقىراش، چىر - چىقىرا - چىقىراش، گۈر - گۈكىرە - گۈكىرەش.

كېپىقىراش، ۋاقىراش، قىچقىرىش، چاقىرىش، ئىسقىرتىش، كېكىرىش قاتارلىق پېئىللار ئەسلىدە مۇشۇنداق ئىملىق سۆزلەردىن كېلىپ چىققان.

س) ھايۋانلارنىڭ تۈرلۈك ئاۋازلىرىنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆزلەرگە، را، رە قوشۇلۇش بىلەنمۇ بىر قىسىم پېئىللار ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

مە - مەرە - مەرىدى، ھاڭ - ھاڭرا - ھاڭرىدى، مو - مورە - مورىدى.

د) ئىملىق سۆزلەرنىڭ ئاخىرقى ئۈزۈك تاۋۇشنى تەكرارلاپ، ئاندىن ـدە نى قوشۇش بىلەن رەۋىشلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

پوك - پوككىدا، تاق - تاققىدا، شاق - شاققىدا، لىك - لىككىدە، پىل - پىللىدە.

ې) بىر قىسىم ئىملىق سۆزلەر پۈتۈنلەي ئىسىم ياكى سۈپەتكە ئايلىنىپ كەتكەن. مەسىلەن:

لىڭگىر تاقتاق، كاككۇك، گۈپپاڭچى، گۈپپاڭچىلىق، ھوپۇپۇپ.

دىمەك، ئىملىقلار تەبىئەت ھادىسىلىرى، شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك ئاۋاز ۋە ھالەتلىرىگە تەقلىت قىلىنغان، گىرامماتىكىلىق كاتېگور-

بىگە ھەمدە ئۆزىگە خاس ياسىغۇچى قوشۇمچىلارغا ئىگە بولمىغان، باشقا سۆز تۈركۈملىرى بىلەن ئۆتۈشۈپ تۇرۇش ھادىسىسى ئانچە كۆرۈلمەيدىغان سۆزلەردىن ئىبارەت.

ئىملىقلار بىلدۈرگەن مەنىلىرى ياكى ئىمىگە تەقلىت قىلىپ ئىپتىلىغانلىقى جەھەتتىن ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ:

## 1. ئاۋاز ئىملىقلىرى

ئاۋاز ئىملىقلىرى تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە شەيئىلەرنىڭ تۈرلۈك ئاۋازلىرىغا تەقلىت قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ خىل ئاۋاز-لارنىڭ ئاڭلاش ئەزالىرىمىزنىڭ سېزىمى ئارقىلىق تەپەككۇرىمىزدە پەيدا بولغان ئىنكاسىدىن ئىبارەت. ئاۋاز ئىملىقلىرى شەيئىلەر ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆز ئاۋازى بولماستىن، بەلكى بۇ ئاۋازلارنى نىسبىي دوراش ئارقىلىق شەكىللەنگەن. بۇ خىل ئىملىق-لار، كۆپىنچە جۈپ سۆز شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

غاچ – غۇچ، شىلدىر – شىلدىر، ۋاراڭ – چۇرۇڭ، دۈپۈر – دۈپۈر، ۋاز – ۋۇز، كاژ – كۇژ، جالدۇر – جۇلدۇر، ۋاڭ – ۋۇڭ، پاڭ – پۇڭ، گۈلدۈر – گۈلدۈر، شار – شۇر، غار – غۇر، غاراس – غۇرۇس، تاراس – تۇرۇس، تاق – تاق، (تاق – تۇق)، دۈك – دۈك، مىياڭ، مو، مە ۋە باشقىلار.

## 2. ھالەت ئىملىقلىرى

ھالەت ئىملىقلىرى تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىگە تەقلىت قىلىنغان سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار بۇ خىل ھالەتلەرنىڭ كۆرۈش ئەزالىرىمىزنىڭ سېزىمى بىلەن تەپەككۇرىمىزدە ئەكس ئەتكەن ئىنكاسىدىن ئىبارەت. بۇ خىل ئىملىقلارمۇ، كۆپىنچە، جۈپ سۆز شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ۋال - ۋۇل، يالت - يۇلت، لەپ - لەپ، پىل - پىل، پار - پۇر، غىپ - غىپ، چىم - چىم، لىك - لىك، لوم - لوم ۋە باشقىلار.

## § 55 - ئۈندەش سوزلەر ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيتى

لېكسىكىلىق مەنىسى ۋە گىراممانىكىلىق خۇسۇسىيتى جەھەتتىن مۇستەقىل سوزلەرگىمۇ ياكى ياردەمچى سوزلەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان سوز تۈركۈملىرىنىڭ يەنە بىرى ئۈندەش سوزلەردىن ئىبارەت.

ئۈندەش سوزلەر شەيئى ياكى ئۇنىڭ خۇسۇسىيتى، سانى، ھەرىكىتى ۋە ھالىتى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇقۇم ئىپادىلىمەيدۇ. بۇ خىل سوزلەر مەنە جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ھىس ھاياجىنىغا، خاھىشىغا، بۇيرۇغىغا باغلانغان ھالدا چىقىدىغان ئاۋازلاردىن ئىبارەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىچكى ھىس - تۇيغۇسىنى گەۋدىلەندۇرۇش، ھايۋانلارنى چاقىرىش، ھەيدەش، ئۈركۈتۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. ئۈندەش سوزلەر بىر پۈتۈن جۈملىگە مەنىۋى تۇس قوشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قانداق مەنە ئىپادىلەۋاتقانلىقى كونكرېت جۈملىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئايهاي، نىمە دېگەن بەخت بۇ! (خۇشاللىق)

ئەستەغپۇرۇللا، بۇ نىمە دېگەن سەتچىلىك! (خاپىلىق)

ئىبخ، سۈيۈملۈك ۋەتەن! (سۈيۈنۈش)

پاھ، مانى قاراڭلار! (ئەجەپلىنىش)

ئۇھ، بىردەم ئارام ئېلىۋالاي! (ھېرىش)

ۋايجان، قانداق قىلىمەن! (قورقۇش)

ھوي، سەن بۇ يەرگە قاچان كېلىپ قالدىڭ! (ھەيران قېلىش)

ۋاي - ۋۇي، نىمە دېگەن تۈگىمىگەن گەپ! (زېرىكىش)

بەزى ئۈندەش سوزلەرنىڭ مەنىلىرى كىشى ھىس - تۇيغۇسىنىڭ تۈرلۈك بولۇشىغا قاراپ ئوزگىرىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ مەنىسى يۇقۇرقى مىساللاردىكىدەك يېزىقتا جۈملىنىڭ شەكلى ئار-

قىلىق، ئاغزاكى نۇتۇقتا ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئۈندەش سۆزلەر يۇقۇرقىدەك مەنە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە تۆۋەندىكىدەك گىرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە.

1. ئۈندەش سۆزلەر جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولمايدۇ ۋە سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئارتقۇرالمايدۇ، شۇڭا ئۆزى بىللە كەلگەن جۈملىدىن ئاغزاكى نۇتۇقتا ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق، يېزىقتا مەلۇم تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئاھ، ئوماق قىزىم. ئېھ، بىچارە قىز...

2. ئۈندەش سۆزلەر جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولمىغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى يوق، شۇنىڭدەك باشقا سۆز تۈركۈملىرىنىڭ گىرامماتىكىلىق كاتېگورىيىلىرى بىلەنمۇ تۈرلەنمەيدۇ. پەقەت ئاز ساندىكى بەزى ئۈندەش سۆزلەر ئىسىملاشقاندا (ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغاندا) ئىسىملارنىڭ شەخس، سان كاتېگورىيىسى بىلەن تۈرلىنىدۇ، لېكىن بۇ ئايرىم ھالدىلا ئىبارەت. مەسىلەن:

زىمىننى باسسۇن ئاھىم مېنىڭ،
پەلەكنى ئاشسۇن زارىم مېنىڭ.

ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
ئاھلىرىم ئۇتقاي سېنى.
كۆز يېشىم دەريا بولۇپ،
بىلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.
(خەلق قوشىقى)

ئۈندەش سۆزلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرىگە قاراپ، تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرگە بولۇنىدۇ:

## 1. ھىس - ھاياجان ئۈندەشلىرى

بۇ خىل ئۈندەش سۆزلەر، ئومۇمەن كىشىلەرنىڭ خۇشاللىق، سۆيۈنۈش، قايغۇ، خاپىلىق، قورقۇش، ئەجەبلىنىش، قارشىلىق، رازىلىق، نارازىلىق، مەنسىتمەسلىك، نەپرەت، يىرگىنىش قاتارلىق ھىس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ھەي، سېنىڭ ئادەم بولغىنىڭغا لەنەت! (نەپرەتلىنىش)، "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ بىر يولىلا تارمار قىلىنغانلىقى ئەجەب ياخشى بولدى - ھە! (خۇشاللىق)، ھە! نېمە دېمەكچىسەن؟! (قارشىلىق)، ۋاي - ۋۇي، سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭنى كىشىم بىلمەيدۇ! (مەنسىتمەسلىك)، ھەتتىڭنەي، كېچىكىپ قاپتىمەن - دە! (ئارمان ياكى پۇشايمان)، ئىبىخ، سۆيۈملۈك ۋەتىنىم، نېمە دېگەن گۈزەلسەن! (سۆيۈنۈش)، ۋىيەي، بۇ نېمە ۋەقە! (قورقۇش ياكى ھەيران قېلىش)، ئۇف، ئەجەب ھېرىپ كەتتىم! (ھېرىش)، ئىست، ساڭا قىلغان ئەجرىم! (ئېچىنىش)

## 2. قاراتما ئۈندەشلىرى

بۇ خىل ئۈندەشلەر، ئاساسەن، سۆزلىگۈچىنىڭ تىڭشىغۇچىغا جۈملىدە بايان قىلىنغان ئوي - پىكىرگە يانداش ئېيتىلغان تەلىۋى، خاھىشى قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ھاي، بۇياققا كېلىڭلار! (تىڭشىغۇچىنى ئۆزىگە قارىتىش)، ئەي، مېنىڭ جانىجان ۋەتىنىم! (سېغىنىش)، بەللى، دوستۇم، رەھمەت ساڭا! (مىننەتدارلىق).

قاراتما ئۈندەشلەر ھاي، ھەي، ئەي، بەللى، مە، ھايت قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

## 3. بۇيرۇق ياكى چاقىرىش ئۈندەشلىرى

بۇ خىل ئۈندەشلەر كىشىلەرنىڭ هايۋان ۋە ئۇچار قاناتلارغا قارىتىلغان ئۆرلۈك خىتابلىرىنى، يەنى ئۇلارنى هەيدەش، توختىتىش، چاقىرىش، قوغلاش قاتارلىق خاھىشىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: ماھ - ماھ! (چاقىرىش)، چاغ! (هەيدەش)، تۇ - تۇ - تۇ (چاقىرىش)، تاخ، كۈش (هەيدەش)، پىش - پىش (چاقىرىش)، پىشەپەش (هەيدەش)، تىر - تىر (چاقىرىش ياكى توختىتىش)، چۇخىت (هەيدەش) ۋە باشقىلار.

بۇيرۇق ياكى چاقىرىش ئۈندەشلىرى: ماھ - ماھ، چاغ، تۇ - تۇ - تۇ، مەھ - مەھ، كۈش، پىش - پىش، پەش، تىرت، تىر - تىر، چۇھ، خىت، كەھ - كەھ ۋە باشقىلار.

ئۈندەش سۆزلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

بىر قىسىم ئۈندەشلەر بىرلا مەنىلىك بولەكتىن تۈزۈلىدۇ يەنە بىر قىسىم ئۈندەشلەر بولسا، بىرنەچچە مەنىلىك بولەكتىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. بىرنەچچە مەنىلىك بولەكتىن تۈزۈلگەن ئۈندەشلەر بىرىككەن سۆز ياكى جۈپ سۆز شەكلىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، هاي، هەي، ۋاي، پاھ، ئىبخ، ئۇھ، ئىسىت، هە قاتارلىق ئۈندەشلەر بىرلا مەنىلىك بولەكتىن تۈزۈلگەن؛ ياپىر، هەتتىگىنەي، بارىكاللا، ئەستەغپۇرۇللا دىگەنگە ئوخشاش ئۈندەشلەر بىرىككەن سۆز شەكلىدە كەلگەن؛ ۋاي - ۋۇي - ئاي - هاي، ۋاي - ۋاي، پاھ - پاھ قاتارلىق ئۈندەشلەر جۈپ سۆز شەكلىدە كەلگەن.

يۇقۇرىدا كورسىتىپ ئۆتكەن ئۈندەش سۆزلەردىن باشقا، تىل تاۋۇشلىرى بىلەن ئىپادىلەشكە بولمايدىغان، تاڭلاينىڭ هەركىتى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان ئۈندەشلەرمۇ بار. بۇلارنى يېزىق تىلىدا ئىپادىلەش تەس.

ئومۇمەن، ئۈندەش سۆزلەر ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي - پىكىرگە ئىچكى هىس تۇيغۇنى قوشۇپ، ئۇنى جانلىق، تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەشتە مۇهىم رول ئوينايدۇ.

# ئون بەشىنچى باپ سىنتاكسىس ھەققىدە چۈشەنچە

## § 56 - سىنتاكسىس ۋە ئۇنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى

سىنتاكسىس ئەسلى گرېكچە سۆز بولۇپ، كونكرېت جۈملە ۋە جۈملە ھەققىدىكى ئىلىم دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.

سىنتاكسىس جۈملە ھەققىدىكى تىل ئىلمى بولۇپ، ئۇ، سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرىنى، جۈملىدە سۆزلەرنىڭ باغلىنىش قائىدىلىرىنى، سىنتاكسىسلىق سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى، جۈملە بۆلەكلىرى ۋە جۈملىنىڭ مەنە ھەم تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرىنى، جۈملىدە سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىل قاتارلىقلارنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ. بۇ خىل قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىشتا ئايرىم ھاللارنى (ھادىسىلەرنى) نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئومۇمىي خاراكتېرلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ئاساس قىلىدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى سىنتاكسىسى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىكى جۈملىلەرگە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىگە ئورتاق بولغان قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۆگىتىدۇ. مەسىلەن:

(1) تاڭ يورىدى. (2) كۈن چىقتى. (3) شامال باھار پەيزىگە چۆمگەن يېزىنىڭ خۇش بۇي ھىدىنى دىماققا ئۇرماقتا. (4) ماشىنا ياپ - يېشىل ئورمان بەلۋاغلىرى بىلەن ئورالغان يېزىغا كىرىپ كەلدى. (5) ئەسەرنى مۇشۇنداق بىر قېتىم، ئىككى

قىتىم، ئۈچ قىتىم، تاكى ئەسلىي ئۆزگەرتىدىغان يېرى قالمىدى دەپ ھېساپلىغىچە ئۆزگەرتكەندىن كېيىن، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كورۈشتۈرۈشكە بولىدۇ.

سىنتاكسىسلىق نۇقتىدىن قارىغاندا، يۇقۇرقى جۈملىلەر كونكرېت مەنىلىرىنىڭ قانداق بولۇشى ۋە قانداق سوزلەردىن تۈزۈلگەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر، ھەممىسى ئوي - پىكىرنى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان خەۋەر جۈملىلەردىن ئىبارەت. تۈزۈلۈش جەھەتتىن (1) ۋە (2) جۈملە باش بولەكتىنلا تۈزۈلگەن يىغىق ئاددى جۈملە؛ (3)، (4)، (5) جۈملە بولسا باش ۋە ئەگەشمە بولەكلەردىن تۈزۈلگەن يېيىق ئاددى جۈملە دەپ قارىلىدۇ.

سىنتاكسىس جۈملە ۋە سوز بىرىكمىلىرى ھەققىدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ئۈگىتىش ئارقىلىق، يېزىق ۋە جانلىق تىلدا ئوي - پىكىرنى توغرا، ئىخچام، راۋان ئىپادىلەشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا سىنتاكسىسلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى پۇختا ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن ئوي - پىكىرنى ئېنىق، چۈشىنىشلىك، سىستېمىلىق ئىپادە قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر سىنتاكسىسلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرگە ئېتىۋار بېرىلمىگەندە، ئىپادىلىمەكچى بولغان ئوي - پىكىر چۈشىنىكسىز ياكى خاتا ئىپادىلىنىپ قېلىش ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدۇ. مەسىلەن:

ھەرقانداق پارتىيە تاپشۇرغان ۋەزىپىنى چوقۇم ياخشى ئورۇنلايمىز دېگەن جۈملىنى ئالساق، بۇ جۈملىدىكى ھەرقانداق دېگەن سوز ئۆزى باغلىنىپ كېلىدىغان سوزدىن يىراق كەلگەنلىكى ۋە باشقا سوز بىلەن ھاجەتسىز مۇناسىۋەتتە بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئوي - پىكىر خاتا ئىپادىلەنگەن. قائىدە بويىچە، جۈملىدە يانداش باغلىنىشتا كەلگەن ئېنىقلىغۇچى ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن سوزنىڭ ئالدىدىلا كېلىشى كېرەك. بۇ جۈملىدە مۇشۇ سىنتاكسىسلىق قائىدىگە خىلاپلىق قىلىنغان.

سىنتاكسىس تىل ئىلمىنىڭ باشقا قىسىملىرى بىلەن (لېكسىكولوگىيە ۋە مورفولوگىيە بىلەن) زىچ مۇناسىۋەتلىك. چۈنكى سوز

ۋە سۆزنىڭ مورفولوگىك تۈزۈلۈشى — سىنتاكسىسنىڭ ئوبيېكتى بولغان جۈملىنىڭ ئاساسى. شۇڭا سىنتاكسىسلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى تىلنىڭ باشقا قىسىملىرىنىڭ (بولۇپمۇ مورفولوگىيىنىڭ) قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش لازىم. بۇنىڭغا سەل قارىلىدىكەن ياكى تىلنىڭ باشقا قىسىملىرى ھەققىدىكى بىلىم پۇختا بولمايدىكەن، سىنتاكسىسلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ياخشى ئۆگىنىش - ئىگىلەشكە تەسىر يېتىدۇ.

## 57 - § جۈملە ۋە ئۇنىڭ رولى

ئوي - پىكىر تىلدا جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. پىكىرنى تىل ماتېرىيالسىز ئىپادىلەش مۇمكىن ئەمەس. جۈملە پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان تىل ماتېرىياللىرى (تىل بىرلىكلىرى) ئىچىدە مۇھىم بىر قىسىم بولۇپ، ئۇ ئالاقە باغلاشنىڭ ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاساسلىق تىل شەكلى سۈپىتىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن جۈملىلەر سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىنتاكسىسلىق قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ، لېكىن ئۇلار ئۆزىگە خاس مۇھىم خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە.

سۆز بىرىكمىسى ئىككىدىن ئارتۇق سۆزدىن تۈزۈلگەن بىر خىل سىنتاكسىسلىق پۈتۈنلۈك بولۇپ، ئاجرىتىشقا بولىدىغان بىر ئومۇمى چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدۇ. سۆز بىرىكمىسى قۇرۇلۇش جەھەتتە سىنتاكسىسلىق بىرىكمە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ جۈملىگە ئوخشاش، تولۇق ئاياغلاشقان بىر ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ، جۈملىدە جۈملىنى شەكىللەندۈرگۈچى تەركىبىي قىسىم (جۈملىنىڭ بۆلەكى) بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

جۈملە بولسا تولۇق ئاياغلاشقان ئوي - پىكىرنى (پىكىر شەكىللىرىدىن تەبىر، ھۆكۈم، خۇلاسە قاتارلىقلارنى) ئىپادىلەيدىغان ئەڭ تولۇق تىل بىرلىكى بولۇپ، گىرامماتىكىدىكى باشقا

پۈتۈنلۈكلەرگە بويسۇنمايدىغان، بەلكى ئۇلارنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىغان، ئۆز ئالدىغا مۇكەممەل سىنتاكسىسلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرگە ئىگە تىل ماتېرىيالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى — جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى.

بۇ جۈملىدە ئىككى سۆز بىرىكمىسى بار، مانا بۇ ئىككى سۆز بىرىكمىسى (ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى) قۇرۇلۇش جەھەتتىن سىنتاكسىسلىق بىرىكمە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى تولۇق ئاياقلاشقان بىردىن ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىمەي، بەلكى ئاجرىتىشقا بولمايدىغان بىر ئومۇمى چۈشەنچىنى (پىكىر شەكىللىرىدىن كەڭ بىر ئۇقۇمنى) بىلدۈرىدۇ. بۇ ئىككى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن جۈملە بولسا، تولۇق ئاياقلاشقان بىر ئوي - پىكىرنى (پىكىر شەكىللىرىدىن بىر ھۆكۈمنى) ئىپادىلەيدۇ. بۇ جۈملىدىكى ئىككى سۆز بىرىكمىسى ئۆزىگە خاس سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئارتقۇرۇپ، مۇشۇ جۈملىنى شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. بۇنى تېخىمۇ ئېنىقراق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن يەنە بىر مىسال ئالايلى:

مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى — ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنىڭ تۈپ كاپالىتى. (ماۋزېدۇڭ)

بۇ جۈملىدە بەش سۆز بىرىكمىسى (مەملىكەتنىڭ بىرلىكى، خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئىشىمىزنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنىڭ، تۈپ كاپالىتى) بار، بۇ بىرىكمىلەرمۇ، قۇرۇلۇش جەھەتتىن سىنتاكسىسلىق بىرىكمە ھېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئاياقلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ، بەلكى ھەر بىرى ئۆزىگە خاس سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىپ، مۇشۇ جۈملىدە ئىپادىلىنىۋاتقان ئوي - پىكىرنى شەكىللەندۈرۈشتە ئورتاق رول ئوينىغان.

دېمەك، سۆز بىرىكمىسى بىلەن جۈملە ئوخشاشلا سىنتاكسىسلىق قۇرۇلۇش ھېساپلانسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى ئۆزىگە خاس مەلۇم ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە، ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇۋەتكىلى بولمايدىغان ئىككى خىل تىل بىرلىكى.

جۈملە بەزىدە بىر سۆزدىن ۋە بەزىدە بىرقانچە سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن. بىر سۆز ياكى بىر سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن جۈملىلەرنىڭ ئاياقلاشقان بىر ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىشى ئۇنىڭ يېنىدىكى باشقا جۈملىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

كېچە، ئاسماندا ئاي، ئىككى كىشى تۈپ - تۈز يولدا كېتىۋاتاتتى دېگەن جۈملىلەرنىڭ بىرىنچىسىنى (كېچە) كېيىنكى جۈملىلەر بىلەن باغلاپ قارىمىساق، ئۇنى جۈملە ئەمەس، بەلكى بىر سۆز دەپ قارىغان بولاتتۇق. شۇنىڭدەك ئاسماندا ئاي دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭمۇ جۈملە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ يېنىدىكى باشقا جۈملىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

جۈملە مەيلى بىر سۆزدىن تۈزۈلگەن بولسۇن ياكى بىرقانچە سۆز (سۆز بىرىكمىلىرىدىن) تۈزۈلگەن بولسۇن، ئۇ تاۋۇش ئاھاڭى (رىتىمى) جەھەتتىن ئۆزئارا ماسلىشىپ، باشقا جۈملىلەردىن تىنىش (پاۋزا) ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ ۋە جۈملىدىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى ئۆزىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى ئاساسىدا جۈملە تۈزۈشكە قاتنىشىپ، بىر پۈتۈن ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەشكە ئورتاقلىشىدۇ، شۇنىڭدەك جۈملىدە ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتەپ، ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق ۋە گىرامماتىكىلىق مەنىلىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

يۇقۇرقىلارنى خۇلاسىلىگەندە، جۈملە تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە:

1. ھەرقانداق جۈملە تولۇق ئاياقلاشقان بىر ئوي - پىكىرنى (پىكىر شەكىللىرىدىن تەبىر، ھۆكۈم، خۇلاسە قاتارلىقلارنى) ئىپادىلەيدۇ.

2. ھەرقانداق جۈملە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەر بويىچە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان مۇكەممەل تىل بىرلىكى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

3. ھەرقانداق جۈملە جانلىق تىلدا ئۆزىگە خاس تاۋۇشقا (رىتىمغا) ئىگە بولىدۇ، بىر بىرىدىن تىنىش ئارقىلىق، يېزىقتا بولسا، تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

دېمەك، سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ سىنتاكسىسلىق باغلىنىشى بويىچە تۈزۈلگەن تولۇق ئاياقلاشقان ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان تىل بىرلىكى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

## 58 - § ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى

ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملە شەكىللىرى ئۆزىگە خاس تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى بىلەن باشقا تىللاردىكى جۈملە تۈزۈلۈشىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

جۈملە جەمىيەتنىڭ، كىشىلەر تەپەككۇرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلىدۇ، بېيىدۇ ۋە تەكەممۇللىشىدۇ. لېكىن جۈملە شەكىللىرىنىڭ تەرەققىياتى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىنىڭ جۈملە تۈزۈلۈشىمۇ جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، زور دەرىجىدە تەرەققى قىلدى، بېيىدى ۋە تەكەممۇللاشتى. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى جۈملە شەكىللىرى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى جۈملە شەكىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، بۇ خىل تەرەققىياتنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز.

1. قەدىمقى ئاددى جۈملىلەر بىلەن ھازىرقى بىر قىسىم ئاددى جۈملىلەر شەكىل جەھەتتىن ئوخشاش ياكى ئاساسەن ئوخشاش، لېكىن ھازىر بەزى جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىدە مەلۇم ئۆزگىرىش بولدى، بولۇپمۇ يېيىق ئاددى جۈملىلەرنىڭ مۇرەككەپ

شەكىللىرى يېقىنقى دەۋرلەردىن بۇيان بىر قەدەر كۆپەيدى. مەسىلەن:

ئوت ئۆندى، ئوق ئاتىلدى، بوز توقۇلىدى، بەگ قۇشلادى دېگەنگە ئوخشاش جۈملىلەر ھازىرمۇ شۇ شەكىلدە قوللىنىلماقتا. قۇش قاناتىن ئەر ئاتىن (قۇش قانىتى بىلەن، ئەر ئېتى بىلەن)، كىشى ئالاسى ئىچتىن، يىلقى ئالاسى تاشتىن (ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە، ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا)، ئول مەندىن يارماقىن ئالىندى (ئۇ مەندىن پۇلىنى ئوزى ئالدى). يىراق يەر سارىن ئارقىش كەلدۈرۈر (يىراق يەرنىڭ خەۋىرىنى كارۋان كەلتۈرىدۇ). («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك»تىن).

ھازىر، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ يېيىق ئاددى جۈملە شەكىللىرىنىڭ بېيىغانلىقى، تەكەممۇللاشقانلىقى جۈملە تەرەققىياتىدىكى گەۋدىلىك ھادىسىلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

كەڭ يايلاقتا بەئەينى كوكتىكى ئاپپاق بۇلۇتتەك يېيىلىپ چايقىلىۋاتقان قوي پادىلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنىشىپ تاراسلاپ چېپىشلىرى، رەت - رەت سالا ئېتىزلاردا تىراكتورلارنىڭ مەيۋەت گۈلدۈرلەشلىرى، گۇڭشېنىڭ تاناپتەك تۈپ - تۈز يوللىرىدا يېزىغا سانائەت بۇيۇملىرى ۋە خىمىيە ئوغۇتى ئېلىپ كېلىۋاتقان، شەھەرگە ئاشلىق ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بېسىپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللارنىڭ سىگنال ئاۋازلىرى، قىزىل بايراق لەپىلدەپ تۇرغان ئېتىزلاردا ئىشلەۋاتقان، كېۋەزلىكتە پاختا تېرىۋاتقان ھەر مىللەت گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ شات - خۇرام ناخشا ئاۋازلىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش بويىچە قوزغالغان يېڭى دولقۇننىڭ قايناق مەنزىرىسىنى كورسىتىپ تۇراتتى. (بەختى روزى)

بۇ مىسال تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ يېيىق ئاددى جۈملە شەكىللىرىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات مەنزىرىسىنى كورسىتىپ بېرىدۇ.

2. قەدىمدە تەگداش مۇرەككەپ جۈملىلەر خېلى كوپ، بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىلەر ناھايىتى ئاز ياكى يوق دېيەرلىك

ئىدى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە-لەر تېخىمۇ كۆپەيدى ۋە بىر قىسىم بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە-لەر بارلىققا كەلدى. يېقىنقى بىرقانچە ئون يىل ئىچىدە، بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن كېيىن، ئۇيغۇر تىلىدا مۇرەككەپ جۈملىنىڭ خىلمۇ - خىل شەكىللىرى بارلىققا كەلدى ۋە بېيىدى. مەسىلەن:

بىلىكنى بەدۈق بىل ئۇقۇرۇق ئۇلۇغ
(بىلىمنى ئەلا بىل، ئوقۇمىلىق بولۇش ئۇلۇغ)،
بۇ ئىككى بەدۈدۈر ئۇدۇرمىش قۇلۇغ
(بۇ ئىككى خۇسۇسىيەت ئادەمنىڭ ئابرويىنى ئۆستۈردۇ).
(«قۇتادغۇ بىلىك»تىن)

بىلىگە ئەرىگ ئەزگۇ تۇتۇپ سوزىن ئىشت
(بىلىملىك كىشىنى قەدىرلەپ سۆزىنى ئىشت).
ئەردەمنى ئۇگرەنىبان ئىشقا سورە
(پەزىلەتنى ئۆگىنىۋېلىپ ئىشقا ئاشۇر).
(«دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك» تىن)

ئەردى غايەت رەيىغ شەھرى كىتىك
تۇرۇبان قەلئەسى پەلەككە يىتىك
(كىتىك شەھرى ناھايىتى ئېگىز ئىدى،
سېپىلى ئاسمانغا يېتىپ تۇراتتى)،

كىتىك شەھرى قۇم ئاستىدا قالغاندىن كېيىن قۇم ئاپتىدىن ئامان قالغان خالايىق كوچۇپ يۇرۇپ ئاقسۇ ئاي كولگە كەلدى.
(موللا مۇھەممەت تومۇر قارا قاشنىڭ «تەزكىرەئى راشات» دىگەن ئەسىرىدىن).

يۇقۇرقى مىساللار تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە شەكىللىرىنىڭ ناھايىتى قەدىمىي ئىكەنلىكىنى، كىشىلەر ئوزىنىڭ مۇرەككەپ ئوي - پىكىرلىرىنى مۇناسىۋەتلىك ئاددى جۈملىلەرنى تەڭ دەرىجىدە باغلاش (بىرىكتۈرۈش) ئارقىلىق ئىپادىلىگەنلىكىنى كورسىتىپ بېرىدۇ. بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە (ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا) تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەر تېخىمۇ تەكەممۇللاشتى

ۋە خىلمۇ - خىل شەكىللەر بىلەن بېيىدى. بولۇپمۇ بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ خىلمۇ - خىل شەكىللىرى بارلىققا كېلىپ، مۇرەككەپ ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلەشتە ئاساسلىق جۈملە شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.

3. جۈملىدە سۆزلەرنىڭ بىرىكىش يوللىرى ۋە جۈملىدە سۆزلەرنى، جۈملىلەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىللار جەھەتتىكى تەرەققىياتمۇ كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولدى. مەسىلەن قەدىمدە جۈملىدىكى سۆزلەر كۆپرەك تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە كېلىپ، گىرامماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدىغان ئاز ساندىكى مورفولوگىك شەكىللەر ۋە بىر قىسىم باغلىغۇچىلار ھەم ئىنتوناتسىيە ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىناتتى. ھازىر جۈملىدىكى سۆزلەر ھەم تەڭداشلىق، ھەم بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە كېلىپ، ئۆرغۈنلىغان گىرامماتىكىلىق شەكىل ۋە كۆپلىگەن باغلىغۇچى، ياردەمچى سۆزلەر، ئېغىزدا ئىنتوناتسىيە، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

يۇقۇرقى مىساللاردىن قەدىمقى بىلەن ھازىرقى جۈملە بولەكلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئورۇن تەرتىۋىدە ئانچە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 59 - § جۈملە تۈرلىرى

### 1. جۈملىنىڭ مەنىسىگە قاراپ بۆلۈنۈشى

كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرى، مەقسىدى، چۈشەنچىسى ۋە كۆز قاراشلىرىنى ھەرخىل پوزىتسىيىدە تۇرۇپ، خىلمۇ - خىل جۈملە شەكىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

بۇ يىل دېخانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى. بۇ يىل دېخانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندىمۇ؟ بۇ يىل دېخانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنىپتۇ - دە! بۇ يىل دېخانچىلىقتىن مول ھوسۇل

كېلىڭلار!
يۇقۇرقى جۈملىلەردە بىرلا مەزمۇن ھەرخىل كـۆز قـاراش ۋە پوزىتسىيىدە ئىپادىلەنگەن.
ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى قەيەردىن كېلىدۇ؟ يولداش لېي فېڭدىن ئۆگىنىڭلار! ئېھ، ۋەتەن! سەن نىمە دىگەن گۈزەل، نىمە دىگەن سۆيۈملۈكسەن! ئادەملەرنىڭ ئىجتىمائى مەۋجۇدىيىتى ئادەملەر-نىڭ ئىدىيىسىنى بەلگىلەيدۇ.
بۇ جۈملىلەردە بولسا، ھەرخىل مەزمۇندىكى ئوي - پىكىر تۈرلۈك كۆز قاراش ۋە پوزىتسىيىدە ئىپادىلەنگەن.
مانا بۇلاردىن شۇنى چۈشىنىش مۇمكىنكى، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئوي - پىكرىنى قانداق كۆز قـاراش ۋە قانـداق پوزىتسـيـدە تۇرۇپ ئىپادىلىشى جۈملە مەزمۇنىنىڭ ھەرخىل بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ.
جۈملە مۇشۇ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، توت تۈرگە بولۇنىدۇ.
1) بايان جۈملە
شەيئى، ئىش - ھەركەت ياكى ھادىسە ھەققىدىكى ئوي - پىكرىنى خەۋەر تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدىغان جۈملە بـايان جۈملە دىيىلىدۇ.
بايان جۈملىلەرنىڭ مەزمۇنى تەركىبىدىكى سوز ۋە سوز بىرىك-مىلىرىنىڭ، بولۇپمۇ خەۋەرنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە باغلىق. شۇڭا بەزىلىرى مەلۇم ئىش - ھەركەتنىڭ بولغان - بولمىغانلىقىنى، بەزىلىرى بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى ۋە بەزىلىرى بولۇۋاتقان ياكى بولمايۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ؛ يەنە بەزىلىرى بولسا، بىرەر نەرسە ۋە ھادىسە ھەققىدىكى تەسۋىرىي پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

تاك بىلەن تەڭ ئويغىنىپ بۈگۈن،
قەلبىمدە ئىسسىق بىر ھوزۇر سەزدىم.
شەھرىم باغرىدا كورۇپ يېڭى تۈس،
كۈلۈپ، زوخلىنىپ كوچىلار كەزدىم.
(ت. ئېلىيوپ)

پاقىرىغانىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن ئەمەس (ماقال). بىلىمسىزلىك قامىراتىلىقتىن يامان (ماقال). پەن - تېخنىكا دېخانچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا زور ياردەم بېرىدۇ.

بايان جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

(1) بايان جۈملە ئېغىزدا خەۋەر ئاھاڭى (ئىنتوناتسىيە) بىلەن ئېيتىلىدۇ، يەنى بايان جۈملە ئادەتتىكى ئاھاڭدا ئېيتىلىپ، ئاخىرى پەسىيىپ توختايدۇ. يېزىقتا بايان جۈملىدىن كېيىن — مەيلى ئاددى جۈملە ياكى مۇرەككەپ جۈملە بولسۇن — چېكىت قويۇلىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، بايان جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى بەزى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئېيتىلىش ئاھاڭى ھەر ۋاقىت بىر قېلىپتا بولۇۋەرمەيدۇ. بولۇپمۇ بايان جۈملە تەركىبىدىكى ئىگە ياكى تولدۇرغۇچىنىڭ ئەتراپىدىكى سۆزلەر قانچە كوپ بولسا، ئۇنداق ئىگە ياكى تولدۇرغۇچى شۇنچە كوپ ئۆزگىرىش ياساپ، كۆتۈرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ - دە، ئاندىن تاۋۇش پەسىيىشكە باشلايدۇ، مەسىلەن: كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى يۈرگۈزۈش — توغرا رەھبەرلىكنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتى دېگەن جۈملىدىكى يۈرگۈزۈش دېگەن ئىگە مۇشۇ جۈملىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىگە قارىغاندا بىر ئاز يۇقىرى ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ.

(2) بايان جۈملە سۆزلىگۈچىنىڭ تىڭشىغۇچىغا بايان قىلماقچى بولغان ئوي - پىكرىنى ئۆزىنىڭ ئىپادىلەش مەزمۇنى قىلىدۇ.

(3) بايان جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى كوپرەك پېئىللارنىڭ خەۋەر رايىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئەگەر خەۋىرى باشقا سۆزلەردىن بولسا، ئۇنداق بايان جۈملىلەر تەسۋىرىي خاراكتېردا بولىدۇ.

2) سوراق جۈملە

بىرەر مەسىلىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدىكى ئوي - پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە سوراق جۈملە دېيىلىدۇ. كىشىلەر باشقىلاردىن جاۋاب كۈتۈش مەقسىتىدە ياكى ئۆزى جاۋاب بېرىش مەقسىتىدە ئېيتقان ئوي - پىكىرلىرىنى ئادەتتە سوراق جۈملىلەر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇنداقتا، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشچىسى، دېخان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن قانداق خىزمەت قىلىدۇ؟ قادىر، سىزگە نېمە بولدى؟ ناھايىتى خاپا كۆرۈنىسىزغۇ؟ ئۇلارمۇ مەجلىسكە قاتنىشىدىغاندۇ؟

ئىككى ئات قوشقان ھارۋىنىڭ
ئالدى چاقى پەسمىكەن؟
جىگدە تۈۋىدىن قويماپسىز،
ئەمگەك قىلماق تەسمىكەن؟
(خەلق قوشىقى)

سوراق جۈملىلەر ئىپادىلىگەن مەزمۇنىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ:

(1) ئوچۇق سوراق جۈملە

بىرەر ئىشنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئەينەن بىلىش (ئېنىق بىلىش) مەقسىتىدە ئېيتىلغان سوراق جۈملە ئوچۇق سوراق جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ھازىرقى ھەركەتنىڭ خۇسۇسىيىتى نېمىدىن ئىبارەت؟ ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى قانداق؟ بۇ ھەركەتكە قانداق يېتەكچىلىك قىلىش لازىم؟

سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەدەبىيات - سەنئەت نېمە ئۈچۈن سىنىپىيلىققا ئىگە بولىدۇ؟ ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ سىنىپىيلىقىنى قانداق تەھلىل قىلىش كېرەك؟ بەدىئىي ئوبراز دېگەن نېمە؟

(2) گۇمان سوراق جۈملە

گۇمانىي مەسىلىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە ئېيتىلغان سوراق جۈملە گۇمانىي سوراق جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار بۈگۈن قايتىپ كېلەرمۇ؟ ئۇلار بىزگە نېمە ھەقتە سۆزلەپ بېرەر؟ ئۇ، كىتاپنى ماڭا بەرمەي كېتىپ قالارمۇ؟

(3) قارشىلىق سوراق جۈملە

سورالغان سوراقتا سوراق شەكلىدىكى جاۋاپنى ئىپادىلەيدىغان

سوراق جۇملە قارشىلىق سوراق جۇملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

(1) — ئوي سالىمىز دەۋاتىمىز، ياغاچنى نەدىن ئالىمىز؟ (ئوچۇق سوراق)

— ئورمانلىقتىن كېسىپ كەلمەيمىزمۇ؟ (قارشىلىق سوراق)

(2) -- سەن ئۇنى نىمە ئۈچۈن تەنقىتلەيسەن؟ (ئوچۇق سوراق)

— ئۇنىڭ خاتالىقى تۇرسا، نىمە ئۈچۈن تەنقىتلىمەيمەن؟ (قارشىلىق سوراق)

(4) ئۈندەش سوراق جۇملە

ھەم سوراق، ھەم ھىس - تۇيغۇ مەزمۇنىدىكى ئوي - پىكرنى ئىپادىلەيدىغان سوراق جۇملە ئۈندەش سوراق جۇملە دېيىلىدۇ.

بۇ خىل سوراق جۇملىلەرگە يېزىقتا سوراق ۋە ئۈندەش بەلگىلىرى تەڭ (بىللە) قويۇلىدۇ، قايسى بەلگىنىڭ ئالدىدا قويۇلۇشى جۇملىدە ئىپادىلەنگەن سوراق مەنىسى بىلەن ھىس - تۇيغۇ مەنىسىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا باغلىق، ئەگەر سوراق مەنىسى كۈچلۈك بولسا، ئالدى بىلەن سوراق بەلگىسى، ئاندىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ؛ ئەگەر ئۈندەش مەنىسى كۈچلۈك بولسا، ئالدى بىلەن ئۈندەش، ئاندىن سوراق بەلگىلىرى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

سۆيگۈ دېڭىز چوڭقۇرلۇغىدا مەن قاينام تۇرسام،
ئۇسسۇزلۇغۇم قانداق قانسۇن ئىچىپ كىچىك كولچەكلەرنى؟!
(ل. مۇتەللىپ)

كۆكچەندائىم بار ئىكەن، بىز ئالتۇن بىلەن
ئوي ياسايمىز، بايلىق دېگەن بىزگە نىمە!؟
(ئا. خوجا)

(5) تەسۋىرىي سوراق جۇملە

باشقىلاردىن جاۋاپ كۈتۈش مەقسىدىدە ئەمەس، بەلكى بىرەر ئىشنى ئۆزى بايان قىلىش مەقسىدىدە ئېيتىلغان سوراق جۇملە تەسۋىرىي سوراق جۇملە دېيىلىدۇ. بۇ خىل سوراق جۇملىلەر بەدىي ئەدەبىياتتا كوپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

تيەنئەنمىندىكى قىزىل بايراقلار
نىچۈن ئۇگمەس، شۇ قەدەر قىزىل؟
تيەنئەنمىندىكى ئارچە قارغايلار.
نىچۈن قىش - ياز تۇرار ياپ - يېشىل؟
تيەنئەنمىندىكى گۈللەر - چېچەكلەر،
نىچۈن توزىماس ياشنار ئەبەدى؟
تيەنئەنمىندىكى مەرمەر تاشلارمۇ
نىچۈن سۈزۈك، شۇ قەدەر ئىسسىل؟
(قېيۇم ئەزىز)

ئومۇمەن، قانداق مەزمۇندىكى سوراق جۈملە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، سوراق جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە:

(1) سوراق جۈملە ئېغىزدا سوراق ئاھاڭى بىلەن ئېيتىلىدۇ، يېزىقتا سوراق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا سوراق بەلگىسى قويۇلىدۇ.

(2) سوراق جۈملە سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزىگە ئېنىق بولمىغان مەسىلىنى ئېنىقلاش مەقسىدىدە ئېيتقان ئوي - پىكرىنى ئىپادىلەشنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى قىلىدۇ.

(3) سوراق جۈملىلەردە، كۆپىنچە، سوراق ئالماشلار ۋە سوراق مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سوز ۋە ئۇلانمىلار بولىدۇ. بۇ خىل ئامىللار سوراق جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

3) ئۈندەش جۈملە

تۈرلۈك ھىسسىياتلىق پىكرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە ئۈندەش جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنىڭ ئوچۇق چىرايىغا، كۈلۈمسىرىشىگە قانچىلىك تەشنا ئىدىم - ھە! مانا ئەمدى يۈرىكىم بۇ تەشنالىقتا قاندى، ئوھ، نىمە دىگەن ئىللىق كۈلۈمسىرەش - بۇ! («شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» دىن)

ئېھ، چۈش كورۈۋاتقاندىمەن، خىيال سۈرۈۋاتقاندىمەن، ياق، بۇنىڭ ھەممىسى ئەمىلىيەت!

كىشىلەرنىڭ ھىسسىياتلىق پىكىرلىرى ھەرخىل بولىدۇ، شۇڭا

ئۇنى ئىپادىلەيدىغان ئۈندەش جۈملىلەرمۇ ھەرخىل بولىدۇ.

(1) بىر قىسىم ئۈندەش جۈملىلەر كىشىلەرنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇنداق ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى، كۆپىنچە، شەرت ۋە خەۋەر رايىدىكى پېئىللاردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

قۇياشتىن نۇرلۇق بېيجىڭغا بارسام!
ئاڭا نۇر بەرگەن قۇياشنى كۆرسەم!

سىز ماڭا بىردەم ياردەم قىلسىڭىز، تازا ياخشى بولاتتى!

(2) بىر قىسىم ئۈندەش جۈملىلەر كىشىلەرنىڭ خۇشال - خۇراملىق، قانائەتلەنگەنلىك ھېس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق ئۈندەش جۈملە تەركىۋىدە، كۆپىنچە، ئۈندەش سۆزلەر بولىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن ئەجەپ ياخشى كۈن بولدى! پاھ - پاھ، تازا كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولدى - دە!

(3) يەنە بىر قىسىم ئۈندەش جۈملىلەر كىشىلەرنىڭ غەزەپلىنىش، خاپا بولۇش، پۇشايمان قىلىشتەك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق ئۈندەش جۈملىلەر تەركىۋىدىمۇ ئۈندەشلەر ۋە يۈكلىمىلەر بولىدۇ. مەسىلەن:

خەپ، سېنىڭ ئەدىۋىڭنى بەرمىسەم! مەن ئۇ يەرگە بارمىغان بولسام ياخشى بولار ئىكەن! يولداشلار، بىزنىڭ بۇ يەر چارۋىچىلىق رايونى، سىياسەتتە ئېنىق بەلگىلەنگەن، ئوتلاقتا بوز يەر ئېچىش چوڭ جىنايەت!

(4) يەنە بىر قىسىم ئۈندەش جۈملىلەر كىشىلەرنىڭ بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى ئىشقا ئەجەپلەنگەنلىك ۋە زوقلانغانلىقتەك ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئەتراپىڭغا قارىغىنا، بۇ يەرلەر نىمە دىگەن گۈزەل بولۇپ كەتكەن! ئىخ، سۈيۈملۈك ۋەتىنىم، سەن نىمە دىگەن گۈزەل، نىمە دىگەن يېقىملىقسەن!

ئومۇمەن، قانداق مەزمۇندىكى ئۈندەش جۈملە بولسۇن، ئۇلار تۆۋەندىكىدەك ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە:

(1) ئۈندەش جۈملە ئېغىزدا ئۈندەش ئاھاڭغا ئىگە، ئۈندەش ئاھاڭى دىگىنىمىز — پۈتۈن جۈملىنىڭ ياكى ئۈندەش مەنىسىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ۋە باشقا ئامىلىنىڭ كۈچلۈك ۋە كۆتىرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىشى. شۇڭا بەزى بايان ۋە سوراق جۈملىلەر ئۈندەش ئاھاڭى بىلەن ئېيتىلسا، ئۈندەش جۈملىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. يېزىقتا ئۈندەش جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ.

(2) ئۈندەش جۈملىلەر كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ھېس تۇيغۇسىنى ئىپادىلەشنى ئۆزىنىڭ مەزمۇنى قىلىدۇ.

(3) ئۈندەش جۈملىلەر ئادەتتە، ھېس - تۇيغۇ ئۈندەشلىرى ۋە باشقا ھېس - تۇيغۇنى ئىپادىلەيدىغان سۆز ۋە يۈكلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا تۈزۈلىدۇ.

4) بۇيرۇق جۈملە

كىشىلەرنىڭ بۇيرۇق، ئۆتۈنۈش، تىلەك، مەسلىھەت، شوئار، چاقىرىق، ئۈمىت مەزمۇنىدىكى پىكىرلىرىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە بۇيرۇق جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بىرىپ ئېيتقىن سەبا خەلقىمگە، غەپلەت ئۇيقۇدىن تۇرسۇن!
جاھان خەلقىگە ئوخشاش ھۆررىيەتلىكتىن بازار قۇرسۇن!
(نىمشېھىت)

دوستۇم ساڭا ئېيتىدىغان گېپىم بار، بۈگۈن كەچتە بىزنىڭكىگە بىر كەلگىنە! ئۆزىڭىز بىرىپ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ باقسىڭىز! ئىتتىپاقلىشىپ، يېڭى ئۇزۇن سەپەردە يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەيلى! غالىپ ماركسىزىم، لېنىنىزىم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ياشىسۇن!

بۇيرۇق جۈملىلەر، ئاساسەن، تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى بىرئاز كۈچلۈك ۋە كۆتىرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلسا، بەزىلىرى پەسرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ،

يەنى بۇيرۇق، شوئار، چاقىرىق مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر ناھايىتى كۈچلۈك ۋە كوتىرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ، ئۆتۈنۈش، تىلەك، مەسلىھەت مەنىسىدىكى بۇيرۇق جۈملىلەر پەسرەك ئاھاڭدا ئېيتىلىدۇ. شۇڭا يېزىقتا كۈچلۈك ۋە كوتىرەڭگۈ ئاھاڭدا ئېيتىلغان بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا ئۈندەش بەلگىسى، كۈچسىز ۋە پەسرەك ئېيتىلغان بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ.

(2) بۇيرۇق جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى، كۆپىنچە، بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللاردىن تەركىب تاپىدۇ.

ئومۇمەن، جۈملىنىڭ قانداق مەزمۇندىكى جۈملە بولۇشى كىشىلەرنىڭ ئۆز پىكرىنى قانداق مەزمۇندا بايان قىلىشىغا باغلىق. شۇڭا جۈملە ھەمىشە بىر خىل مەزمۇندا بولۇۋەرمەيدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئۆز پىكرىنى قانداق مەزمۇندا ئىپادىلىشىگە قاراپ، بىر جۈملە مەلۇم ئەھۋالدا بايان جۈملە بولسا، يەنە مەلۇم ئەھۋالدا ئۈندەش ياكى سوراق جۈملە بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭدەك مەلۇم جۈملە ھەم خەۋەر، ھەم ئۈندەش مەنىسىنى ياكى ھەم سوراق، ھەم ئۈندەش مەنىسىنى ئىپادىلەپ كېلىشىمۇ مۇمكىن.

## 2. جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىگە قاراپ بۆلۈنۈشى

جۈملىلەرنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنى ھەر خىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۈزۈلۈش شەكلىمۇ ھەرخىل. سىنتاكسىسنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى جۈملىنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئورتاق قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت. جۈملە تۈزۈلۈش جەھەتتە ئورتاق قائىدە - قانۇنىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ، يەنى بىر قىسىم جۈملىلەر سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلۈپ، يەككە ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسا، يەنە بىر قىسىم جۈملىلەر يەككە جۈملىلەرنىڭ ئۆز ئارا مەلۇم سىنتاكسىس

لىق قائىدە بويىچە بىر تەكشىدىن تۈزۈلۈپ، قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئورتاق ئالاھىدىلىككە ئىگە. مانا مۇشۇنداق ئور- تاق ئالاھىدىلىككە ئاساسەن، جۈملىلەر تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاددى جۈملە ۋە مۇرەككەپ جۈملە دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. شۇڭا سىنتاكسىسمۇ ئاددى جۈملە سىنتاكسىسى، مۇرەككەپ جۈملە سىنتاكسىسى دەپ ئىككى چوڭ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

# ئون ئالتىنچى باپ ئاددى جۈملە سىنتاكسىسى

## § - 60 ئاددى جۈملە ۋە ئۇنىڭ رولى

تولۇق ئاياقلاشقان يەككە ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە ئاددى جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ئوق يەتمىگەن يەرگە قىلىچ شىلتىما (ماقال). ھورۇن ئادەم يەرگىمۇ ئېغىر يۈك (ماقال).

ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى ئىجتىمائى رىيالىقنىڭ تىپىك شارائىتىكى تىپىك قەھرىمانلىرىنى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، دۈشمەننى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ.

(«شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى»دىن)

يۇقۇرقى جۈملىلەر مەيلى قىسقا ياكى ئۇزۇن بولسۇن، ھەممىسى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن، يەككە ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان ئاددى جۈملىلەردىن ئىبارەت.

شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، بەزىدە بىر سۆزنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئاددى جۈملە بولۇپ كېلىشى مۇمكىن. بۇنداق ئەھۋال بەدىئى ئەسەرلەردە كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنداق جۈملىنىڭ ئاياقلاشقان يەككە ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىشى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا ئاددى جۈملىلەر ئىپادىلىگەن ئوي - پىكىرنىڭ مەزمۇنىغا باغلىق. مەسىلەن: ئەتىياز، سىم - سىم يامغۇر توختىماي ياغماقتا دېگەن مىسالدىكى ئەتىياز دېگەن سۆزنىڭ بىر ئوي - پىكىرنى (ئەتىياز ۋاقتى ئىدى) ئىپادىلەيدىغان ئاددى جۈملە ئىكەنلىكى ئۇنىڭ

ئاخىرىدىكى جۈملە بىلەن بولغان مەزمۇن ۋە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئاددىي جۈملە ئۇتتۇرىنىڭ بىر پۈتۈن ئەڭ كىچىك تەركىۋىي قىسمى بولۇپ، ئوبيېكتىپ رىياللىقنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى بولغان پىكىر شەكىللىرىنى ئاددىي ۋە چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش بىلەن، كىشىلەرنىڭ بىر بىرىنى چۈشىنىشىدە، پىكىر ئالماشتۇرۇشىدا ۋە ئۆزئارا ئالاقە باغلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئاددىي جۈملە سىنتاكسىسى جۈملىدە سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى، جۈملە بۆلەكلىرى ۋە ئۇنىڭ ئورۇن تەرتىۋى، ئاددىي جۈملە تۈرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكلىرى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىدۇ.

## § - 61 جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا بىرىكىش يوللىرى

جۈملىدە سۆزلەر مەلۇم سىنتاكسىسلىق قائىدە - قانۇنىيەت بويىچە ئۆزئارا بىرىكىپ كېلىدۇ. شۇڭا جۈملىدە سۆزلەرنىڭ بىرىكىش يوللىرى ۋە ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىش ئاددىي جۈملە سىنتاكسىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### 1. جۈملىدە سۆزلەرنىڭ باغلىنىشى

جۈملىدە سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ:

(1) جۈملىدىكى سۆزلەر بىر بىرىگە بېقىنغان ھالدا قاتار باغلىنىپ كېلىدۇ. بۇ خىل باغلىنىش سۆزلەرنىڭ دەرىجىلىك باغلىنىشى دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ھازىرغىچە ٴوتكەن ھەممە جەمئىيەت تارىخى — سىنىپىي كۆرەش تارىخى. («كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دىن)

بۇ جۈملىدىكى ھازىرغىچە سۆزى ٴوتكەن دىگەن سۆزگە، ٴوتكەن سۆزى ھەممە سۆزىگە، ھەممە سۆزى جەمئىيەت سۆزىگە، جەمئىيەت سۆزى تارىخى دىگەن سۆزگە، سىنىپىي سۆزى كۆرەش سۆزىگە، كۆرەش سۆزى تارىخى سۆزىگە بىقىنىپ قاتار باغلىنىپ كەلگەن. بۇنداق باغلىنىش دەرىجىلىك باغلىنىش بولىدۇ.

(2) جۈملىدە بىرقانچە بىقىنغۇچى سۆز بىر بىقىندۇرغۇچى سۆزگە ٴورتاق باغلىنىپ كېلىدۇ، بۇ خىل باغلىنىش بىرقانچە بىقىنغۇچىنىڭ بىر بىقىندۇرغۇچىغا ٴورتاق باغلىنىشى دىيىلىدۇ. بۇ خىل باغلىنىشتا بىقىنغۇچى سۆز بەزىدە بىر خىل گىرامماتىكىلىق شەكىلدە، بەزىدە ھەر خىل گىرامماتىكىلىق شەكىلدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

يېڭى دەۋر، يېڭى ئامما ۋە يېڭى تۇرمۇشنى ئىپادىلەش ٴۈچۈن يېڭى ئىجادىيەت پىرىنسىپىنى، يېڭى ئىجادىيەت ٴۇسۇلىنى قوللانماي مۇمكىن ئەمەس.

بۇ جۈملىدىكى يېڭى دەۋر، يېڭى ئامما، يېڭى تۇرمۇشنى دىگەن بىقىنغۇچى سۆزلەر بىر خىل شەكىلدە كېلىپ، ئىپادىلەش ٴۈچۈن دىگەن بىقىندۇرغۇچى سۆزگە ٴورتاق باغلىنىپ كەلگەن، يېڭى ئىجادىيەت پىرىنسىپىنى، يېڭى ئىجادىيەت ٴۇسۇلىنى دىگەن بىقىنغۇچى سۆز بىرىكمىلىرى بىر خىل شەكىلدە كېلىپ، قوللانماي مۇمكىن ئەمەس دىگەن بىقىندۇرغۇچى بىرىكمىگە ٴورتاق باغلىنىپ كەلگەن.

بىز تۈنۈگۈن تىياتىرغا ئاپتوۋۇز بىلەن باردۇق دىگەن جۈملىدىكى تۈنۈگۈن، تىياتىرغا، ئاپتوۋۇز بىلەن دىگەن بىقىنغۇچى سۆزلەر ھەر خىل شەكىلدە كېلىپ، باردۇق دىگەن بىقىندۇرغۇچى سۆزگە ٴورتاق باغلىنىپ كەلگەن.

(3) جۈملىدە بىر بىقىنغۇچى سۆز بىرنەچچە بىقىندۇرغۇچى سۆزگە ٴورتاق باغلىنىپ كېلىدۇ. بۇ خىل باغلىنىش بىر بىقىن

ئۇچىنىڭ بىرىنەچچە بېقىندۇرغۇچىغا ئورتاق باغلىنىشى دېيىلىدۇ.
مەسىلەن:
مەملىكىتىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئۇچقاندەك تەرەققى قىلماقتا.
بۇ جۈملىدىكى مەملىكىتىمىزنىڭ دېگەن بېقىنغۇچى سۆز سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى دېگەن ئىككى بېقىندۇرغۇچى بىرىكمىگە ئورتاق باغلىنىپ كەلگەن.
ئۈرۈمچىدىكى ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى قىزغىن ئېلىپ بېرىلماقتا دېگەن جۈملىدىكى ئۈرۈمچىدىكى دېگەن بېقىنغۇچى سۆز ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە دېگەن ئۈچ بېقىندۇرغۇچىغا ئورتاق باغلىنىپ كەلگەن.

## 2. جۈملىدە سۆزلەرنى باغلايدىغان سىنتاكسىلىق ئامىللار

جۈملىدە سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلاپ كېلىدىغان سىنتاكسىلىق ئامىل تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:
(1) سۆز تۈرلىگۈچى ھەر خىل قوشۇمچىلار جۈملىدە سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان سىنتاكسىلىق ئامىل بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
لۇشۈن ئەپەندى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى كەسكىن كۈرەش قىزغىن جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزدى.
بۇ جۈملىدىكى ئى، نىڭ، نى، لار، دا، دى قاتارلىق سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلار مۇشۇ جۈملىدىكى سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان سىنتاكسىلىق ئامىل بولۇپ كەلگەن.
(2) ياردەمچى سۆزلەر جۈملىدە سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان سىنتاكسىلىق ئامىل بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
ئۇلارنىڭ دەردىنى چىقىرىۋېلىش ۋاستىسى: ئۆزلىرىنىڭ

ھوكۇمرانلىرىنى قاغايدىغان قوشاقلارنى ئېيتىش ۋە ئۇلارغا ئانچە-مۇنچە ۋەھشىلىك سۆزلەر بىلەن غوكشۇپ قويۇش بولىدى.
(«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دىن)

بۇ جۇملىدىكى ۋە، بىلەن قاتارلىق ياردەمچى سۆزلەر سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان سىنتاكسىسلىق ئاملدىن ئىبارەت.

(3) جۇملىدە سۆزلەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋىمۇ سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلاپ كېلىدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىللارنىڭ بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. مەسىلەن:

بۈگۈن ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولۇپ كەتتى.

بۇ جۇملىدىكى سۆزلەر ئورۇن تەرتىۋى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن.

(4) جۇملىدە سۆزلەر جانلىق تىلدا ئىنتۇناتسىيە، ئۇرغۇ ئارقىلىق، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. شۇڭا ئىنتۇناتسىيە، ئۇرغۇ ۋە تىنىش بەلگىلىرى قاتارلىقلارمۇ جۇملىدە سۆزلەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىل بولۇپ ھىساپلىنىدۇ.

يۇقۇرقى سىنتاكسىسلىق ئامىللار جۇملە تەركىۋىدىكى سۆزلەرنى باغلاشتا ھەممىسى بىردەك قوللىنىلىشىمۇ ياكى ئايرىملىرى قوللىنىلىپ، ئايرىملىرى قوللىنىلماسلىقىمۇ مۇمكىن. بۇنى شۇ جۇملىنىڭ مەزمۇنى ۋە كونكرېت تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى بەلگىلەيدۇ.

### 3. جۇملىدە سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتى

جۇملىدە، سۆزلەر ئۆزئارا ھەر خىل مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ. بۇ خىل مۇناسىۋەت جۇملىدە سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى دېيىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا جۇملىدىكى سۆزلەر 4 خىل مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ:

(1) كېلىشىش (ماسلىشىش) مۇناسىۋىتى

جۇملىدە بىر سۆز بىلەن يەنە بىر سۆزنىڭ سان ۋە شەخس جەھەتتە ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىشى كېلىشىش مۇناسىۋىتى دېيىلىدۇ. بۇ خىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت كۆپرەك جۇملىنىڭ خەۋىرى بىلەن ئىگىسى ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ. مەسىلەن:

مەن شۇ كۈنلەردە ئومچىلار بىلەن بىللە بولدۇم. سىز بۈگۈنكى ئىلمىي دوكلاتىنى ناھايىتى ئوبدان سۆزلىدىڭىز.

شۇ نىيەتتە، شۇ كۈرەشتە ئالتە يىلغا قەدەم باستۇق،
كۈرەش قىلىپ غالىبىيەت مەنزىلىگە يېقىنلاشتۇق.
چىدامىلىق روھ، غەيرەت بىلەن، ئوتتۇنلۇقتىن يىراقلاشتۇق،
چوقۇم يېڭىپ چىقىش ئۈچۈن بىزدە قاتتىق ئىشەنچ بار.
(نىمشېھىت)

يۇقۇرقى مىساللاردىكى مەن دېگەن ئىگە بىلەن بىللە بولدۇم دېگەن خەۋەر 1 - شەخس بىرلىكتە، سىز دېگەن ئىگە بىلەن سۆزلىدىڭىز دېگەن خەۋەر 2 - شەخس بىرلىك سىپايە شەكىلدە، قەدەم باستۇق، يېقىنلاشتۇق، يىراقلاشتۇق دېگەن خەۋەرلەر بىلەن بۇ جۇملىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئىگىسى بولغان بىز دېگەن ئالماش 1 - شەخس كۆپلۈكتە ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن.

(2) چىرمىشىش مۇناسىۋىتى

جۇملىدە تەۋەلىكۈچى سۆز بىلەن تەۋەلەنگۈچى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت چىرمىشىش مۇناسىۋىتى دېيىلىدۇ. بۇ خىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە تەۋەلىكۈچى سۆز ئىگىلىك كېلىشتە، تەۋەلەنگۈچى سۆز شەخس قوشۇمچىلىرىدا كېلىپ ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. مەسىلەن:

شۇ لۇشيەن ھاياتىمىز، ھۆر - بەختىمىزنىڭ كېپىلى،
يولىمىزغا نۇر تاراتقان ئىنقىلاپنىڭ گوھىرى.
بىھېساپ قانلارنى تۆكۈپ، بىز ئېرىشكەن ئاخىرى،
نەچچە ئون يىللىق كۈرەش مۇۋەسسىنىڭ جەۋھىرى.
(سۇلتان ماخمۇت)

ئەسەرنىڭ پۇت تىرەپ تۇرالىشى ياكى تۇرالماسلىقى، ۋاقىت
سىنىقىدىن ئۆتۈش- ئۆتەلمەسلىكىنىڭ ھالقىسى، يۇقۇرىدا ئېيتىپ
ئۆتكىنىمىزدەك، تەكرار تەكشۈرۈش، تەكرار ئۆزگەرتىشتە. («شىن
جاڭ ئەدەبىيات- سەنئىتى»دىن)

يۇقۇرقى مىساللاردىكى ھاياتىمىز، ھور- بەختىمىزنىڭ دىگەن
تەۋەلىكۈچى سۆزلەر كېپىلى دىگەن تەۋەلەنگۈچى سۆز بىلەن،
ئىنقىلاپنىڭ دىگەن تەۋەلىكۈچى سۆز گوھىرى دىگەن تەۋەلەنگۈ-
چى سۆز بىلەن، كۆرەش مۇۋەسسىنىڭ دىگەن تەۋەلىكۈچى سۆز
جەۋھىرى دىگەن تەۋەلەنگۈچى سۆز بىلەن، ئەسەرنىڭ دىگەن تە-
ۋەلىكۈچى سۆز پۇت تىرەپ تۇرالىشى ياكى تۇرالماسلىقى دىگەن
تەۋەلەنگۈچى سۆزلەر بىلەن، ۋاقىت سىنىقىدىن ئۆتۈش- ئۆتەل-
مەسلىكىنىڭ دىگەن تەۋەلىكۈچى سۆزلەر ھالقىسى دىگەن تەۋە-
لەنگۈچى سۆز بىلەن چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدە باغلىنىپ كەلگەن.

3) باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى

جۈملىدە بېقىندۇرغۇچى سۆز ئىگىلىك كېلىشتىن باشقا كىشلەر-
دە (يۆنۈلۈش، چۈشۈم، چىقىش، ئورۇن- ۋاقىت كېلىشلەردە) كەل-
گەن سۆزلەرنى ياكى مۇشۇ كېلىشلەر رولىدا كەلگەن ياردەمچى سۆزلەر
بىلەن كەلگەن سۆزلەرنى باشقۇرۇپ كېلىدۇ. بۇ خىل سىنتاكسىس-
لىق مۇناسىۋەت (باشقۇرۇش ۋە باشقۇرۇلۇش) باشقۇرۇش مۇناسىۋىتى
دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر ئۆمۈر يارىڭ بولاي مەن، ھەمنەپەس بولساڭ ماڭا،
ئەل ئۈچۈن تۆككەندە تەر ھەمدەم بولۇپ تۇرساڭ ماڭا.
كەشپىيات ئىشقىغا مەن پاتسام ئەگەر مەجنۇن بولۇپ،
سەن ۋاپادار لەيلىدەك، ئايدەك چىراي ئاچساڭ ماڭا.
مەن گويا پەرھات بولۇپ تىلغاندا تاغلار كوكسىنى،
سەن شۇ چاغ شىرىن بولۇپ، خۇش بۇي شاراپ تۇتساڭ ماڭا.
(باۋۇدۇن مىياز)

يۇقۇرقى مىساللاردىكى ھەمنەپەس بولساڭ، ھەمدەم بولۇپ
تۇرساڭ، چىراي ئاچساڭ، شاراپ تۇتساڭ دىگەن سۆزلەر ماڭا

سوزنى، پاتسام سوزى كەشپيات ئشقىغا سوزنى، توكگەندە تەر سوزى ئەل ئۇچۇن دىگەن سوزنى، تەلغاندا سوزى تاغلار كوكسىنى دىگەن سوزلەرنى باشقۇرۇپ، باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن.

4) ياندىشىش مۇناسىۋىتى

جۈملىدە بېقىنغۇچى سوز سىنتاكسىسلىق باغلىغۇچىلارسىز بېقىندۇرغۇچى سوزگە ياندىشىپ باغلىنىپ كېلىدۇ. بۇ خىل سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەت ياندىشىش مۇناسىۋىتى دىيىلىدۇ. مۇنداق مۇناسىۋەتتىكى سوزلەر بىر بىرى بىلەن ئورۇن تەرتىۋى ئارقىلىقلا سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. مەسىلەن:

چەكسىز چوڭقۇر مەنە بار بۇ نۇرانە سۇرەتتە،
ماۋ جۇشى ھەم خۇا جۇشى ئەنە قىزغىن سوھبەتتە.
ئەنە: "سىز ئىش باشقۇرسىڭىز مەن خاتىرجەم بولىمەن"—
دىگەن نۇرلۇق ئالتە خەت يېزىلغان شۇ سائەتتە.
(تېيىپجان ئېلىيوپ)

بۇ مىسالدىكى چەكسىز، چوڭقۇر دىگەن سوزلەر مەنە دىگەن سوز بىلەن، بۇ نۇرانە دىگەن سوز سۇرەتتە دىگەن سوز بىلەن، ئەنە قىزغىن دىگەن سوز سوھبەتتە دىگەن سوز بىلەن، نۇرلۇق ئالتە دىگەن سوز خەت دىگەن سوز بىلەن ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە باغلىنىپ كەلگەن.

جۈملىدە سوزلەرنىڭ يۇقۇرقىدەك 4 خىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى بەزى جۈملىلەردە ھەممىسى بىردەك كېلىشىمۇ، بەزى جۈملىلەردە ئايرىملىرى كېلىشىمۇ مۇمكىن، بۇمۇ جۈملىنىڭ مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە باغلىق.

## § -62 سىنتاكسىسلىق سوز بىرىكمىلىرى

سوزلەر يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن سىنتاكسىسلىق قائىدە-قانۇنىيەتلەر بويىچە ئۆزئارا بىرىكىپ، سوز بىرىكمىلىرىنى ھاسىل قى-

لىدۇ. سوز بىرىكمىلىرى مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىكى تۇراقلىق ياكى تۇراقسىزلىقىغا قاراپ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: تۇراقلىق سوز بىرىكمىسى (فرازېولوگىك بىرىكمە)، تۇراقسىز سوز بىرىكمىسى (سىنتاكسىسلىق بىرىكمە).

تۇراقلىق سوز بىرىكمىلىرى لېكسىكولوگىيىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى، بۇ ھەقتە، لېكسىكولوگىيىدە قىسقىچە توختالغان ئىدۇق. بۇ پاراگرافتا تۇراقسىز سوز بىرىكمىلىرى ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەم تۈرلىرى ھەققىدە توختىلىمىز.

مەلۇم سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەن ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سوزلەرنىڭ ۋاقىتلىق بىرىكمىسى تۇراقسىز سوز بىرىكمىسى دېيىلىدۇ. تۇراقسىز سوز بىرىكمىسى تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

١. تۇراقسىز سوز بىرىكمىسى لېكسىكا ۋە گراممانىكىلىق مەنىلىرى ئېنىق ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سوزنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە بېقىنىپ كېلىش ئاساسىدا تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش، ئىشلەپچىقىرىش پىلانى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى.

٢. تۇراقسىز سوز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىدىكى سوزلەر تاۋۇش جەھەتتە فونېتىك ئۆزگىرىش قىلمايدۇ؛ ھەر بىر سوز ئۆز ئۇرغۇسىنى ساقلاپ قالغان بولىدۇ، ئاخىرقى سوزنىڭ ئۇرغۇسى باشقا سوزلەرنىڭ ئۇرغۇسىغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك ئېيتىلىدۇ.

مەسىلەن:

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، سىياسى-قانۇن ئورۇنلىرى.

3. تۇراقسىز سوز بىرىكمىسىنىڭ تەركىۋىدىكى سوزلەر ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى يوقىتىپ، يېڭى بىر لېكسىكىلىق مەنە ئىپادىلىمەيدۇ، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ لېكسىكىلىق مەنىلىرىنى ساقلاپ قالغان ھالدا ئومۇمىي مەنە ئىپادىلەيدۇ.

4. تۇراقسىز سوز بىرىكمىلىرى ئايرىم تۇرغاندا خۇددى يەككە سوزلەرنىڭ ئادەتتىكى تىزمىسىدەك تۇرىدۇ، جۈملىدە بىر

سوزگە ئوخشاش رول ئويناپ، جۈملىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، دۈشمەننى يوقىتىش رولىنى ئوينىشى لازىم.
بۇ جۈملىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرى دېگەن بىرىكمە ئىگە، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، خەلقنى تەربىيىلەش، دۈشمەنگە زەربە بېرىش، دۈشمەننى يوقىتىش دېگەن سوز بىرىكمىلىرى ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كېلىپ، مۇشۇ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىق رول ئوينىغان.
تۇراقسىز سوز بىرىكمىلىرى تەركىۋىدىكى بېقىندۇرغۇچى سوزنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ، ئىسىم خاراكتېرلىق سوز بىرىكمىسى، پېئىل خاراكتېرلىق سوز بىرىكمىسى دەپ ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ.

## 1. ئىسىم خاراكتېرلىق سوز بىرىكمىسى

بېقىندۇرغۇچى سوزلىرى ئىسىم خاراكتېرلىق سوزلەردىن (ئىسىم سۈپەت، سان، ئالماش قاتارلىق سوز تۈركۈملىرىگە خاس سوزلەر دىن) تەركىب تاپقان تۇراقسىز سوز بىرىكمىلىرى ئىسىم خاراكتېرلىق سوز بىرىكمىسى دېيىلىدۇ.
ئىسىم خاراكتېرلىق سوز بىرىكمىسىنىڭ بېقىنغۇچى سوزلىرىمۇ، كۆپىنچە، ئىسىم خاراكتېرلىق سوزلەردىن تەركىب تاپىدۇ؛ شۇنىڭ دەك بۇ خىل تۇراقسىز سوز بىرىكمىسىنىڭ تەركىۋىدىكى سوزلەر ھەر خىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ. مەسىلەن:
سانائەتتە تەرەققىي قىلغان مەملىكەت، پۇرولېتارىياتلىق قىزغىن ھىسسىيات دېگەن سوز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىدىكى سوزلەر ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە، تۇرمۇش دەرسلىكى، ھەركەت قانۇنىيىتى، ئىجتىمائى مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى دېگەن سوز بىرىكمىلىرى دىكى سوزلەر چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدە، ئوزىگە خاس ئالاھىدىلى

كى دىگەن سوز بىرىكمىسىدىكى سوزلەر باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە باغلىنىپ كەلگەن.

## 2. پېىل خاراكتىرلىق سوز بىرىكمىسى

بېقىندۇرغۇچى سوزى پېىللاردىن تەركىپ تاپقان تۇراقسىز سوز بىرىكمىسى پېىل خاراكتىرلىق سوز بىرىكمىسى دىيىلىدۇ.

پېىللار تۇراقسىز سوز بىرىكمىسىنى تەشكىل قىلىشتا ناھايىتى ئۇنۇملۇك رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن، پېىل خاراكتىرلىق سوز بىرىكمىسى كوپ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل سوز بىرىكمىسىنىڭ تەركىۋىدىكى سوزلەر، ئاساسەن، ياندىشىش ۋە باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

بارلىق ئامىللاردىن تەركىپ تاپقان، كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق دىگەن سوز بىرىكمىلىرىدىكى سوزلەر باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە، ئالدىرىماي سوزلەش، ئۇزئارا چەمبەرچەس باغلانغان دىگەن سوز بىرىكمىلىرىدىكى سوزلەر ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە ئۇزئارا باغلىنىپ كەلگەن.

# ئون يەتتىنچى باپ جۇملە بولەكلىرى

## 63-§ جۇملە بولەكلىرى ھەققىدە چۇشەنچە

ئاددى جۇملىلەرنىڭ تەركىۋى تۈزۈلۈشى قىسقا بولۇشىمۇ ياكى ئۇزۇن بولۇشىمۇ مۇمكىن، مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئاددى جۇملىنى شەكىللەندۈرۈشتە قۇرۇلۇش ماتىرىياللىق رول ئوينايدىغان سوز ۋە سوز بىرىكمىسى شۇ ئاددى جۇملىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىدۇ.

ئاددى جۇملىدىكى بەزى سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرى جۇملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنىڭ كىم ۋە نىمىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى، بەزى سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرى جۇملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى، بەزى سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرى جۇملىدە بايان قىلىنغان ئىش - ھەركەتنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئوبيېكتىنى، بەزى سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرى جۇملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە مۇناسىۋەتلىك شەيئى ۋە ھادىسىنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى، يەنە بەزى سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرى بولسا، جۇملىدىكى ئىش - ھەركەتنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنى كورسىتىش ۋەزىپىسىدە كېلىدۇ.

جۇملىدە مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىپ، ئاددى جۇملىنى شەكىللەندۈرىدىغان سوز ۋە سوز بىرىكمىسى جۇملە بولىكى دېيىلىدۇ.

جۇملىدىكى بولەكلەرنىڭ جۇملە تۈزۈلۈشىدىكى رولى ئوخشاش ئەمەس. بىر قىسىم بولەكلەر جۇملە تۈزۈلۈشىدە مۇھىم ۋە باش رول ئوينىسا، يەنە بىر قىسىم بولەكلەر جۇملە تۈزۈلۈشىدە قو-

شۇنچە (ئەگەشمە) رولىنى ئوينايدۇ. جۈملە بۆلەكلىرى جۈملىدىكى رولىغا قاراپ، باش بۆلەك ۋە ئەگەشمە بۆلەك دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

ئەسكەرتىش: جۈملە بۆلەكلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك شەرتلىك بەلگىلەر قوللىنىلدى:

ئىگە (———)

خەۋەر (═══)

تولدۇرغۇچى (~~~~~~)

ئېنىقلىغۇچى (≈≈≈≈≈≈)

ھالەت (≈≈≈≈≈≈≈≈)

## § -64 جۈملىنىڭ باش بۆلەكلىرى

جۈملە تۈزۈلۈشىگە ئاساس بولىدىغان ۋە ئوي-پىكىرنى ئىپادىلەشتە تىركەكلىك رول ئوينايدىغان جۈملە بۆلىكى باش بۆلەك دېيىلىدۇ.

جۈملىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان باش بۆلەكلەر ئىگە بىلەن خەۋەر بولۇپ، بۇ بۆلەكلەر جۈملە تۈزۈلۈشىدە تەشكىلاتچى ۋە ئۇيۇشتۇرغۇچى بولۇپ كېلىدۇ. شۇڭا باش بۆلەكسىز جۈملە تۈزۈلمەيدۇ دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن باش بۆلەكلەرنىڭ (ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ) جۈملىدىكى رولى ئوخشاش ئەمەس، ئىگىگە قارىغاندا خەۋەر تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدا خەۋەرسىز جۈملە بولمايدۇ دەيمىز. چۈنكى، بىرىنچىدىن، خەۋەر جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، خەۋەر ئۆزىنىڭ مورفولوگىك تۈزۈلۈشى ئارقىلىق جۈملىنىڭ ئىگىسىنى ئىپادىلەۋېرىدۇ. لېكىن بۇنىڭغا قاراپ، خەۋەرنىلا باش بۆلەك دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئىگە بىلەن خەۋەر جۈملىدە باشقا بۆلەكلەرنى ئەتراپىغا مۇۋاپىق ئۇيۇشتۇرۇپ

كېلىدۇ. ئۇ ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ۋە سىنتاكسىسلىق قانۇنىيەتكە ئىگە.

## 1. ئىگە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

جۇملە ئارقىلىق بايان قىلىنغان ئىش-ھەركەت ياكى شەيئى ۋە خۇسۇسىيەتنىڭ كىم ۋە نىمىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى كورسىتىدىغان باش بولەك ئىگە دېيىلىدۇ.

كىشىلەر ئوز سوزلىرىدە ۋە ئەسەرلىرىدە مەلۇم شەيئى ۋە ھادىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا سوزلەيدۇ، جۇملىدە نەنە شۇ ئاساسى شەيئى ۋە ھادىسىنى ئىپادىلەيدىغان سوز ۋە سوز بىرىكمىسى ئىگە بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

بازىس — جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدىكى ئىجتىمائى-ئىقتىسادىي تۈزۈمىدىن ئىبارەت.

(ستالىن)

ئۇلۇغ كوممۇنىزىم جەڭچىسى لۇشۇن ئوزىنىڭ بارلىغىنى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازاتلىق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىدى.

بۇ مىساللاردىكى بازىس دىگەن سوز بىلەن ئۇلۇغ كوممۇنىزىم جەڭچىسى لۇشۇن دىگەن سوز بىرىكمىسى مۇشۇ جۇملىلەردە ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەركەت ۋە خۇسۇسىيەتنىڭ كىم ۋە نىمىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ ئىگە بولۇپ كەلگەن.

ئىگە توۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1) جۇملىنىڭ ئىگىسى بولۇپ كەلگەن سوز ۋە سوز بىرىكمىسى باش كېلىشتە كېلىدۇ (ئىسىمنىڭ شەخس، سان كاتېگورىيە شەكىللىرى بىلەن تۈرلەنگەن سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرىنىمۇ ئوز ئىچىگە ئالىدۇ). جۇملىنىڭ ئىگىسى كىم ۋە نىمە دىگەن سوراقلار (بۇ سوراقلارنىڭ شەخس-سان كاتېگورىيە شەكىللىرى بىلەن تۈرلەنـ

گەن شەكلى) نى خەۋەرگە قوشۇپ ئېيتىش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرگەن ئەدەبىي ئەسەر ئىلان قىلىنغان ئەينى تارىخىي باسقۇچتا بىۋاستە تەربىيەۋى رول ئوينايدۇ.

ھورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس (ماقال).

2) جۈملىدە، كۆپىنچە، ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىلىرى ئىگە بولۇپ كېلىدۇ (باشقا سۆز تۈركۈمىگە خاس سۆزلەر ئىسىم ئورنىدا قوللىنىلغاندا ئاندىن ئىگە بولىدۇ). شۇڭا ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز ھەم سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ئىگە بولۇپ كېلىشى ئىسىمنىڭ مۇھىم بىر خۇسۇسىيىتى. مەسىلەن:

بىزنىڭ قەھرىمان خەلقىمىز ئۇلۇغ غەلىبىلەرگە ئېرىشتى (ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىسى). جۇڭگو خەلقى جاسارەتلىك ۋە قابىلىيەتلىك (ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىسى). يالغان ھامان يالغان (سۈپەت). بىز بۇرۇن بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنىشۋالالايمىز (ئالماش). يىقىلغان چېلىشقا تويماس (سۈپەتداش). يىگىرمە بىر يەتتىگە بۆلۈنىدۇ (سان).

بىر سۆزدىن تۈزۈلگەن ئىگە ئاددى ئىگە، سۆز بىرىكمىسى (تۇراقلىق ھەم تۇراقسىز سۆز بىرىكمىسى) دىن تۈزۈلگەن ئىگە مۇرەككەپ ئىگە دېيىلىدۇ. مۇرەككەپ ئىگە بولۇپ كەلگەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى زىچ بولىدۇ، خەۋەرگە بىر پۈتۈن گەۋدە شەكلىدە باغلىنىدۇ ۋە ئىگىگە بېرىلىدىغان سوئالغا جاۋاپ بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

پۈتۈن دۇنيا ئەمگەكچىلىرى بىزنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش — ئاساسنىڭ ئاساسى.

كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش مەسىلىسى — تۈپ مەسىلە.

## 2. خەۋەر ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

جۇملىدىكى ئىگىنىڭ ئىش - ھەركىتىنى، كىم ۋە نىمە ئىكەنلىكىنى، قانچە ۋە قانداقلىقىنى ئىپادىلەپ، شۇ جۇملىدە بايان قىلىنغان ئوي - پىكىرنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى بىلدۇرىدىغان باش بولەك خەۋەر دېيىلىدۇ. خەۋەر جۇملىدە ئۇيۇشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۇرۇش رولىنى ئۆتەيدۇ. شۇڭا ئۇ، جۇملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان ئوي - پىكىرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ۋە جۇملىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ. خەۋەرنىڭ قانداق سوزدىن تۇزۇلۇشى جۇملىنىڭ قانداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە جۇملە ئىكەنلىكىنى كورسىتىپ تۇرىدۇ. باشقا بولەكلەرنىڭ كەم بولۇشى جۇملىگە ئانچە تەسىر كورسەتمەسمۇ، لېكىن خەۋەرنىڭ بولماي قېلىشى جۇملىگە چوڭ تەسىر كورسىتىدۇ، ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، خەۋەرسىز جۇملە تۇزۇشكە بولمايدۇ. سوز تۇركۇملىرىنىڭ ھەممىسى جۇملىدە خەۋەر بولۇپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا خەۋەرلەر قانداق سوزلەردىن تۇزۇلگەنلىكىگە قاراپ ئىككى تۇرگە بولۇنىدۇ.

1) پېئىلدىن تۇزۇلگەن خەۋەر

پېئىللاردىن تۇزۇلگەن خەۋەرلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە:

(1) جۇملىدىكى ئىگىنىڭ ئىش - ھەركىتىنى بايان تەرىقىسىدە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئادەمنىڭ كاللىسىدا قانداق پىكىرلەرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ۋە بۇ پىكىرلەرنىڭ قانداق ۋاقىتتا پەيدا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ پىكىرلەر پەقەت تىل ماتېرىيالى ئاساسىدىلا، تىلدىكى سوزلەر ۋە جۇملىلەر ئاساسىدىلا پەيدا بولىدۇ ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

(ستالىن)

(2) پېئىللاردىن تۈزۈلگەن خەۋەرلەرنىڭ مورفولوگىك ۋە سىنا-
تاكسىسلىق ئالامەتلىرى پېئىللارنىڭ شەخس - سان، زامان، دەرىجە
كاتېگورىيەلىرىنىڭ قوشۇمچىلىرى بولۇپ، بۇ قوشۇمچىلار ھەم خە-
ۋەرنىڭ ئامىل، ھەم ئىگە بىلەن خەۋەرنى ئۆزئارا باغلايدىغان
سىنتاكسىسلىق ئامىل بولۇپ كېلىدۇ. شۇڭا مۇنداق خەۋەرلەر يەك-
كە ھالدىمۇ ئۆزئالدىغا جۈملە بولۇپ كېلىشى ياكى ئۆزىنىڭ مەنە
ئالاھىدىلىكىگە مۇۋاپىق، باشقا بۆلەكلەرنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ
كۆپ بۆلەكلىك جۈملە بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئىشلەۋاتىدۇ، يېزىۋاتىمەن، ئوقۇدۇم دېگەن پېئىللار مۇشۇ ھالەتتە
مەلۇم ئىش - ھەركەتنى ئىپادىلەپ جۈملە بولۇپ كېلەلەيدۇ.

مەن يېڭى كىتاپلارنى سېتىۋالدىم. پەن - تېخنىكىغا يۈرۈش قى-
لىش ھەققىدە ماقالا يېزىۋاتىمەن.

(3) پېئىللاردىن تۈزۈلگەن خەۋەرلەر بىرلا پېئىلدىن تۈزۈلۈپ
ئاددى خەۋەر بولۇشىمۇ، پېئىل خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىلىرىدىن
تۈزۈلۈپ مۇرەككەپ خەۋەر بولۇشىمۇ مۇمكىن، مۇرەككەپ خەۋەر-
لەر جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش - ھەركەتنىڭ ئۆزگىرىش جەريان-
لىرىنى ۋە ھەر خىل ئىنچىكە خۇسۇسىيەتلىرىنى كۆرسىتىشتە مۇ-
ھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن:

خوا جۇشىنىڭ چاقىرىقىنى قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەيمىز. "تۆت
كىشىلىك گۇرۇھ" قا قارشى كۈرەش زور غەلىبىگە ئېرىشتى. "تۆت
كىشىلىك گۇرۇھ" مۇۋاپىق قائىدە - تۈزۈملەرنى بۇزۇپ تاشلىغان
ئىدى.

پېئىلدىن تۈزۈلگەن بىر قىسىم خەۋەرلەرنىڭ ئۆزىدىن جۈملە-
نىڭ ئىگىسى ئىپادىلىنىپ تۇرغاچقا، بەزىدە ئىگە ئاشكارا ئىپادە
قىلىنمايدۇ. بۇ، ئۇيغۇر تىلىدا پېئىل ۋە پېئىل خاراكتېرلىق سۆز
بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن خەۋەرلەرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىد-

لىكلىرىدىن بىرى. مەسىلەن:

دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دولەتلەرنىڭ زومىگەرلىك ھەركىتىگە قەتئى قارشى تۇرايلى! پەن - تەتقىقات ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىمەن.

2) ئىسىم خاراكتىرلىق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن خەۋەر

ئۇيغۇرتىلىدا ئىسىم خاراكتىرلىق سوزلەر (ئىسىم، سۈپەت، سان، ئالماش، رەۋىش) دىن تۈزۈلگەن خەۋەرلەر، بولۇپمۇ ئىسىم ۋە سۈپەتتىن تۈزۈلگەن خەۋەرلەر خېلى كوپ قوللىنىلىدۇ. بۇ خىل خەۋەرلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

(1) ئىسىم خاراكتىرلىق سوزلەردىن تۈزۈلگەن خەۋەر جۈملىدىكى ئىگىنىڭ كىم، نىمە ئىكەنلىكىنى، قانداق، قانچە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ئاساسىدا بايان قىلىدۇ. مەسىلەن:

تىل — كىشىلەرنىڭ ئوزئارا پىكىرلىشىش، بىر بىرىنى چۈشىنىش ۋاستىسى. پۇرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ۋە پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى ھەققىدىكى تەلىماتنى بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويغان كىشى — ماركس. ياخشى — ئىشى بىلەن ياخشى (ماقال). ئۇنىڭ ئېيتقان سوزى ئەنە شۇ. بەش يەردە بەش — يىگىرمە بەش.

(2) ئىسىم خاراكتىرلىق سوزلەر خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، جۈملىدىكى ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئورۇن تەرتىۋى، ئىنتوناتسىيە ۋە تىنىش بەلگىلىرى مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئۇ، ئوقۇغۇچى. مەن ئىشچى. ساۋۇت — تېخنىك. يېزا — بىپايان زېمىن.

بۇ جۈملىلەردىكى 3 - شەخس باش كېلىشتە كەلگەن ئىگە بىلەن خەۋەرنى ئوزئارا باغلاش ۋە ئۇلارنىڭ ئوز ئالدىغا بىردىن بولەك ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈشتىكى مۇھىم ئامىل، ئۇلارنىڭ

ئورۇن تەرتىۋى، ئىنتوناتسىيىسى ۋە تىنىش بەلگىلىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئەگەر بۇ ئامىللارغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەندە، ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئېنىقلاش قىيىن بولۇپ قالىدۇ.

(3) ئىسىم خاراكتېرلىق خەۋەر بىر سۆزدىن تۈزۈلۈپ ئاددى بولۇشىمۇ، بىرقانچە سۆز (ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىسى) دىن تۈزۈلۈپ مۇرەككەپ بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىر سۆزدىن تۈزۈلگەنلىرىنى ئاددى خەۋەر، سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەنلىرىنى مۇرەككەپ خەۋەر دەيمىز. مەسىلەن:

ئىدىيە ئۆزگەرتىش — ئۇزاق مۇددەتلىك ئىش (مۇرەككەپ خەۋەر).

ئومۇمەن، ئىسىم خاراكتېرلىق خەۋەرلەر جۈملىگە ۋە جۈملىنىڭ ئىگىسىگە تەسۋىرىي تۈس بېرىش ئاساسىدا ئوي - پىكىرنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

## 65 - § جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى

ئىگە بىلەن خەۋەرنى ياكى بىر بىرىنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ كېلىدىغان بۆلەكلەر ئەگەشمە بۆلەكلەر دېيىلىدۇ.

ئەگەشمە بۆلەكلەر باش بۆلەكلەرگە ياكى بىر بىرىگە تۈرلۈك سىنتاكسىسلىق ئۇسۇل ۋە شەكىللەر بىلەن باغلىنىپ كېلىپ، ئاددى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنىڭ ئېنىق، چۈشىنىشلىك، كونكرېت بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن: ماددى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بەزى قانۇنىيەتلىرى مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتا ئوخشاشلا ئويغۇن كېلىدۇ دېگەن جۈملىدىكى باش بۆلەك (بەزى قانۇنىيەتلىرى، ئويغۇن كېلىدۇ) تىن باشقا بۆلەكلەر مۇشۇ باش بۆلەكلەرنى ياكى بىر بىرىنى تولۇقلاپ، ئېنىقلاپ كېلىپ، ئوي - پىكىرنى ئېنىق ۋە كونكرېت ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەگەشمە بۆلەكلەر جۈملىدىكى سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىگە قاراپ تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

## 1. تولدۇرغۇچى

جۈملىدە ئىش - ھەركەتنىڭ بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ئوبيېكتىنى كۆرسىتىپ، تولۇقلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان ئەگەشمە بولەك تولدۇرغۇچى دېيىلىدۇ.

تولدۇرغۇچى، كۆپىنچە، پېئىلدىن تۈزۈلگەن خەۋەرگە ياكى پېئىلدىن تۈزۈلگەن باشقا بولەكلەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ، ئۆزى باغلىنىپ كەلگەن سۆز بىلەن باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ؛ تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن سۆز چۈشۈم كېلىش، چىقىش كېلىش، يۆنىلىش كېلىش ۋە ئورۇن - ۋاقىت كېلىش قوشۇمچىلىرى ھەمدە مۇشۇ كېلىشلەرنىڭ رولىدا كېلىدىغان ياردەمچى سۆزلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدۇ. شۇڭا جۈملىدىكى تولدۇرغۇچى يۇقۇرقى كېلىش ۋە ياردەمچى سۆزلەر ئۇلانغان سوئاللار ئارقىلىق ئېنىقلىنىدۇ.

تولدۇرغۇچىلار ئىش - ھەركەتنىڭ قانداق ئوبيېكتىنى كۆرسەتكەنلىكى، سىنتاكسىسلىق رولى ۋە تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى، بىۋاستە تولدۇرغۇچى دەپ ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ.

1) بىۋاستە تولدۇرغۇچى

جۈملىدە ئىش - ھەركەتنىڭ بىۋاستە ئوبيېكتىنى كۆرسىتىپ كېلىدىغان تولدۇرغۇچى بىۋاستە تولدۇرغۇچى دېيىلىدۇ.

بىۋاستە تولدۇرغۇچى چۈشۈم كېلىشتە كېلىپ، سوبيېكتىنىڭ ھەرىكەت جەريانىنى ئىپادىلەيدىغان ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كېلىدۇ. مەسىلەن:

زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باھارنىڭ قەدرىنى بىلمەس،
جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس.

(خەلق بېيىتى)

ئېگىر قىمايمەن دوستلار، تىلەيمەن ئالى تىلەكلەرنى،
چۈشۈرمەيمەن كۆرەشكە دەپ تۇرغان بۇ بىلەكلەرنى،
مەرت باغۋەن غازاڭ قىلمايدۇ ۋاقىتسىز باغنى،
تەربىيىسىز سولدۇرۇپ گۈل - چېچەكلەرنى.

(ل. مۇتەللىپ)

بۇ مىساللاردىكى زىمىستان (چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالغان)، قىدىرنى، جاپانى، تىلەكلەرنى، باغنى، گۈل - چېچەكلەرنى دېگەن تولدۇرغۇچىلار كۆرمىگەن، بىلمەس، چېكمىگەن، تىلەيمەن، چۈشۈرمەيمەن، غازاڭ قىلمايدۇ، سولدۇرۇپ دېگەن پېئىللاردىن ئاڭلىشىلغان ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتىنى بىۋاستە ئىپادىلەپ كەلگەن.

بىۋاستە تولدۇرغۇچى كونكرېت ئالاقە شارائىتىدا بەزىدە قوشۇمچىلىق، بەزىدە قوشۇمچىسىز بولۇپ كېلىدۇ. ئىسىملارنىڭ كېلىش كاتېگورىيىسىدە چۈشۈم كېلىشنىڭ قوشۇمچىسى قانداق ئەھۋالدا چۈشۈپ قالىدىغانلىقى ھەققىدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بۇ يەردە بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ قوشۇمچىسى (چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى) قانداق ئەھۋالدا چۈشۈپ قالمايدىغانلىقى ھەققىدىكى قائىدىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

(1) بىۋاستە تولدۇرغۇچى ئۆزى مۇناسىۋەتلىك سۆزدىن يىراق كەلسە (تولدۇرغۇچى بىلەن تولدۇرۇلغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا باشقا بۆلەك كەلسە)، بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

مەن كىتاپنى كىتاپخانىدىن ئالدىم. تاماقنى ئاشخانىدا يېدىم.

(2) پېئىل بىلەن ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمىلەرنىڭ باشقۇرۇشىدا كەلگەن بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

ماركس رەڭنىڭ قىزىلىنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ بىزنىڭ پىكرىمىزنى توغرا تاپتى. بىز بۇ ئەھۋالنى ئىنكاس قىلدۇق.

(3) جۈملىنىڭ خەۋىرى ئەكىتلەنگەندە ياكى تۈس كاتىگورىيە-سىدىكى پېئىللار خەۋەر بولۇپ كەلگەندە، بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

بەزىلەر بۇ داۋلىنى چۈشەنمەيدۇ. مەن تاپشۇرۇقنى ئىشلەپ بولدۇم. سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم.

(4) جۈملىدە بىر سۆز ھەم ئىگە، ھەم تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلسە، بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

ئۈرۈك ئۈرۈكنى كورۇپ ئالا بوپتۇ.

(5) بىر تولۇقلانغۇچىغا باغلىنىپ كەلگەن بىرنەچچە بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ ئالدىدىكىلىرى قوشۇمچىسىز، ئاخىردىكىسى چوقۇم قوشۇمچىلىق بولىدۇ. مەسىلەن:

ماۋجۇشى ۋە جۇزۇگلىنى خەلقىمىز مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ.

(6) كىشىلەرنىڭ ئىسمى ۋە ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئالمىشىپ كەلگەن ئالماشلار بىۋاستە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلسە، مۇنداق تولدۇرغۇچىنىڭ قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

ئەخمەتنى كوردۇق. سېنى سورىدى. ئۇنى چاقىرىڭ. بىزنى قوللىدى.

(7) شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەر بىۋاستە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە، بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ؛ ئەگەر قوشۇمچە چۈشۈپ قالسا، ئۇ سۆز تولدۇرغۇچى ئەمەس، ئىگە بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن:

دوستۇمنى كوردى — دوستۇم كوردى.

ئاكىسىنى ئەكەلدۈردى — ئاكىسى ئەكەلدۈردى.

داداڭنى ئالدۇردى — داداڭ ئالدۇردى.

(8) كورسىتىش ئالماشلىرى ۋە بەزى ئورۇن - ۋاقىتنى بىل-

دۇرىدىغان سۆزلەر ئارقىلىق ئېنىقلىنىپ كەلگەن بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

بۇ كىتاپنى ئوقۇپ چىقتىم، كۆكشى ئاۋۇ تىراكتورنى يېڭىدىن سىنىۋالدى. ئوقۇغۇچىلار كەچكى تاماقنى يەپ بولدى. سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنى چاقىرىپ چىقىڭ.

(9) كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ قوشۇمچىسى چۈشۈپ قالمايدۇ. مەسىلەن:

كۆكشى، دېخانچىلىق مەيدانلىرىنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق.

ئومۇمەن، بىۋاستە تولدۇرغۇچىنىڭ جۈملىدە قوشۇمچىلىق ياكى قوشۇمچىسىز بولۇپ كېلىشى شۇ جۈملىنىڭ مەنە ۋە گىرامماتىكلىق ئالاھىدىلىگىگە باغلىق.

2) ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى

جۈملىدە ئىش - ھەركەتنىڭ ۋاستىلىك ئوبيېكتىنى كۆرسىتىپ كېلىدىغان تولدۇرغۇچى ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى دېيىلىدۇ.

جۈملىدە ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن سۆزلەر يۆنۈلۈش كېلىش، چىقىش كېلىش ۋە ئورۇن - ۋاقىت كېلىش قوشۇمچىلىرى ھەمدە مۇشۇ كېلىشلەرنىڭ رولىدا كېلىدىغان ياردەمچى سۆزلەر بىلەن تۈرلىنىپ، ئۆزى باغلىنىپ كەلگەن سۆز بىلەن باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق ئىنقىلاۋىي شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپ 1922 - يىلى نىلقا ناھىيىسىدە دۇنياغا كەلگەن. بىر شائىرغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭ بىرنەچچە پارچە شېئىرىنى تاللاپ ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئېلان قىلدۇق.

ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى (يۆنۈلۈش، چىقىش، ئورۇن - ۋاقىت كېلىش) ۋە مۇشۇ كېلىشلەرنىڭ رولىدىكى ياردەمچى سۆزلەر بىلەن تۈرلىنىپ كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەنە ۋە تۈزۈلۈش ئالاھ-

دىلىگى ھەر خىل بولىدۇ.

(1) يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن تولدۇرغۇچى جۈملىدە ئىش - ھەركەت قارىتىلغان ئوبيېكتنى ۋە ئورۇن - جاينى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن: بىز مەسىلىگە ئەتراپلىق قاراشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز لازىم (ئوبيېكت).

گايى تەدبىر ئۇنى كوككە ئۇلاشتۇرغان،

گايى تەقدىر غەم چۆلىگە ئۇلاقتۇرغان. (ئورۇن -جاي)

(ئىمشىپەت)

(2) چىقىش كېلىشتە كەلگەن ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى، ئىش - ھەركەتكە مۇناسىۋەتلىك ئوبيېكتنىڭ چىقىش مەنبەسىنى، ئىش - ھەركەتنىڭ چىقىش ئورنى ۋە ۋاقتىنى، بىر نەرسىنىڭ ئىككىنچى بىر نەرسىدىن ئارتۇق ياكى كەملىگىنىڭ سېلىشتۇرۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمدىن ماركسىزىمغا ئۆتۈش يولى بىر كېچىدىلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئەمەس، جاپالىق كۈرەشلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. (ئىش - ھەركەتنىڭ چىقىش مەنبەسى)

كىيگەن كوينىكىڭ مەشرۇ - يىپەكتىن، (ئىمىدىن ئىشلەنگەنلىكى)

خوشخۇي ئۆينىشىڭ ئوتەر يۇرەكتىن، (شەيئى ئورنى)

قىيا بېقىشىڭ غۇنچە - پورەكتىن، (ئوخشىتىلغان نەرسە)

ئارام جانىم گۈلزارىم ئۇسۇل.

(ئىمشىپەت)

بىزنىڭ مەكتەپ سىلەرنىڭ مەكتەپتىن خېلى يىراق،

بۇ يىلقى كېۋەز ئۆتكەن يىلدىكىدىن ياخشى. (سېلىشتۇرۇلغانلىق ھەم ۋاقىت)

(3) ئورۇن - ۋاقىت كېلىشتە كەلگەن ۋاستىلىك تولدۇرغۇچى ئىش - ھەركەت ياكى شەيئى تەۋە ئوبيېكتىنى، ئىش - ھەر-

كەتنىڭ ئورنى ھەم ۋاقتىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

پارتىيە ئۆز پائالىيەتلىرىدە ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئومۇ-
مىي ھەقىقىتىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن
زىچ بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى چىڭ تۇتىدۇ. (ئىش - ھەرىكەت تەۋە
بولغان ئوبيېكت) سەمەتتە ناھايىتى ياخشى كىتابلار بار.
دۇنيادا ئۆز ئۆزىنى ئۆزگەرتىشنى ھەممىدىن كۆپرەك خالاي-
دىغانلار — پرولېتارىيات. (ئىش - ھەرىكەتنىڭ ئورنى).
كەچ كۇرس ئاچقاندا بىزنىمۇ قاتناشتۇرۇڭلار. (ئىش - ھەر-
كەتنىڭ ۋاقتى)

(4) ياردەمچى سۆزلەر بىلەن كەلگەن ۋاسىتىلىك تولدۇرغۇچى
ئىش - ھەرىكەت ۋە خۇسۇسىيەتكە ۋاستە بولغان ئوبيېكتنى ئىپا-
دىلەيدۇ.

مەسىلەن: گۈلخان تەبىي خۇش پېيىللىقى بىلەن ئۇنىڭ دىق-
قىتىنى بۇرىدى؛ (ھەرىكەتنىڭ ۋاستىسى). ئۇنىڭ ئالقىنىدا
ئۆزى ئۈچۈن تونۇش بولغان ئىككى نەرسە تۇراتتى. (ھەرىكەت
قارىتىلغان ئوبيېكت). ھازىرقى ۋەزىيەت مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ
سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق.
(خۇسۇسىيەت قارىتىلغان ئوبيېكت)

## 2. ئېنىقلىغۇچى

جۈملىدە شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان ئەگەش-
مە بۆلەك ئېنىقلىغۇچى دېيىلىدۇ.

ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىغا بېقىنىش ئاساسىدا باغلىنىپ كې-
لىپ، ئېنىقلانغۇچىنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكىنى
ئىپادىلەش بىلەن، جۈملىدىكى ئوي - پىكىرگە گۈزەل ۋە نەپىس
تۈس بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. ئېنىقلىغۇچى ئۆزىگە خاس سوئال-

لار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئېنىقلىغۇچى مەيلى بىر سۆزدىن ياكى سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن بولسۇن، ئېنىقلانغۇچى بىلەن چىرمىشىش ۋە ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. مۇشۇ خۇسۇسىيىتىگە قاراپ، چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى، ياندىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى دەپ ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ:

١) چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى

جۈملىدە مەلۇم شەيئىنىڭ يەنە بىر شەيئىگە قاراشلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ كېلىدىغان ئېنىقلىغۇچى چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى دېيىلىدۇ. بۇ خىل ئېنىقلىغۇچى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن ھالدىكى ئىگىلىك كېلىشتە، ئېنىقلانغۇچى ئىگىلىك شەخستە تۈرلىنىپ كېلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل ئېنىقلىغۇچى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

ۋاقىت ئالدىراڭغۇ، ساقلاپ تۇرمايدۇ،
يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ بورغىسى.
ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قارىلانمايدۇ،
بورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

(ل. مۇتەللىپ)

بۇ مىسالدىكى شۇ ۋاقىتنىڭ، ئۆمۈرنىڭ دېگەن ئېنىقلىغۇچىلار ئىسىملاردىن تۈزۈلۈپ، بورغىسى، ئوغرىسى دېگەن ئېنىقلانغۇچىلار بىلەن چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن.

ياخشىنىڭ شاراپىتى تېگەر، يامانىنىڭ كاساپىتى (تېگەر). ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى كوپ. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ۋەزىيىتى خېلى ياخشى. ئۇ — تۇتىنىڭ بىرى.

بۇ مىساللاردىكى ياخشىنىڭ، يامانىنىڭ، ئوقۇغانىنىڭ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ، تۇتىنىڭ دېگەن ئېنىقلىغۇچىلار ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، شاراپىتى، كاساپىتى، پايدىسى، ۋەزىيىتى، بىرى دېگەن ئېنىقلانغۇچىلار بىلەن

چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدە باغلىنىپ كەلگەن.

2) ياندىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى ھېچقانداق قوشۇمچىسىز، ئۇرۇن تەرتىۋى ئارقىلىق ئېنىقلانغۇچىغا باغلىنىپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئېنىقلىغۇچى ياندىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ئېنىقلىغۇچى دېيىلىدۇ.

بۇ خىل ئېنىقلىغۇچى، كۆپىنچە، سۈپەت، سۈپەتداش، سان، بىر قىسىم رەۋىش ۋە كۆرسىتىش ئالماشلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. شۇڭا ئىپادىلەيدىغان مەزمۇنىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن:

دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر ئىچىدە ئادەم ئەڭ قىممەتلىك.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە — پۈتۈنلەي يېڭى تىپتىكى دېموكراتىيە.

ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇ
توختىماي ئاقار بولدى.
كۆكچەنداڭنىڭ دەۋرىدە
تۆت پەسىل باھار بولدى. (خەلق قوشىقى)

بۇ مىساللاردىكى دۇنيادىكى بارلىق دېگەن ئېنىقلىغۇچى شەيئىلەر دېگەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ سان جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى، سوتسىيالىستىك دېگەن ئېنىقلىغۇچى بىلەن پۈتۈنلەي يېڭى تىپتىكى دېگەن ئېنىقلىغۇچى دېموكراتىيە دېگەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ خاراكتېر - خۇسۇسىيىتىنى، سۈزۈك دېگەن ئېنىقلىغۇچى سۇ دېگەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ رەڭ جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى، تۆت دېگەن ئېنىقلىغۇچى پەسىل دېگەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ سان جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

يۇقۇرقى ئىككى خىل ئېنىقلىغۇچى جۈملىدە ئىپادىلىنىدىغان ئوي - پىكىرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن، بەزى جۈملىلەردە، بىردەك قوللىنىلىشى، بەزى جۈملىلەردە بىرسىلا قوللىنىلىشى مۇمكىن.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا، يەنە بىر خىل ئېنىقلىغۇچى بار، بۇ خىل

ئىنقىلامغۇچى ئۆزى ئىنقىلاپ ۋە ئىنزاھلاپ كەلگەن ئىنقىلانغۇ-
چىدىن كېيىن كېلىپ، ئىنقىلانغۇچى ياكى ئىنزاھلانغۇچىنى
تېخىمۇ ئېنىق، روشەن كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇنداق
ئىنقىلامغوچىلار ئىنزاھ ئىنقىلامغۇچىلار دېيىلىدۇ.

ئىنزاھ ئىنقىلامغۇچىلار يۇقۇرقى ئىككى خىل ئىنقىلامغۇچىدىن
تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلىرى ئارقىلىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

(1) ئىنقىلامغۇچى ئۆزى ئىنقىلاپ كەلگەن سۆزدىن (ئىنقىلان-
غۇچىدىن) ئىلگىرى كېلىدۇ، ئىنزاھ ئىنقىلامغۇچى ئىنزاھلانغۇچىدىن
كېيىن كېلىپ، ئېغىزدا ئالاھىدە ئىنتوناتسىيە، يېزىقتا مەلۇم
تىنىش بەلگىسى ئارقىلىق ئىنزاھلانغۇچىدىن ئايرىلىپ (پەرق-
لىنىپ) تۇرىدۇ.

(2) ئىنقىلامغۇچى بىلەن ئىنقىلانغۇچى مەنە جەھەتتىن تەڭ
بولمايدۇ، ئىنزاھ ئىنقىلامغۇچى ئىنزاھلانغۇچى بىلەن مەنە جەھەت-
تىن تەڭ (ئوخشاش) بولىدۇ.

(3) ئىنقىلامغۇچى بىلەن ئىنقىلانغۇچى بىر خىل گىرامماتىك-
لىق شەكىلدە كەلمەيدۇ، ئىنزاھ ئىنقىلامغۇچى بىلەن ئىنزاھلانغۇچى
بىر خىل گىرامماتىكىلىق شەكىلدە كېلىدۇ.

(4) جۈملىدە ئىنقىلانغۇچى چۈشۈپ قالسا، ئىنقىلامغۇچى ئۇ-
نىڭ ئورنىدا كېلىپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئارتقۇرالمايدۇ؛ ئىنزاھ
ئىنقىلامغۇچى ئىنزاھلانغۇچى چۈشۈپ قالسا، ئۇنىڭ ئورنىدا كې-
لىپ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى ئارتقۇرالايدۇ، لېكىن ئىنزاھلانغۇچى
چۈشۈپ قالمىغان شارائىتتا ئىنزاھ ئىنقىلامغۇچى جۈملە بۆلىكى
بولالمايدۇ. مەسىلەن:

كوممۇنىزمچىلار ئىتتىپاقى — شۇ ۋاقىتلاردىكى شارائىتتا،
تەبىي، پەقەت يوشۇرۇن تەشكىلات بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن بولغان
بۇ خەلقارا ئىشچىلار تەشكىلاتى، 1847 - يىلى 11 - ئايدىكى
لوندون قۇرۇلتىيىدا ئىككىمىزگە ئېلان قىلىش كۆزدە
تۇتۇلغان مۇكەممەل ۋە ئەمەلىي پارتىيە پىروگراممىسىنى تەييار-
لاپ چىقىشنى تاپشۇرغان ئىدى. («كوممۇنىستىك پارتىيە

خىتاپنامىسى» دىن)

بۇ مىسالدىكى شۇ ۋاقىتلاردىكى شارائىتتا، تەبىي، پەقەت بۇ-شۇرۇن تەشكىلات بولۇپ تۇرۇشى مۇمكىن بولغان بۇ خەلقارا ئىشچىلار تەشكىلاتى دىگەن ئىزاھ ئېنىقلىغۇچى كوممۇنىزىمچىلار ئىتتىپاقى دىگەن ئىزاھلانغۇچىنىڭ قانداق تەشكىلات ئىكەنلىكىنى ئىزاھلاپ كەلگەن.

## 3. ھالەت

جۇملىدە ئىش - ھەركەت ۋە خۇسۇسىيەتنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان ئەگەشمە بولەك ھالەت دىيىلىدۇ.

ھالەت ئۆزى باغلىنىدىغان سوز بىلەن ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا خاس سوئاللار ئارقىلىق ئېنىقلىنىدۇ. ھالەتلەر ئىش - ھەركەت ۋە خۇسۇسىيەتنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى ئىپادىلەيدىغان رەۋىشلەردىن، رەۋىش رولىدا كەلگەن باشقا سوزلەردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

دوزاق ئوتمۇشتە ئەللىك يىل قوتاندا مال بىلەن ياتتىم،
ئامالسىز ئىككى ئوغلۇمنى بېگىمگە قۇل قىلىپ ساتتىم.

(تۇردى ھۇسىيىن)

بۇ يىل ھەرقايسى تۈەن - ئۆگچاگلار پاختىنى تۇجۇپىلەپ پاكىز يىغىۋېلىشقا ئوەۇمى يۈزلۈك ئەھمىيەت بەردى.

قارىماققا، ھالەت بىلەن ئېنىقلىغۇچىنىڭ پەرقى يوقتەك تۇرىدۇ. لېكىن ئۇلار جۇملىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ۋە سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسى جەھەتتىن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدۇ.

## 66 - § جۇملىنىڭ تەڭداش بولەكلىرى

جۇملىدە ئوخشاش سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ۋە ئوخشاش سىنتاكسىلىق تۈزۈلۈشتە كەلگەن بولەكلەر تەڭداش بولەكلەر دېيىلىدۇ.

تەڭداش بولەكلەر بىر بىرىگە بېقىنماي تەڭ دەرىجىدە ئۆزئارا باغلىنىپ، ئورتاق ھالدا باشقا بىر بولەك بىلەن سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ، بىر خىل سوئالغا جاۋاپ بولىدۇ، ئېغىزدا ئىنتونانسىيە، يېزىقتا پەش ياكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ياشىسۇن! ئۇرۇق - ئۇقفانلار، خولۇم - خوشنىلار، كادىرلار ئۇنى ئۇزىتىپ قويدى.

بۇ مىساللاردىكى ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا دىگەن سۆزلەر تەڭداش ئېنىقلىغۇچى، ئۇرۇق - ئۇقفانلار، خولۇم - خوشنىلار، كادىرلار دىگەن سۆزلەر تەڭداش ئىگە بولۇپ كەلگەن.

تەڭداش بولەكلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق ئامىللىرى (قوشۇمچە ۋە ياردەمچى سۆزلەر) شۇ جۇملىدىكى تەڭداش بولەكلەرنىڭ ئاخىرقى بىرىگە ئۇلىنىشىمۇ ياكى ھەر بىرىگە ئايرىم - ئايرىم قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ، ئاساسەن، شۇ تەڭداش بولەكنىڭ تەكىتلىنىشى ياكى تەكىتلەنمەسلىكىگە، سۆزلىگۈچى ۋە يازغۇچىنىڭ سۆزلەش ۋە يېزىش ئىستىلىغا باغلىق. مەسىلەن:

مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا سوبيېكتىپلىق، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە يۈزەلىككە ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز خەلق ئاممىسى ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، ئىشچى، دىخان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن يارىتىلىدۇ.

## § 67 جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرى

ئەسلىدە تولۇق ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە بولسىمۇ، لېكىن باشقا بىر جۈملىنىڭ تەركىۋىدە كېلىپ، ئۇنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئىگىلەش، تولۇقلاش رولىنى ئوينايدىغان جۈملىلەر جۈملىنىڭ كېڭەيگەن بۆلەكلىرى دېيىلىدۇ.

جۈملىدە كېڭەيگەن بۆلەكلىك ۋەزىپىدە كەلگەن جۈملىلەر ئەسلىدىكى جۈملىلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىدۇ، ئۇنى شۇ جۈملىنىڭ تەركىۋىدە تۇرغاندا ئايرىم جۈملە دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ باشقا جۈملە تەركىۋىدە ئادەتتىكى بۆلەكلەردەك سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئاتقۇرۇپ كېلىدۇ. كېڭەيگەن بۆلەكلەر، كۆپىنچە، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەتلىك ۋەزىپىلەردە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولغان، پەقەت ئىتتىپاقداشلىق مۇناسىۋىتى بار دىگۈدەك بولغان، مەنپەئەتى، قانۇنى، ھۆكۈمىتى ۋە چېگرا بېجى باشقا - باشقا بولغان رايونلار ئەمدىلىكتە بىر تۇتاش ھۆكۈمەتكە، بىر تۇتاش قانۇنغا، بىر تۇتاش مىللىي - سىنىپىي مەنپەئەتكە ۋە بىر تۇتاش چېگرا بېجىغا ئىگە بىر دۆلەت بولۇپ بىرلەشتى. («كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى»دىن)

ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆتكەن ھەممە جەمئىيەتلەرنىڭ تارىخى سىنىپىي كۈرەش تارىخى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى.

يۇقۇرقى مىساللارنىڭ بىرىنچىسىدە ئاستى سىزىلغان كېڭەيگەن بۆلەكلەر ئىگىنى ئېنىقلاپ تەگداش ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن؛ ئىككىنچىسىدە تولدۇرغۇچىنى ئېنىقلاپ كەلگەن.

ئاپتور سۆزىنىڭ تەركىۋىدە كەلگەن كۆچۈرمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەرمۇ كېڭەيگەن بۆلەك بولىدۇ. چۈنكى بۇنداق جۈملىلەر

ئاپتور سۆزىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنى ئېنىقلاش ۋە تولۇقلاش رولىنى ئۆتەيدۇ.

## §-68 جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىپى

جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ قانداق تەرتىپتە ئورۇنلىشىشى ھەر بىر تىلنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكىگە باغلىق. ئۇيغۇر تىلىدىكى جۈملە بۆلەكلىرىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىنتاكسىسلىق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە ئورۇنلاشقان بولىدۇ. بەزى بۆلەكلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولسا، بەزى بۆلەكلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن بۆلەكلەرنىڭ ئورنى تۇراقلىق بولغانلىقتىن ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. كېلىشىش (ماسلىشىش)، چىرمىشىش، باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن بۆلەكلەرنىڭ ئورنى تۇراقسىز بولغانلىقتىن، ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. شۇڭا ئورنى تۇراقسىز بۆلەكلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا ئانچە تەسىر يەتمەيدۇ؛ ئورنى تۇراقلىق بۆلەكلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر يېتىدۇ، ھەتتا ئوي-پىكىر خاتا ئىپادىلىنىپ قالىدۇ.

مەسىلەن، مۇنەۋۋەر — ئوقۇتقۇچى. ياسىن — تېخنىك دېگەن جۈملىلەردىكى ئىگە بىلەن خەۋەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلسا (ئوقۇتقۇچى مۇنەۋۋەر، تېخنىك ياسىن دېيىلسە)، ئۇ ھالدا، بۇلار جۈملە بولالمايدۇ.

دېخانچىلىق مەيدانىدىكى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر خۇشال-خوراملىق بىلەن دەسلەپ ئېچىلغان پاختىلارنى تەرمەكتە دېگەن جۈملىدە خۇشال-خوراملىق بىلەن دېگەن ھالەت ئۆز ئورنىدا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، جۈملىنىڭ مەزمۇنىدا لوگىك خاتالىق يۈز بەرگەن، يەنى خۇشال-خوراملىق بىلەن دېگەن ھالەت ئېچىلغان پاختىلارنى دېگەن تولدۇرغۇچىنىڭ ئېنىقلىغۇچىسى

بولۇپ قالغان.

دېمەك، جۈملە بۆلەكلىرى ئۆزلىرىنىڭ بەلگىلىك ئورۇن تەرتىۋى ۋە سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ئارقىلىق بىر پۈتۈن جۈملىنى شەكىللەندۈرىدۇ. جۈملىدىكى مەلۇم بۆلەكنىڭ قانداق ئورۇندا كېلىشى شۇ جۈملىدىكى ئىككىنچى بىر بۆلەكنىڭ قانداق ئورۇندا كېلىشى بىلەن، شۇ جۈملىنىڭ قانداق خاراكتېردىكى جۈملە ئىكەنلىكى بىلەن يەنى باش بۆلەكلەردىنلا تۈزۈلگەن ياكى باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن جۈملە ئىكەنلىكى ۋە ياكى بايان، سوراق، ئۈندەش، بۇيرۇق جۈملە ئىكەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

ئومۇمەن، جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئادەتتىكى ئورۇن - تەرتىۋى مۇنداق بولىدۇ: خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا، ئىگە خەۋەرنىڭ ئالدىدا، ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا، تولدۇرغۇچى تولۇقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا، ھالەت ئۆزى باغلىنىپ كېلىدىغان بۆلەكنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋىگە دائىر بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى ئېنىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، تۆۋەندە ھەر بىر بۆلەكنىڭ جۈملىدىكى ئورنى ھەققىدە ئايرىم - ئايرىم توختىلىپ ئۆتىمىز:

## 1. ئىگىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

ئىگە بىلەن خەۋەردىنلا تۈزۈلگەن جۈملىلەردە ئىگە ئالدىدا، خەۋەر ئاخىرىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

كۈن ئىسسىپ كەتتى. سەن ئوقۇ، مەنمۇ ئوقۇيمەن.

ئۇلار كەتتى. داۋۇت ئىشچى. سەنەۋەر ئوقۇغۇچى.

باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەردىمۇ ئىگە خەۋەرنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. لېكىن مۇنداق جۈملىلەردە ئىگىنىڭ خەۋەر بىلەن قاتار كېلىشى ياكى ئۇنىڭدىن يىراق كېلىشى شۇ

جۇملىدىكى ئەگەشمە بولەكنىڭ قايسى باش بولەك بىلەن سىنتاكسىلىق مۇناسىۋەتتە بولۇشىغا باغلىق. شۇڭا باش ۋە ئەگەشمە بولەكلەردىن تۈزۈلگەن جۇملىلەردە ئىككىسىنىڭ ئورنى مۇنداق بولىدۇ:

1) ئەگەر جۇملە ئىگە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بولەكلەردىن تۈزۈلگەن بولسا، ئۇ ھالدا، ئىگە خەۋەر بىلەن قاتار كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەلۇم دەرىجىدە ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا ئىگە كوممۇنىستلار ئۆگىنىشى كېرەك. بېيجىڭغا بارىدىغان بارلىق ۋەكىللەر كېلىپ بولدى. ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئىشى باشلاندى.

2) ئەگەر جۇملە خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بولەكلەردىن تۈزۈلگەن بولسا، مۇنداق جۇملىلەردە ئىگە خەۋەردىن يىراق (ئەگەشمە بولەكلەردىن ئىلگىرى) كېلىدۇ. مەسىلەن:

"تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزغا ناھايىتى زور زىيان سالدى.

3) ئەگەر جۇملە ئىگىسىمۇ، خەۋىرىمۇ مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بولەكلەردىن تۈزۈلگەن بولسا، ئىگە جۇملىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يەنى ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بولەكلەردىن كېيىن، خەۋەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بولەكلەردىن ئىلگىرى كېلىدۇ. مەسىلەن:

يېزا ئىگىلىكىگە ياردەمگە كەلگەن ماشىنا، تىراكتورلار لىقمۇلىق ئوغۇت بېسىلغان ھالدا تاشيولدا سەپ تارتىپ ماڭماقتا ئىدى.

كەچكى قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرى ماشىنىنىڭ ئەينىكىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

باش ۋە ئەگەشمە بولەكلەردىن تۈزۈلگەن بىرىنچى خىلدىكى جۈملىلەردە ئىگىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ خىل جۈملىدە ئىگە ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بولەكلەر بىلەن ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئورنى تۇراقلىق بولىدۇ. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى خىلغا كىرىدىغان، خەۋىرى پېئىللاردىن ھەم پېئىل خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن جۈملىلەردە ئىگىنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. چۈنكى مۇنداق جۈملىلەردە خەۋەر ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئەگەشمە بولەكلەر بىلەن باشقۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىگىنىڭ ئورنى تۇراقسىزراق بولىدۇ. مەسىلەن:

بىز "ئالغا" گۇڭشېسىغا باردۇق. "ئالغا" گۇڭشېسىغا بىز باردۇق.

بىر كۈنى ناھىيىلىك ماشىنا سايمانلار رېمونت زاۋۇتىغا 60 ياشلار چامىسىدىكى بەستلىك بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بىر كۈنى 60 ياشلار چامىسىدىكى بەستلىك بىر ئادەم ناھىيىلىك ماشىنا سايمانلار رېمونت زاۋۇتىغا كىرىپ كەلدى.

## 2. خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

باشقا بولەكلەرگە قارىغاندا، خەۋەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى ناھايىتى تۇراقلىق. ئادەتتىكى جۈملىلەردە خەۋەر جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، شۇ جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرنىڭ ئاياقلاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

قاتتىق شىۋىرغان باشلاندى، تاغ ھاۋاسى بىردىنلا ئۆزگەردى، سوغ كۈچەيدى. مەملىكىتىمىزنى تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش ھەم مۇشەققەتلىك، ھەم شەرەپلىك ۋەزىپە.

خەۋەرنىڭ جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىشى — ئۇيغۇر تىلىنىڭ مۇھىم سىنتاكسىسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. لېكىن شېئىرىيەتتە

قاپىيە، ۋەزنىن ئېتىۋارى بىلەن، خەۋەر رايىدىكى پېئىللاردىن، بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللاردىن ھەم سۈپەتداشلاردىن تۈزۈلگەن خەۋەرلەر جۈملىنىڭ بېشىدا ياكى ئوتتۇرىسىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەرت يىگىتكە ياغىدۇ ئالقىش،

نامەردلەرنى كومىدۇ قاغىش.

چوغ يۈرەكلەر ئىسسىتار ئەلنى،

باغرى مۇزدا بولماس ئىنتىلىش.

(بۇغدا ئابدۇللا)

دىئالوگلاردىن كېيىن ئىشلىتىلگەن ئاپتور سۆزىدە خەۋەر بەزىدە ئىگىدىن بۇرۇن كېلىدۇ. مەسىلەن:

— لېكىن "پاختىنى چىڭ تۇتۇش" دېگەن سۆزنىڭ ئالدىدا "ئاشلىقنى چىڭ تۇتۇش" دېگەن گەپمۇ بار، — دەپ قوشۇپ قويدى مۇسا تاغا.

— بۇ ئىشنى بۇ يولداشلار بىلەن مۇزاكىرە قىلىۋاتىمىز، — دېدى لى شۇجى كەۋرىنى كۆرسىتىپ.

ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، پېئىلدىن باشقا سۆز تۈركۈمىگە خاس سۆزلەردىن تۈزۈلگەن خەۋەر ھەرقانداق ۋاقىتتا جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. مۇنداق خەۋەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ، ئەگەر ئورنى ئالماشتۇرۇلسا، جۈملىدىكى ئوي - پىكىرنىڭ مەزمۇنىمۇ ھەمدە شۇ سۆزنىڭ جۈملىدىكى ۋەزىپىسىمۇ ئۆزگىرىپ كېتىدۇ.

## 3. تولدۇرغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

مەيلى ۋاستىلىك ياكى بىۋاستە تولدۇرغۇچى بولسۇن، ئادەتتە، تولۇقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. تولدۇرغۇچىنىڭ جۈملىدىكى

ئورنى تۆۋەندىكىچە بولىدۇ:

1) پەقەت ئىگە بىلەن خەۋەر ھەم تولدۇرغۇچىدىنلا تۈزۈلگەن جۈملىلەردە تولدۇرغۇچى خەۋەردىن ئىلگىرى (خەۋەر بىلەن قاتار) كېلىدۇ. مەسىلەن:

چارە - تەدبىر تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشتىن تېپىلىدۇ. بىز تارىخنى ئۈزۈپ قويالمايمىز. ئۇ بازارغا كەتتى. مەن پويىز بىلەن كەلدىم.

2) دەرىجىلىك باغلىنىشتا كەلگەن تولدۇرغۇچىنىڭ ئورنى تۇراقلىق بولۇپ، ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. چۈنكى بۇ خىل تولدۇرغۇچىلار ئۆزئارا بىر بىرىگە قاتار باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئورنى ئالماشتۇرۇلسا، جۈملىنىڭ شەكلى ۋە مەزمۇنىغا تەسىر يېتىدۇ. مەسىلەن:

ئۇلار دىخانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىشنى كاپالەتلەندۈرۈشكە ۋەدە بەردى. بىز مەسىلىگە ئومۇمىي يۈزلۈك قاراشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. سىلەرنىڭ بېيجىڭغا بارىدىغانلىقىڭلارنى ئاڭلىدۇق.

3) تەڭداش باغلىنىشتىكى تولدۇرغۇچىلارنىڭ ئورنى تۇراقسىز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. چۈنكى بۇ خىل تولدۇرغۇچىلار بىر تولۇقلانغۇچىغا تەڭ دەرىجىدە (ئورتاق) باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئورنى ئالماشتۇرۇلسىمۇ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا ئانچە تەسىر يەتمەيدۇ. مەسىلەن:

ئۇ بازارغا ۋېلسىپىت بىلەن كەتتى. ئۇ ۋېلسىپىت بىلەن بازارغا كەتتى. بىز ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى، پارتىيىنى قىزغىن سۆيىمىز. بىز پارتىيىنى، ۋەتەننى، خەلقنى، ئەمگەكنى قىزغىن سۆيىمىز.

4) شېئىرىيەتتە قاپىيە، ۋەزىن تەلىۋى مۇناسىۋىتى بىلەن تولدۇرغۇچى تولۇقلانغۇچىدىن كېيىن كېلىشىمۇ مۇمكىن. لېكىن بۇ

ئومۇمىي ھال ئەمەس. مەسىلەن:

قەسەم بېرەي خۇا جۇشىغا،
خەلقىمىزنىڭ سەردارىغا،
مەن قوغدايمەن سىزنى مەڭگۇ،
ئەزىز جىنىم پىدا بۈگۈن.

(پەتتەرجان مۇھەممەدى)

سادىق بولۇپ ماۋ جۇشىغا دانا، چۇۋەر خۇا جۇشى،
توت چايانىنى قىلدى تارمار ئەڭ ئۇلۇغ خىسلەت بىلەن.

(نىياز ماخمۇت)

## 4. ئېنىقلىغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

ئېنىقلىغۇچىنىڭ جۈملىدە قانداق ئورۇندا كېلىشىنى ئېنىقلانغۇچى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ئومۇمىي ئادەت بويىچە، ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئېنىقلانغۇچى بىلەن قانداق سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولغانلىغىغا قاراپ، ئېنىقلىغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى تۆۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە بولىدۇ.

ا) ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچى بىلەن چىرمىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، جۈملىدە ئېنىقلانغۇچى بىلەن قاتار كەلسىمۇ، ياكى ئۇنىڭدىن يىراق كەلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. بۇ خىل ئېنىقلىغۇچىنىڭ قايسى بولەك بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئۇنى ئېنىقلاۋاتقانلىغى ئېنىقلانغۇچىدىكى شەخس قوشۇمچىلىرىدىن ئېنىقلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئاقتى. مالچىنىڭ
بۇ ئەتراپتا ئايىغى تەگمىگەن تاغ - تاش يوق دېيەرلىك.

(زوردۇن سابىر)

بۇ مىساللارنىڭ بىرىنچىسىدىكى ئىنقىلىغۇچى ئىنقىلانىغۇچى بىلەن قاتار كەلگەن بولسا، ئىككىنچىسىدىكى ئىنقىلىغۇچى ئىنقىلانىغۇچىدىن يىراق كەلگەن.

2) بەزى ئەسەرلەردە (بولۇپمۇ شېئىرلاردا) قايىيە ئېتىۋارى بىلەن، ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن ئىنقىلىغۇچى ئىنقىلانىغۇچىدىن كېيىن كېلىشى مۇمكىن. لېكىن بۇ ئومۇمىي ئەھۋال ئەمەس. مەسىلەن:

ئاگىلنار ھەر ياقتىن ئاغرا ئاۋۇشى،
يۈرەكتە جۇش ئۇرار شاتلىق ئۇركىشى.
تەكتىنى سورىساڭ مۇشۇ مەرىكىنىڭ،
پەرزەنتلەر ھەربىگە ئۆزىتىلىشى
(بۇغدا ئابدۇللا)

3) ياندىشىش مۇناسىۋەتىدىكى ئىنقىلىغۇچى ھەر دائىم ئىنقىلانىغۇچىنىڭ ئالدىدا قاتار كېلىدۇ. شۇڭا بىر جۈملىدە چىرمىشىش مۇناسىۋەتىدىكى ئىنقىلىغۇچى بىلەن ياندىشىش مۇناسىۋەتىدىكى ئىنقىلىغۇچى بىر ئىنقىلانىغۇچىغا باغلىنىپ كەلسە، چىرمىشىش مۇناسىۋەتىدىكى ئىنقىلىغۇچى يىراق كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ھەممىگە تونۇش. ئۇرۇمچى كوچىلىرىنىڭ كوزنى چاقنىتىدىغان ئېلېكتىر چىراقلىرى پۈتۈن شەھەرنى يورۇتۇۋەتتى.

4) تەڭداش ئىنقىلىغۇچىنىڭ جۈملىدىكى ئورنى تۇراقسىز بولىدۇ. بۇلار تەڭ دەرىجىدە بىرلا ئىنقىلانىغۇچىغا باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئورنىنى ئالماشتۇرسىمۇ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر يەتمەيدۇ. مەسىلەن:

ئاسىيا، ئافرىقا ۋە لاتىن ئامېرىكىسىدىكى كەڭ رايونلار — دۇنيانىڭ ھەرخىل زىددىيەتلىرى مەركەزلەشكەن رايونلار. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى، ئاسىيا ۋە ئافرىقىدىكى كەڭ رايونلار — ھازىر-

قى دۇنيانىڭ ھەر خىل زىددىيەتلىرى مەركەزلەشكەن رايونلار.

5) دەرىجىلىك باغلىنىشتىكى ئېنىقلىغۇچىنىڭ ئورنى تۇراقلىق بولىدۇ. شۇڭا ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. بۇ خىل ئېنىقلىغۇچى ئېنىقلانغۇچىنىڭ ئالدىدا قاتار كېلىشى لازىم. مەسىلەن:

ئىش مېنىڭ ئويلىغىنىمنىڭ پۈتۈنلەي تەتۈرىسى بولۇپ چىقتى.

بۇ رايونلاردىكى مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاۋنى ھەركەتلەر بە-
لەن خەلقارا سوتسىيالىستىك ئىنقىلاۋنى ھەركەتلەر — زامانىمىز-
دىكى ئىككى چوڭ تارىخىي ئېقىم.

## 5. ھالەتنىڭ جۈملىدىكى ئورنى

ھالەتنىڭ جۈملىدىكى ئورنى توۋەندىكى قائىدىلەر بويىچە بولىدۇ:

1) ھالەت ئۆزى ئېنىقلاپ كېلىدىغان بولەك بىلەن ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە كېلىدۇ. شۇڭا ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن بولەكنىڭ ئالدىدا قاتار كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئىنقىلاۋنى ئەنئەنە تەربىيىسىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش كې-
رەك. سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىپىسى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاندى.

لېكىن ۋاقىت رەۋىشلىرىدىن تۈزۈلگەن ياندىشىش مۇناسىۋىتىدىكى ھالەتلەر ئۆزى ئېنىقلاپ كەلگەن بولەك بىلەن قاتار كېلىشىمۇ ياكى يىراق كېلىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار مەيلى يېقىن ياكى يىراق كەلسۇن، قايسى بولەككە باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئۆتكەن يىل دېخانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى. دېخانچى-
لىقتىن ئۆتكەن يىل مول ھوسۇل ئېلىندى.

تۈنۈگۈن ئۈرۈمچىگە چەتئەللىك مېھمانلار كەلدى. ئۈرۈمچىگە

تۈنۈگۈن چەتئەللىك مېھمانلار كەلدى.

2) شېئرىيەتتە قاپىيە، ۋەزىن ئېھتىياجى بىلەن بەزى ھالەتلەر ئۆزى ئىنقىلاپ كېلىدىغان سوزدىن كېيىن كېلىشى مۇمكىن. بۇ پەقەت قىسمەن ھالدىلا ئىبارەت. مەسىلەن:

ئۆزۈم ئوخشىدى شۇنچە،

تەر توككەچكە داجىيچە.

سالدۇق چۇنجىگە قاتار،

مەرۋايىتتىن مۇنارنى.

(بۇغدا ئابدۇللا)

3) ياندىشىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن تەكداش ھالەتلەر بىرلا بولەككە تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئورنىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. مەسىلەن:

ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يىلمۇ - يىل، پەيدىن - پەي ياخشىلاش لازىم. "تۆت كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ زەھەرلىرىنى قەتئىي، ئۈزۈل - كېسىل، تەل - تۆكۈس تازىلىشىمىز لازىم.

يۇقۇرقى مىساللاردىكى ئاستىغا سىزىلغان ھالەتلەرنىڭ ئورنىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. لېكىن ئۆزى ئىنقىلاپ كەلگەن سوزدىن يىراق قويۇشقا بولمايدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدا جۈملە بولەكلىرى ئەدىبىي تىلنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بويىچە بەلگىلىك تەرتىپ بىلەن ئورۇنلىشىدۇ. جانلىق تىلدا، بولۇپمۇ شېئرىيەتتە لوگىك ئۇرغۇنىڭ قايىسى بولەككە چۈشكەنلىكى سەۋەبلىك جۈملە بولەكلىرى غەيرى نورمال ئورۇنلىشىشى مۇمكىن.

جۈملىدە جۈملە بولەكلىرىنىڭ بەلگىلىك تەرتىپتە كېلىشى مۇھىم سىنتاكسىسلىق ھادىسە ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى جۈملە بولەكلىرى

نىڭ ئورۇن تەرتىۋى سىنتاكسىسلىق باغلىنىشىنىڭ مۇھىم شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان ئىستىلىستىكىلىق ئامىل، شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىسىنى بەلگىلەشكە سەۋەبچى بولىدىغان ئامىل. شۇنىڭ ئۈچۈن جۈملىدە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئورۇن تەرتىۋى ھەققىدىكى قائىدە-قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە ئەدەبىي تىلدا بۇ قائىدە-قانۇنىيەتلەرگە رىئايە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش زۆرۈر.

# ئون سەككىزىنچى باپ جۈملە بىلەن گىراممانىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر

## 69 - § جۈملە بىلەن گىراممانىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر ھەققىدە چۈشەنچە

ئالدىنقى باپتا جۈملىدە سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىدىغانلىقى ھەققىدە توختالدۇق. لېكىن جۈملە تەركىۋىدىكى ھەرقانداق سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇۋەرمەيدۇ، بەزى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى جۈملىدە باشقا بۆلەكلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق باغلىنىشتا بولۇپ كېلەلمەيدۇ ياكى ئۆز ئالدىغا سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئارتقۇرالمايدۇ. مەسىلەن:

سۈيۈملۈك يولداشلار، ياخشىمۇ سىلەر!

پاھ، تازىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك گەپ قىلدىڭىز، ئۇكا! گۈلنۇر ۋەزىپىنى، سۆزسىز، ھەممىدىن بۇرۇن ئورۇنلايدۇ.

يۇقۇرقى جۈملىلەردە ئاستى سىزىلغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلەرى ئوي - پىكىر قارىتىلغان شەخسنى، سۆزلىگۈچىنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنى ۋە ئوي - پىكىرنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا نىسبەتەن ئىشەنچىنى ئىپادىلەپ كەلگەن، ئۇلار مۇشۇ جۈملىلەردىكى باشقا سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولمىغان ۋە ئۆز ئالدىغا سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئۆتىمىگەن. لېكىن بۇ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرى يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى، ئاغزاكى نۇتۇقتا ئۆزىگە خاس ئىنتۇناتسىيە ئارقىلىق شۇ جۈملىدىكى باشقا بۆلەك-

لەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرى ئېلىپ تاشلانسىمۇ، جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا تەسىر يەتمەيدۇ.

ياخشىمۇ سىلەر، تازىمۇ كوڭۈلدىكىدەك گەپ قىلدىڭىزا! گۈلنۇر بۇ ۋەزىيەتنى ھەممىدىن بۇرۇن ئورۇنلايدۇ.

دېمەك، جۈملە بۆلەكلىرى بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتتە بولالمايدىغان، ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە (تىنىش بەلگىلىرى) ئارقىلىق جۈملە بۆلەكلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان سوز ۋە سوز بىرىكمىلىرى جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سوزلەر دېيىلىدۇ.

جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سوزلەر جۈملىدە ئىپادىلىگەن مەنىسىگە ۋە قانداق سوزدىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ، قاراتما سوز، قىستۇرما سوز ۋە ئۈندەش سوز دەپ ئۈچ تۈرگە بولۇنىدۇ.

## 70 - § قاراتما سوز

جۈملىدىكى ئوي - پىكىرنىڭ كىمگە قارىتىلغانلىقىنى كورسىتىش ۋە جۈملىدىكى ئوي - پىكىرگە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سوز قاراتما سوز دېيىلىدۇ.

قاراتما سوز دىئالوگلار، خەت - چەك ۋە بىر قىسىم ئىش قەغەزلىرىدىكى بۇيرۇق، ئۈندەش ۋە سوراق جۈملىلەردە كوپرەك ئۇچرايدۇ، شۇنىڭدەك جانلىق تىلدا ئۆزىگە خاس كوتىرەڭگۈ ئاھاڭ بىلەن، يېزىقتا پەش بىلەن جۈملىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ؛ مەسىلەن:

ھەي ئۇكام، گوڭشىغا مۇشۇ يول بىلەن بارامدۇ؟ ئەزىز، سەن بىزنىڭ توشۇغان تېشىمىزنى ھساپلاپ كور! يولداشلار، سىلەرنىڭ توتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا ئاكتىپ رول ئوينىشىڭلارنى ئۈمىت

قىلىمىز.

جۈملىدە قاراتما سۆز بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر، ئاساسەن، كىشىلەرنىڭ ئىسىم - پەمىلىسى، كىشى ئىسىملىرى ئورنىدا قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم سۆزلەر بولۇپ، ئۇلار ئايرىم ياكى بىرىكمە شەكلى بويىچە شەخس ۋە كۆپلۈك قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن ياكى تۈرلەنمىگەن ھالدا قوللىنىلىدۇ. شۇنىڭدەك قاراتما سۆزلەر جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشتا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئورنىمۇ تۇراقسىز بولىدۇ. مەسىلەن:

دوستۇم، تۇرمۇشنىڭ بۇ ئاددى، ئەمما ئاجايىپ خاتىرىسىنى، ئەلۋەتتە، قەدىرلەيدۇ دەپ ئويلايمەن. بىزمۇ بوش كەلمەيمىز - دە، ئۇكا.

## § - 71 قىستۇرما سۆز

جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرگە ۋە ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش ئەھۋالىغا سۆزلىگۈچىنىڭ قانداق قارايدىغانلىقى (قانداق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقى) نى ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدىغان، جۈملە بىلەن گىراماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆز قىستۇرما سۆز دېيىلىدۇ. قىستۇرما سۆز ئۆزىگە خاس تىنىش ۋە ئىنتوناتسىيە، يېزىقتا پەش ئارقىلىق جۈملىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

قىستۇرما سۆز بولۇپ كېلىدىغان سۆزلەر: ئەلۋەتتە، سۆزسىز، شۈبھىسىز، ھەقىقەتەن، ئېھتىمال، دەرۋەقە، ئەكسىچە، ئېيتقاندەك، ئېيتماقچى، تەزرىسىدە، مېنىڭچە، بەختىمىزگە يارىشا، خەيرىيات، دېمەك، قىسقىچە، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئومۇمەن، ھېچ بولمىغاندا، ھەر ھالدا، خالاس، بىر تەرەپتىن، ئىككىنچى تەرەپتىن، ئاخىرى، ئامال قانچە، ئاساسەن، بىرىنچىدىن، ئىككىنچىدىن ۋە باشقىلار. قىستۇرما سۆزلەر مەنە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، جۈملىدە تۆۋەندىكىدەك مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدۇ.

1) بەزى قىستۇرما سۆزلەر كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك ھېس - تۇي-

مۇلىرى (خۇشاللىق، پۇشايمان، ئىشەنچ، گۇمان...)نى ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

بەختىمىزگە يارىشا، بۇ يىل دېخانچىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىندى (خۇشاللىق). ئامال قانچە، قانىتىم بولسا، بېيجىڭغا ئۇچۇپ بارسام (ئارمان). ئۇلار، سوزسىز، بىرىنچىلىكنى ئالىدۇ (ئىشەنچ). ئېھتىمال، ئۇلار بۇگۇن كېلىپ قالار (پەرەز).

2) بەزى قىستۇرما سوزلەر جۇملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرگە سۇبيېكتىپنىڭ قانداق قاراشتا بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

مېنىڭچە، سىز مەكتەپ ئىمتىھانىغا ئوبدان بويسۇندىڭىز. بۇ، خەلق ئېغىز ئىجادىيىتى دېگىنىزنىڭ بىر تامچىسى، خالاس. سىلەرچە، بىز بۇ ئىشنى خاتا قىلغان بولدۇقمۇ؟

3) بىر قىسىم قىستۇرما سوزلەر ئالدىنقى ئوي-پىكىردىن خۇلاسە چىقىرىلغانلىقىنى ياكى ئالدىنقى ئوي-پىكىر بىلەن كېيىنكى ئوي-پىكىرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەت مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشى ئۇچۇن پايدىلىق. دېمەك، بىز ھەممە ئىشنى ئوز جايىدا ئىشلەپ كېتىۋاتىمىز.

4) بەزى قىستۇرما سوزلەر جۇملىدىكى ئوي-پىكىرنىڭ تەرتىۋىنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئەلاچى بولۇش ئۇچۇن، بىرىنچىدىن، دەرستىن قالماسلىق، ئىككىنچىدىن، تىرىشىپ ئوگىنىش، ئۇچىنچىدىن، ئىنتىزامغا قەتئىي رىئايە قىلىش لازىم.

قىستۇرما سوزنىڭ جۇملىدىكى ئورنى تۇراقسىز، يەنى قىستۇرما سوزلەر جۇملىنىڭ بېشىدا، ئوتتۇرىسىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىۋېرىدۇ.

## 72 - § ئۈندەش سوز

جۈملىدىكى ئوي - پىكىرگە ياندىشىپ ھالدا سۆزلىگۈچىنىڭ ھىس - تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئېنىق ۋە تەسىرلىك ئىپادىلەش رولىنى ئوينايدىغان، جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سوز ئۈندەش سوز دېيىلىدۇ. ئۈندەش سوزلەرمۇ جۈملە تەركىۋىدە كەلگەندە ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە، پەش ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئىخ، بىچارە قىز، يۈزى ئاپپاق تاتىرىپ كەتكەن! پاھ - پاھ، بۇ جايلار نىمە دىگەن گۈزەل بولۇپ كەتكەن. ئوھوي، قالتىس ئىشلەپ كېتىپسىزغۇ؟ ۋاي - ۋۇي، سىنىڭ بۇ قىلمىقلىرىڭدىن ئەجەپ زېرىكىپ كەتتىم!

بۇ جۈملىلەردىكى ئۈندەش سوزلەر سوزلىگۈچىنىڭ ئىچ ئاغرىتىش، زوقلىنىش، ھەسداشلىق قىلىش ۋە زېرىكىشتەك ئىچكى ھىس - تۇيغۇسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن، لېكىن پۈتۈن جۈملە بىلەن ياكى جۈملىنىڭ بىرەر بولىكى بىلەن ھېچقانداق گىرامماتىكىلىق باغلىنىشتا بولمىغان.

جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سوزلەر بەزىدە يەككە ھالدا، بەزىدە ئارىلاش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بولداشلار، سىلەر، ئەلۋەتتە، بۇ ئىشنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايسىلەر. ھە، ئىبراھىمجان، باشقىلارنىڭ كەينىدە يۈرمەسىز، بىگىسگىزنى كورسەتمەمسىز!

# ئون توققۇزىنچى باپ ئاددىي جۈملىنىڭ تۈرلىرى

## 73 -§ يىغىق ۋە يېيىق جۈملە

ئاددىي جۈملىلەر باش بولەكلەردىن ياكى باش ۋە ئەگەشمە بولەكلەردىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ ئىككى خىلغا بولۇنىدۇ.

### 1. يىغىق جۈملە

باش بولەكلەردىنلا تۈزۈلگەن ئاددىي جۈملە يىغىق جۈملە دېيىلىدۇ. يىغىق ئاددىي جۈملە ئىگە بىلەن خەۋەردىن ياكى ئىككىسى ئۆزىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان بىرلا خەۋەردىن ۋە ياكى بىر-نەچچە تەڭداش ئىگە بىلەن بىرلا خەۋەردىن تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن: ئىشلىگەن چىشلەيدۇ. يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى مۇھىم. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى سوتسىيالىستىك دۆلەت. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى گۈللەپ-ياشنىماقتا.

### 2. يېيىق جۈملە

باش ۋە ئەگەشمە بولەكلەردىن تۈزۈلگەن ئاددىي جۈملە يېيىق جۈملە دېيىلىدۇ. يېيىق ئاددىي جۈملە تەركىبىدە باش بولەكتىن باشقا، بىر ياكى بىرنەچچە ئەگەشمە بولىدۇ، كېڭەيگەن بولەك ياكى تەڭداش باش ۋە ئەگەشمە بولەكلەر بولىدۇ. مەسىلەن: ئاپپاق ئىمارەتلەرنى قويىنىغا ئالغان بۇ بۈك-باراقسان بوستان

لىمىغا ئىش قايىنىغان ئىدى.

ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان يېيىق ئاددىي جۈملىنىڭ شەكىللىرى خېلى كۆپ. ئۇلار تۈزۈلۈشىنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بىرلا ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئۇ بولسىمۇ، باش ۋە ئەگەشمە بۆلەكلەردىن تۈزۈلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

## § -74 ئىگىلىك ۋە ئىگىسىز جۈملە

ئاددىي جۈملىلەر ئۆز تەركىۋىدە ئىگىنىڭ بولۇش - بولماسلىقىغا قاراپ، ئىككى خىلغا بولۇنىدۇ:

### 1. ئىگىلىك جۈملە

گراماتىكىلىق ئىگىسى بار ياكى ئىگىسى ئېنىق ئېيتىلمىسىمۇ، خەۋەردىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ئاددىي جۈملە ئىگىلىك جۈملە دېيىلىدۇ.

تەقەززالىق بىلەن كېچىچە كىرپىك قاقمىغان ئەزىز ئاكا تاڭ سەھەردىلا پايتەختىمىزدىكى كۆركەم مېھمانخانىنىڭ بالكونىغا چىقتى. گۈزەل پايتەخت نۇر دېڭىزىغا چۆمۈلگەن ئىدى، قەۋەت - قەۋەت بىنالار، ياپ - يېشىل دەرەخلەر، كەڭ - ئازادە كوچىلار خۇددى ئالتۇن بىلەن يۇغۇرۇلغاندەك نۇر ئىلكىدە پارلايتتى.

پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىڭلار (ئىگىسى — سىلەر).

ئىگىلىك جۈملىنىڭ ئىگىسى تۆۋەندىكىدەك ئىككى خىل ئەھۋالدا يوشۇرۇن ئىپادىلىنىدۇ.

1) ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە ئاددىي جۈملە قاتار كەلگەندە، باشتىكى ئاددىي جۈملىدە ئىگە ئوچۇق ئېيتىلىپ، كېيىنكى ئاددىي جۈملىدە ئېيتىلمايدۇ. شۇ بىر ئىگىنىڭ قالغان جۈملىلەرگىمۇ

ئورتاق ئىگەلىكى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

ئارىلىقتىكى سىنىپلار يا ئوتتۇرا بۆلۈمنىڭ ئەڭ يۇقىرى سىنىپلىرىدىن ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە قايىلىدۇ.

2) ئىگىسى خەۋەردىكى شەخس قوشۇمچىسىدىن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان جۈملىلەردە ئىگە ئېنىق ئېيتىلماي چۈشۈپ قالىدۇ. مەسىلەن:

خەلقىمىزنىڭ كىلاسسىك مۇزىكىلىرىدىن 12 مۇقامنى ئۆز ۋاقتىدا توپلاپ ساقلاپ قالدۇق (ئىگىسى — بىز). خەلقىمىز ئەدەبىياتىغا دائىر كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى توپلىدۇق (ئىگىسى — بىز).

## 2. ئىگىسىز جۈملە

گىرامماتىكىلىق ئىگىسى يوق ياكى ئىگىسىنى ئېنىقلاشقا بولمايدىغان ئاددىي جۈملە ئىگىسىز جۈملە دېيىلىدۇ. جۈملىنىڭ ئىگىسىز بولۇشى، ئاساسەن، شۇ جۈملىدىكى خەۋەرنىڭ قانداق سۆزلەردىن تۈزۈلگەنلىكىگە ۋە قانداق گىرامماتىكىلىق شەكىل بىلەن تۈزۈلگەنلىكىگە باغلىق. شۇڭا خەۋىرى تۆۋەندىكىدەك تۈزۈلۈشتە بولغان جۈملە ئىگىسىز جۈملە بولىدۇ.

1) خەۋىرى ھەرىكەت نامى بىلەن كېرەك ياكى لازىم سۆزلىرىدىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر:

مۇنداق روھىڭىزدىن ئۆگىنىش كېرەك. ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرۈش كېرەك ئىدى. ئىشنى ۋاقتىدا ئىشلەش لازىم.

2) خەۋىرى مەجھۇل دەرىجىدىكى ئارىلاش سۆز بىرىكمىلىرىدىن ھەم بول پېئىلى ياكى باشقا سۆز بىلەن بول پېئىلىنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر:

ئاينى ئېتەك بىلەن ياپقىلى بولماس. دەرستىن قېچىپ بىلىشكە بولمايدۇ.

3) خەۋىرى خالاش پېئىلى بىلەن 3 - شەخستىكى كەل پېئىلىدىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر:

مېنىڭ بېيجىڭغا تازا بارغۇم بار. ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرگۈسى كەلدى. سىلەرنىڭ ئىشلىگىلار كەلمىدۇ؟

4) غىلى، قىلى، كىلى، قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان رەۋىشداشلار بىلەن بولىدۇ، بولامدۇ، بولمايدۇ پېيىللىرى قوشۇلۇپ خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملە ئىگىسىز بولىدۇ. مەسىلەن:

ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى سانىغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن "توت كىشىلىك گۇرۇھ" نىڭ رەزىل ئەپتى - بەشىرىسىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 75 - § تولۇق ۋە تولۇقسىز جۈملە

ئاددى جۈملىلەر بۆلەكلىرىنىڭ تولۇق ئېيتىلغان ياكى تولۇق ئېيتىلمىغانلىقىغا قاراپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

### 1. تولۇق جۈملە

شۇ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئېيتىلغان جۈملە تولۇق جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

بىزنىڭ ئالدىمىزدا پارلاق ئىستىقبال تۇرماقتا. كوممۇنىستلار مەۋجۇت ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە سىياسى تۈزۈمگە قارشى تۇرىدىغان بارلىق ئىنقىلاۋىي ھەركەتلەرنى ھەممە يەردە قوللايدۇ. («كوممۇنىستىك پارتىيە خىتاپنامىسى» دىن)

### 2. تولۇقسىز جۈملە

شۇ جۈملىگە مۇناسىۋەتلىك بۆلەكلىرى تولۇق ئېيتىلمىغان جۈملە تولۇقسىز جۈملە دېيىلىدۇ.

تولۇقسىز جۈملە بەدىئى ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ دىئالوگلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. لېكىن قانداق بۆلەكلىرى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئالدى-

ئارقىسىدىكى جۈملىنىڭ مەزمۇنىدىن ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

— مەۋلان، نەگە باردىڭ؟

— كىتاپ ئالغىلى.

— نەدىن؟

— شىنخۇا كىتاپخانىسىدىن.

بەزى ماقال - تەمسىللەرمۇ تولۇقسىز جۈملىگە كىرىدۇ. مەسىلەن:

ئات يولدا سىنىلار، ئادەم ئۇزۇن ئىشتا.

ئىشچانىنىڭ پۇلى تۈگىمەس، بەتخەجنىڭ قەرزى.

مال تۈيىقىدىن قېرىيدۇ، ئادەم قولىقىدىن.

## يىگىرمىنچى باپ مۇرەككەپ جۈملە ھەققىدە چۈشەنچە

### 76 - § مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

سىنتاكسىسنىڭ ئاددى جۈملە ۋە سوز بىرىكمىلىرىدىن باشقا يەنە بىر مۇھىم تەتقىقات ئوبيېكتى — مۇرەككەپ جۈملە. شۇڭا سىنتاكسىسنى ئاددى جۈملە سىنتاكسىسى ۋە مۇرەككەپ جۈملە سىنتاكسىسى دەپ ئىككى قىسىمغا بولىمىز.

ئاددى جۈملە سىنتاكسىسى بىلەن مۇرەككەپ جۈملە سىنتاكسىسى تەتقىقات ئوبيېكتى جەھەتتىن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ، لېكىن بىر بىرى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. مەيلى ئاددى جۈملە ياكى مۇرەككەپ جۈملە بولسۇن، ھەر ئىككىلىسى كىشىلەرنىڭ ئوي - پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان تىل شەكلى ھەمدە ئىپادىلىگەن ئوي - پىكرىنىڭ ئوخشاش خاراكتېردە بولۇش (بايان، ئۈندەش، سوراق ۋە بۇيرۇق خاراكتېرىدىكى ئوي-پىكىرلەرنى ئىپادىلەش) جەھەتتە ئورتاق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. لېكىن ئۇلار تۈزۈلۈش جەھەتتىن بىر بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا مۇرەككەپ جۈملە سىنتاكسىسىدا ھەر خىل - ھەر شەكىلدىكى مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

مەزمۇن جەھەتتىن بىر بىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددى جۈملىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق قائىدە بويىچە بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن جۈملە مۇرەككەپ جۈملە دېيىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگى - روھىڭ سامان بولماس (ماقال). ئۇ گۇگشىي دوختۇرخانىسىغا قايتىپ كەلگەندە، كۈن خې لىلا كەچ بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ شەھەردىن چىقىپ كۈتۈپ تۇرغان ئاچىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كورۇشتى (زوردۇن سابىر)

يۇقۇرقى جۇملىلەرنىڭ بىرىنچىسى 2 ئاددى جۇملىدىن، ئىككىنچىسى 3 ئاددى جۇملىدىن تۈزۈلگەن.

مۇرەككەپ جۇملە تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1) مۇرەككەپ جۇملە ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددى جۇملىنىڭ ئۆزئارا سىنتاكسىسلىق باغلىنىشىدىن تۈزۈلىدۇ.

2) مۇرەككەپ جۇملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىنىڭ بەزىلىرى تۈزۈلۈش ۋە مەزمۇن جەھەتتىن مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالسا، بەزىلىرى ساقلاپ قالالمايدۇ.

3) مۇرەككەپ جۇملە ئېغىزدا بىر تۇتاش ئىنتونائاتسىيە بىلەن ئېيتىلىدۇ، يېزىقتا بولسا، ئۆزىگە خاس تىنىش بەلگىلىرى قوبۇلىدۇ.

مۇرەككەپ جۇملە جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە پىكىر قىلىش قابىلىيىتىنىڭ ئۇسۇشىگە ئەگىشىپ تەرەققى قىلىدۇ ۋە شۇ جەريانىدا ئۇلارغا ئەكس تەسىر كورسىتىپ، جەمىيەتنىڭ، مەدىنىيەتنىڭ، تەپەككۇرنىڭ تەرەققى قىلىشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ھازىر ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان مۇرەككەپ جۇملىنىڭ شەكىللىرى خىلمۇ - خىل. لېكىن مۇرەككەپ جۇملىنىڭ مۇنداق ھەر خىل شەكىللىرى مەلۇم بىر تارىخىي باسقۇچتىلا مەيدانغا كەلگەن ئەمەس، ئۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىچكى تەرەققىيات قانۇنىيىتى ۋە باشقا تىللارنىڭ ئىجابى تەسىرى بىلەن، ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي جەريانىدا ئاستا - ئاستا قېلىپلىشىپ، بۈگۈنكىدەك تەرەققىيات باسقۇچىغا يەتكەن. ئازاتلىقتىن بۇيانقى ئۇيغۇر ئەدەبىي

تىلىدىكى مۇرەككەپ جۇملە شەكىللىرى بۇنى ئوچۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

## 77 - § مۇرەككەپ جۇملىنىڭ تۈزۈلۈش شەكىللىرى

مۇرەككەپ جۇملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىلەر بەلگىلىك قائىدە - قانۇنىيەتلەر بويىچە ئۆزئارا بىرىكىپ مۇرەككەپ جۇملىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئاددى جۇملىلەرنى بىر بىرى بىلەن باغلاپ، بىر تۇتاشلىققا ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان ھەم ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان سىنتاكسىسلىق شەكىللەر ھەر خىل بولىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاددى جۇملىلەر تۆۋەندىكى قائىدە- قانۇنىيەتلەر بويىچە ئۆزئارا باغلىنىپ مۇرەككەپ جۇملىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

1) مۇرەككەپ جۇملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىنىڭ خەۋىرى تولۇق ئاياقلاشمىغان شەكىلدە كېلىش يولى بىلەن:

كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغىچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول. (ماقال)

جاڭ ئۇستام ئۆيگە كىرگەندە، چۈنخۇا چىرايلىق بېزەلگەن ئۆيدە ياستۇققا يۆلىنىپ، ئۆز ئۆيىدىكىدەك بەھۇزۇر ئولتۇراتتى. (ئابدۇكېرىم مەخسۇت)

2) مۇرەككەپ جۇملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىنىڭ خەۋىرى تولۇق ئاياقلاشقان شەكىلدە، تۈرلۈك باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىش يولى بىلەن:

ھاشىم ئاكا ئاتلارنىڭ ئاخىرقى بوغۇزىنى بېرىپ چىقتى - دە، قېرى بايتالنىڭ ئالدىغا كەلدى. (قەييۇم تۇردى)

ئالىمجان سەۋرىچان يىگىت ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ قېتىم تاقەت قىلالمىدى.

3) مۇرەككەپ جۇملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىلەر ئۆزلىرى-

نىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئورۇن تەرتىۋى، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئوزئارا باغلىنىپ كېلىش يولى بىلەن:

قوم يىغىلسا تاغ بولىدۇ، ئەل يىغىلسا باغ بولىدۇ (ماقال)

بوران گۈكۈرەيتتى، قارنىغايلىق سۈرلۈك قارسىلدايتتى، قارلار بۇلۇتتەك ئۇچۇپ كېلىپ ئازگاللارنى، قاپتاللارنى تىندۇراتتى... (زوردۇن سابىر)

## 78 - § مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ جۈملىلەرنى تۈرلەرگە بۆلۈشتە مۇرەككەپ جۈملىنىڭ ئومۇمىي خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى نەزەردە تۇتۇش، مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل (تۈزۈلۈش) جەھەتتىن مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالغان ياكى ساقلاپ قالالمىغانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق يول بىلەن باغلانغانلىقى پرىنسىپ قىلىنىشى كېرەك. چۈنكى مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالسا، بەزىلىرى مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە ئوزئارا باغلىنىپ كېلىشتىن تۈزۈلسە، بەزى مۇرەككەپ جۈملىلەر ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئوزئارا باغلىنىپ كېلىشتىن تۈزۈلىدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ جۈملىلەرنىڭ ئەنە شۇنداق ئومۇمىي خاراكتېرلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلىپ، تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە، بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە دەپ 3 تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

# يىگىرمە بىرىنچى باپ تەگداش
# مۇرەككەپ جۇملە

## 79 - § تەگداش مۇرەككەپ جۇملە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

ئاددى جۇملىلەرنىڭ تەگداشلىق مۇناسىۋەتتە ئازئارا باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ جۇملىلەر تەگداش مۇرەككەپ جۇملە دېيىلىدۇ.

تەگداش مۇرەككەپ جۇملە ئۇزاق تارىخقا ئىگە جۇملە شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1) تەگداش مۇرەككەپ جۇملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىلەر مەزمۇن ۋە گىراماتىكىلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىن مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ، لېكىن ئۇلاردا ئىپادىلەنگەن ئوي - پىكىرلەر بىر بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

2) تەگداش مۇرەككەپ جۇملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىلەر بىر تۇتاش ئىنتوناتسىيە (يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى) ياكى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق ئۇزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئاڭ ماددى دۇنيانىڭ ئۇزاق مۇددەت تەرەققى قىلغانلىقىنىڭ مەھسۇلى، ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت يۇكسەك دەرىجىدە ئۇيۇشقان ماددى ئەزانىڭ خىزمىتى، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائى ئەمەلىيەت جەريانىدا رىياللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈشى.

3) تەگداش مۇرەككەپ جۇملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىلەرنىڭ خەۋەرىگە خاس گىراماتىكىلىق ئامىللار بەزىدە ھەممىسىگە ئۇلىنىشى، بەزىدە مەلۇملىرىغا ئۇلىنىپ، مەلۇملىرىغا ئۇلانماسلىقى

مۇمكىن چۈنكى تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، گىراممامىكىلىق ئامىلىنىڭ باشقا ماددى جۈملىلەرگىمۇ ئورتاق ئىكەنلىكى ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

دىيالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخى ماتېرىيالىزم — پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، شۇنداقلا بىزنىڭ بارلىق ئىنقىلاۋىي خىزمىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئاساس.

## § 80 - تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈرلىرى

تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ ئۆزئارا قانداق باغلىنىپ كەلگەنلىكىگە قاراپ ئىككى تۈرگە بولۇنىدۇ:

### 1. باغلىغۇچىلىق تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە

تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە باغلىغۇچىلىق تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە دېيىلىدۇ.

تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى سىنتاكسىسلىق مۇھىم ئامىل باغلىغۇچىلاردىن ئىبارەت. شۇڭا باغلىغۇچىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى باغلىغۇچىنىڭ خاراكتېرىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك شەكىللەردە بولىدۇ.

1) تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە. بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملە يەككە - يەككە ئوي - پىكىرنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىر تۇتاش ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭدەك، شۇنداقلا، ھەمدە، ھەم، ۋە قاتارلىق بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار بۇ خىل جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە مۇھىم رول

ئوينايدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن:

مىڭ تاۋ بۇ تېتىك قىزغا ئىگىلىپ ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىنى يېرىكلىشىپ كەتكەن قوللىرىنى سىلىدى ۋە ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كورپىسىنى بەردى ھەم چاچلىرىنى يۇيۇپ - تاراپ قويدى ھەمدە ئۇنى ئۆزىگە يارەمچى قىلىۋالدى.

2) تەركىۋىدىكى ئاددىي جۈملىلەر قارىمۇ - قارشى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە. بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملە بىر بىرىگە زىت ئوي - پىكىرلەرنىڭ يېغىندىسىدىن ھاسىل بولغان قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن، ئەمما، بىراق، ۋاھالەنكى، ئەپسۇسكى، ھالبۇكى، شۇنداقتىمۇ قاتارلىق قارشىلىق باغلىغۇچىلىرى بۇ خىل جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە مۇھىم رول ئويناىدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن:

كىلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ كۆپلىگەن ئەسەرلىرىنى تۇپلىدۇق، بىراق بۇ، دېڭىزدىن ئىبارەت بولغان خەلق ئىجادىيىتىنىڭ بىر تامچىسى، خالاس.

3) تەركىۋىدىكى ئاددىي جۈملىلەر سەۋەپ - نەتىجە باغلىغۇچىلىرى ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە. بۇ خىل تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە سەۋەپ - نەتىجە مەزمۇنىدىكى قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شۇڭا، شۇڭلاشقا، چۈنكى قاتارلىق سەۋەپ - نەتىجە باغلىغۇچىلىرى بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە مۇھىم رول ئويناىدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىل بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن تۇرمۇش ئادەتتىكى تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ يۇكسەك، تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، تېخىمۇ ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان بولىدۇ. (ماۋزېدۇڭ).

4) تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىلەر تاللىما باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۇملە. بۇ خىل مۇرەككەپ جۇملە بىر قانچە يەككە ئوي - پىكىردىن بىرسىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقى ياكى ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يا، ياكى قاتارلىق باغلىغۇچىلار بۇ خىل مۇرەككەپ جۇملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىل بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

كاپىتالىستلار يۇقۇرى پايدا ئېلىش ئۈچۈن، يا ئىشچىلارنىڭ ئەمگەك ۋاقتىنى ئۇزارتىدۇ، ياكى ئىش ھەققىنى قىسقارتىدۇ، ياكى يېڭى ئىشلەپچىقىرىش قوراللىدىن پايدىلىنىدۇ. (ماۋزېدۇڭ)

5) تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىلەر كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن تەڭداش مۇرەككەپ جۇملە. بۇ خىل مۇرەككەپ جۇملە بىر بىرىنىڭ مەزمۇنىنى كۈچەيتىدىغان قوش ئوي - پىكىرلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ھەتتا، بەلكى، گوياكى، ھەتتاكى قاتارلىق كۈچەيتكۈچى باغلىغۇچىلار بۇ خىل جۇملىلەرنىڭ تۈزۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينايدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىل بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. مەسىلەن:

مەن ئۇنى پەقەت كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان.

## 2. باغلىغۇچىسىز تەڭداش مۇرەككەپ جۇملە

تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىلەر باغلىغۇچىلارسىز باغلانغان تەڭداش مۇرەككەپ جۇملە باغلىغۇچىسىز تەڭداش مۇرەككەپ جۇملە دېيىلىدۇ.

باغلىغۇچىسىز تەڭداش مۇرەككەپ جۇملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىلەر مەزمۇن جەھەتتىن ناھايىتى يېقىن بولىدۇ. ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى جۇملىلەر جانلىق تىلدا ئىنتوناتسىيە يېزىقتا پەش ۋە چېكىتلىك پەش ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ،

يەنى ياندىشىش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىدۇ.

باغلىغۇچىسىز تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تەركىۋى تۈزۈلۈشى ھەر خىل بولىدۇ، بەزىلىرى ئىككى ئاددى جۈملىدىن، بەزىلىرى ئۈچ - تۆت ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئاددى جۈملىدىن تۈزۈلىدۇ؛ شۇنىڭدەك تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بۇ خىل تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1) ئۆزىگە خاس ئىگىسى بار ئاددى جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن باغلىغۇچىسىز تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە:

يالتىرايدۇ ئەستىنىڭ تارىخ ئەينىكىدە،
جاراڭلايدۇ ناخشاڭ قەلبىم كەڭلىكىدە. (ئارسلان)

2) بىرلا ئورتاق ئىگىسى بار بىرنەچچە ئاددى جۈملىدىن تۈزۈلگەن باغلىغۇسىز تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە:

تىل - كونا زەئىپلىشىۋاتقان تۈزۈم ئۈچۈنمۇ، يېڭى گۈللىنىۋاتقان تۈزۈم ئۈچۈنمۇ باپ - باراۋەر خىزمەت قىلىدۇ؛ كونا بازىس ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىدۇ، يېڭى بازىس ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىدۇ؛ ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچىلار ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىدۇ، ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنغۇچىلار ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىدۇ. (ستالىن)

3) بىرنەچچە ئىگىسىز ئاددى جۈملىدىن تۈزۈلگەن باغلىغۇچىسىز تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە:

ھىسسى بىلىشتىن پائالىيەتلىك تۈردە تەرەققى قىلىپ ئەقلىي بىلىشكە ئۆتۈلىدۇ، يەنە ئەقلىي بىلىش ئارقىلىق پائالىيەتلىك تۈردە ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىنىدۇ، سوبيېكتىپ دۇنيا ۋە ئوبيېكتىپ دۇنيا ئۆزگەرتىلىدۇ. (ماۋزېدۇڭ)

4) خەۋىرى ئورتاق سىنتاكسىسلىق ئاملىغا ئىگە ئاددى جۈملىلەردىن تۈزۈلگەن باغلىغۇچىسىز تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە:

بىز چوقۇم ئىگىلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى نەچچە يۈز

مىليون خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى پەيدىن - پەي ئۆستۈرۈش بىلەن ناھايىتى ئوبدان بىرلەشتۈرۈشىمىز، ئىشىمىزنىڭ ھازىرقى كارخانىلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى چەتئەللەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىسىنى پائال كىرگۈزۈش بىلەن ناھايىتى ئوبدان بىرلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە

## 81 - § بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇرەككەپ جۈملىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بىر تۈرى بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بولۇپ، بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملىنىڭ بەزىبىر شەكىللىرى خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. لېكىن مۇتلەق كوپ شەكىللىرى يېقىنقى زاماندىن بۇيان، بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن كېيىن جەمىيەتنىڭ، پەن - مەدەنىيەت-نىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كىشىلەر تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلى-شىشىغا ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن ھەمدە كۈندىن - كۈنگە تە-رەققىي قىلىپ، بېيىپ، مۇكەممەللەشكەن.

تەركىۋىدىكى ئاددىي جۈملىلەر بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇنا-سىۋىتىدە باغلىنىپ كەلگەن مۇرەككەپ جۈملە بېقىندىلىق مۇرەك-كەپ جۈملە دېيىلىدۇ. بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1) بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدىكى يەككە ئوي - پىكىرلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ھا-سىل بولغان قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ.

2) بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددىي جۈملە-لەرنىڭ بەزىلىرى تۈزۈلۈش جەھەتتىن مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالسا، بەزىلىرى ساقلاپ قالالمايدۇ، لېكىن ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىپ، باشقا جۈملىنىڭ بولىكى بولۇپ قالمايدۇ.

3) تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر تۈرلۈك مورفولوگىيىلىك شەكىللەر ۋە باغلىغۇچى ھەم يۈكلىمىلەر ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ كېلىدۇ.

4) تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر ئۆزئارا بېقىنىش ۋە بېقىندۇرۇش مۇناسىۋىتىدە كەلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملىنىڭ ئىنتوناتسىيىسى تەڭداش مۇرەككەپ جۈملىگە قارىغاندا تېخىمۇ بىر تۇتاشلىقتا ئىگە بولىدۇ.

## § - 82 بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئىككى جەھەتتىن تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى بىرىنچىدىن، بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە، يۇقۇرىدا ئېيتىقىنىمىزدەك، بېقىنغۇچى ئاددى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى ئاددى جۈملىدىن تەركىپ تاپىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئورتاق ئالاھىدىلىككە، بەزىلىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ.

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى بەزى ئاددى جۈملىلەر باشقا ئاددى جۈملىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ كېلىدۇ ۋە شۇ مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ئىرگەكلىك رول ئوينايدۇ، تۈزۈلۈش ۋە مەنە جەھەتتىن مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالىدۇ. شۇڭا مۇنداق ئاددى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملە دېيىلىدۇ.

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى بەزى ئاددى جۈملىلەر بېقىندۇرغۇچى ئاددى جۈملىگە ئەگىشىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىرەر بۆلىكىنى ياكى پۈتۈن جۈملىنى تولۇقلاش، ئېنىقلاش رولىنى ئوينايدۇ؛ كۆپىنچىسى مەنە ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن مۇستەقىللىقىنى ساقلىيالمايدۇ، بەزىلىرى تۈزۈلۈش جەھەتتىن مۇستە-

قىلىشنى ساقلاپ قالسىمۇ، مەنە جەھەتتىن مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالمايدۇ. شۇڭا بۇنداق ئاددىي جۈملە بېقىندى جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

قويلار باشلىرىنى بىر بىرىنىڭ قولتۇقلىرىغا تىقىشىپ، قويۇق چاتقاللارنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، غۇژمەك-غۇژمەك بولۇپ تۇرۇشاتتى. (زوردۇن سابىر)

بۇ بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە ئۈچ ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن، 1-، 2-جىسى — بېقىندى جۈملە، ئاخىرىدىكىسى — بېقىندۇرغۇچى جۈملە.

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە ئۆزىگە خاس ئىگىسى بار ئاددىي جۈملىلەردىن ياكى ئىگىسى ئورتاق ئاددىي جۈملىلەردىن ۋە ياكى ئىگىسىز ئاددىي جۈملىلەردىن تۈزۈلۈشى مۇمكىن، شۇنىڭدەك تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈملىلەر بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە دەرىجىلىك باغلىنىشتا باغلىنىپ كېلىشىمۇ ياكى تەڭ دەرىجىدە باغلىنىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

ئېزىلگەن مىللەتلەر بىلەن بىرلىشىش بولمايدىكەن، ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازاتلىقى بولمايدىكەن، ياۋروپا، ئامېرىكا كاپىتالىستىك ئەللىرىدىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس.

ئومۇمەن، تەركىۋى تۈزۈلۈش جەھەتتىن ھەر خىل-ھەر شەكىلدە بولۇشىدىن ۋە تەركىۋىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ قانداق باغلىنىشتا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئورتاق خۇسۇسىيىتى بېقىنغۇچى ئاددىي جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

## 83 - § بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈرلىرى

بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنى تۈرلەرگە بولۇشتە، تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈملىنىڭ بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە قانداق سىنتاكسىسلىق شەكىل ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەنلىكى ۋە شۇ ئاساستا قانداق سىنتاكسىسلىق ۋەزىپە ئارتقۇرۇپ كەلگەنلىكى ھەمدە قانداق مەزمۇندىكى قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلىگەنلىكىنى ئاساس قىلىش لازىم. مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنى تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بولۇش مۇمكىن:

### 1. بېقىندى جۈملىسى تۈرلۈك مورفولوگىك شەكىللەر ئارقىلىق بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە

بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملىنىڭ بېقىندى جۈملىلىرى بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ، تۈزۈلۈش شەكلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئاساسلىق شەكىللىرى تۆۋەندىكىچە:

1) بېقىندى جۈملىسىنىڭ خەۋىرى رەۋىشداشلاردىن تۈزۈلۈپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە. بۇ، مورفولوگىك شەكىللەر بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ ئاساسلىق بىر تۈرى. بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ تۈرلۈك ھالىتىنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

مەسىلەن: ئۇ ماللارنىڭ ئالدىنى قايرىپ، دالىدىكى قويۇق چاتقاللىقتا توختىدى. (زوردۇن سابىر)

2) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى شەرت شارائىتىدىكى پېئىللاردىن تۈزۈلۈپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدىغان بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە. بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملە شەرت ۋە نەتىجە

دىن ئىبارەت قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

ئەگەر بىز خەلق ئاممىسىغا تايىنىشقا ماھىر بولمىساق، پارتىيە سىرتىدىكى خادىملار بىلەن ھەمكارلىشىشقا ماھىر بولمىساق، خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى ئىشلىيەلمەي قالىمىز.

بۇ خىل بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملىنىڭ بەزىسى بېقىندۇرغۇچى جۈملىدىكى ئوي - پىكىرنىڭ ۋاقتىنى ئىنقىلابىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مەن بۇ يەرگە كەلسەم، ھېچكىم يوق ئىكەن. بىز بارساق، مەجلىس باشلىنىپ كېتىپتۇ.

3) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى كېلىدىغان زامان خەۋەر رايىدىكى پېئىللار بىلەن ئىكەن تولۇقسىز پېئىلنىڭ شەخسلىك ياكى شەخسسىز شەكلىدىن تۈزۈلۈپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە. بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملىمۇ شەرت - نەتىجە مەزمۇنىدىكى قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

يېزا ئىگىلىكى بولمايدىكەن، يېنىك سانائەتمۇ بولمايدۇ.

4) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى سۈپەتداش ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرىدىن تۈزۈلۈپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە. بۇ خىل شەكىلدىكى مۇرەككەپ جۈملىمۇ شەرت - نەتىجە مەزمۇنىدىكى قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بولمىغاندا، تۆۋەنگە نەزەر سېلىش نىيىتى بولمىغاندا، بىلىم ئېلىش تەشنالىقى بولمىغاندا، شاگىرت بولۇش روھى بولمىغاندا، ئىشنى چوقۇم ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ. (ماۋزېدۇڭ)

5) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى — ئاي، ئەي قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ياسالغان بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللاردىن تۈزۈلۈپ، بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈم-

لە. بۇ خىل جۈملىمۇ شەرت ـ نەتىجە مەزمۇنىدىكى قوشما ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

جاپا تارتماي، ھالاۋەت يوق. ئۇ بۇ يەرگە كەلمەي، مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ.

## 2. بېقىندۇرغۇچى جۈملىسى «كى» باغلىغۇچىسى بىلەن كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە

بۇ خىل مۇرەككەپ جۈملىنىڭ بېقىندۇرغۇچى جۈملىسى باشتا، بېقىنغۇچى جۈملىسى ئاخىرىدا كېلىدۇ. بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە «كى» قوشۇلۇپ، ئاخىرىدىكى جۈملىنى مەزمۇن جەھەتتىن ئۆزىگە بېقىندۇرىدۇ. بېقىندى جۈملىسى سىنتاكسىسلىق تۈزۈلۈش جەھەتتىن تولۇق ئايىقلاشقان شەكىلدە كېلىدۇ. بېقىنغۇچى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ بىرەر بۆلىكىگە باغلىنىپ كېلىپ، ئۆزى باغلىنىپ كەلگەن بۆلەكنى ئىزاھلاش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا بېقىندى جۈملىسى ئىگە بېقىندى جۈملە، خەۋەر بېقىندى جۈملە، تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە، ئېنىقلىغۇچى بېقىندى جۈملە ۋە ھالەت بېقىندى جۈملە دەپ ئاتىلىدۇ.

مەسىلەن: ھەممىگە مەلۇمكى، بىز بېسىپ ئۆتكەن يول تۈپ ـ تۈز بولمىدى، ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلغان چاغلارمۇ، ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان چاغلارمۇ بولدى. (ئىگىنى ئېنىقلىغان)

ماركسىزىم ـ لېنىنىزىمنىڭ ئۇلۇغ كۈچى شۇ يەردىكى، ئۇ ھەر قايسى مەملىكەتلەرنىڭ كونكرېت ئىنقىلاۋىي ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ باغلانغان. (خەۋەرنى ئېنىقلىغان)

باللارنى شۇنىڭغا ئادەتلەندۈرۈش كېرەككى، ئۇلار كىچىكىدىن تارتىپلا ئەمگەك سۆيىدىغان بولسۇن. (تولدۇرغۇچىنى ئېنىقلىغان)

بۇ تاغ شۇنداق ئېگىزكى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچار قاناتلارمۇ ئۆتەلمەيدۇ. (ئېنىقلىغۇچىنى ئىزاھلىغان)

ئۇ شۇنداق خوشال بولدىكى، ھەتتا نىمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. (ھالەتنى ئېنىقلىغان)

### 3. تەركىبىدىكى ئاددى جۈملىلەر ھەم مورفولوگىك شەكىللەر، ھەم ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىق باغلىنىپ كەلگەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە

بۇنداق مۇرەككەپ جۈملىدە بېقىندى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ ئالدىدا، مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئاياقلاشمىغان شەكىلدە، بېقىندۇرغۇچى جۈملە ئاياقلاشقان شەكىلدە كېلىدۇ. بەزى بېقىندى جۈملىلەر ھەم مورفولوگىك، ھەم سىنتاكسىسلىق شەكىللەر بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كەلسە، بەزى بېقىندى جۈملىلەر مورفولوگىك شەكىلدە، بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ ئالدىدىكى باغلىغۇچى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

خىزمەتلىرىمىزدە ناھايىتى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەن تەقدىردىمۇ، مەغرۇرلىنىشقا ۋە كورەڭلەشكە ئەرزىيدىغان ھېچقانداق ئاساسىمىز يوق.

ئومۇمەن، بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋىتى ۋە ئۆز ئارا باغلىنىش يوللىرى ھەم ئۇلارنى باغلايدىغان سىنتاكسىسلىق ئامىللارغا قاراپ، تۈرگە ئايرىش مۇۋاپىق. بۇرۇنقىدەك كونكرېت جۈملىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ تۈرگە بولگەندە، بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملە تۈرلىرى ناھايىتى كوپ بولۇپلا قالماي، بەلكى بىر بىرىدىن پەرق قىلىش ئوقۇش - ئوقۇتۇش ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى كوپ قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باپ ئارىلاش
# مۇرەككەپ جۈملە

## 84 - § ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيتى

تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر ھەم تەڭداشلىق، ھەم بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلىنىپ كەلگەن مۇرەككەپ جۈملە ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

تاغ ھاۋاسى بىردىنلا ئۆزگەردى، سوغ كۈچەيدى، يۇلتۇزلار سوغدىن ۋىلىلدايتتى، ئېغىز - بۇرۇنلارنىڭ ئەتراپى مۇز بىلەن قاپلىنىپ، كوزدىن چىققان ياش ھايت - ھۇيت دىگۈچە كىرپىكلەرنى بىر بىرىگە چۈپلەپ شامدەك قاتۇرۇپ قوياتتى، كىم ئاچقۇسىز شىۋىرغان، قار پارچىلىرى يۈزلەرگە ئۇرۇلۇپ ھەر چاققاندەك ئېچىشتۇراتتى. (زوردۇن سابىر)

بۇ مۇرەككەپ جۈملە 6 ئاددى جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تۆتىنچىسى بىلەن بەشىنچىسى بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە، قالغانلىرى بولسا تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن.

ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەر گە ئىگە.

بىرىنچى، ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەر مەزمۇن ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتىن ھەم تەڭداشلىق، ھەم بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. شۇڭا تەڭداشلىق ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى يەككە - يەككە ئوي - پىكىرلەرنىڭ يىغىندىسىدىن ھاسىل بولغان قوشما ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ.

ئىككىنچى، ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە كەم دىگەندە ئۈچ ئاد-

دى جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. شۇڭا تەركىۋى تۈزۈلۈشى تەڭداش مۇرەككەپ جۈملە بىلەن بېقىندىلىق مۇرەككەپ جۈملىسىگە قارىغاندا مۇرەككەپرەك بولىدۇ.

## §85- ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈرلىرى

ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تۈزۈلۈشى ھەر خىل بولىدۇ، لېكىن تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىڭ باغلىنىش ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلىگەن مەزمۇنى جەھەتتىن مەلۇم ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئەنە شۇ ئورتاق خۇسۇسىيەتكە قاراپ ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) بىر بېقىندى جۈملىنىڭ بىرنەچچە تەڭداش بېقىندۇرغۇچى جۈملىگە باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە

بۇ خىل ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىدىكى بېقىندۇرغۇچى جۈملىلەر تەڭداش مۇناسىۋەتتە ئۆزئارا باغلىنىپ كەلسە، بېقىندى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملىلەرگە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ئورتاق باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئادەم كۆپ بولسا، پىكىر كۆپ بولىدۇ، قىزغىنلىق يۇقۇرى بولىدۇ، غەيرەت زور بولىدۇ.

بۇ ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە تۆت ئاددى جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى ئاددى جۈملە ئاخىرىدىكى ئۈچ ئاددى جۈملە بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە، ئاخىرىدىكى ئۈچ ئاددى جۈملە تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەن.

2) ئۆزىگە خاس بېقىندى جۈملىسى بار بېقىندۇرغۇچى جۈملىلەرنىڭ تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىشىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە

بۇ خىل ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى بېقىندى

جۈملە بىلەن بېقىندۇرغۇچى جۈملە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە، بې‑قىندۇرغۇچى جۈملە تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سىنىپىي كۆرەش بار جەمىيەتتە ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ ئەمگەكچىلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئەركىنلىكى بولىدىكەن، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىگە ئۇچرىماسلىق ئەركىنلىكى بولمايدۇ؛ بۇرژۇئازىيە ئۈچۈن دېموكراتىيە بولىدىكەن، پرولېتا‑رىيات ۋە ئەمگەكچى خەلق ئۈچۈن دېموكراتىيە بولمايدۇ.

(ماۋ زېدۇڭ)

بۇ ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى ئاددىي جۈملە ئىككىنچى ۋە تۆتىنچى ئاددىي جۈملە بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە، بىرىنچى، ئىككىنچى ئاددىي جۈملە ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئاددىي جۈملە بىلەن تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەن.

3) دەرىجىلىك باغلىنىشتىكى بىرنەچچە بېقىندى جۈملىنىڭ بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە ۋە بېقىندۇر‑غۇچى جۈملىنىڭ بىرقانچە ئاددىي جۈملە بىلەن تەڭداش مۇ‑ناسىۋەتتە باغلىنىشىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە

بۇ خىل ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى بېقىندى جۈم‑لە بىر بىرى بىلەن ۋە بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە، بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىلەن ئۇنىڭ ئاخىرىدىكى جۈملىلەر تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئېيتىلىشىچە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دېيىلسىمۇ، نەتىجىسى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش مەدەنىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، مەدەنىيەت ئۈچۈن مەدەنىيەت بولىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا مەدەنىيەت يوقىلىدۇ.

(جۇ ئېنلەي)

بۇ ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە 5 ئاددىي جۈملىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى، ئىككىنچى، ئۈچىنچى ئاددىي جۈملىلەر ئۆز ئارا

بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە، ئۈچىنچى، تۆتىنچى، بەشىنچى ئاددى جۈملىلەر ئۆزئارا تەڭداشلىق مۇناسىۋەتتە كەلگەن.

4) بېقىندى جۈملىسى بار بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىلەن بېقىندى جۈملىسى يوق جۈملىنىڭ تەڭداش مۇناسىۋەتتە كېلىشىدىن تۈزۈلگەن ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە

بۇ خىل ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملە تەركىبىدىكى بېقىندى جۈملە بېقىندۇرغۇچى جۈملە بىلەن بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە كەلسە، بېقىندۇرغۇچى جۈملە باشقا جۈملە بىلەن تەڭداش مۇناسىۋەتتە كېلىدۇ.

مەسىلەن: بىزنى خەلق ماختىغان ئىكەن، تېخىمۇ ئۆسۈشىمىز، تېخىمۇ راۋاجلىنىشىمىز لازىم؛ بۇنىڭ ئۈچۈن تەجرىبىگە ۋە قابىلىيەتكە، ماھارەتكە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

(جۇ ئېنلەي)

بۇ ئارىلاش مۇرەككەپ جۈملىدە تۆت ئاددى جۈملە بولۇپ، بۇنىڭ بىرىنچىسى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچىسىگە بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە، ئىككىنچى، ئۈچىنچىسى بىلەن تۆتىنچىسى تەڭداش مۇناسىۋەتتە باغلىنىپ كەلگەن.

# يىگىرمە توتىنچى باپ كوچۇرمە ۋە ئۆزلەشتۈرمە جۈملە

## 86 - § كوچۇرمە جۈملە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

باشقا بىر شەخسنىڭ ئاپتور گېپى ئىچىگە ھېچقانداق ئۆزگىرىشسىز قوبۇل قىلىنغان گەپلىرى كوچۇرمە جۈملە دېيىلىدۇ.

كوچۇرمە جۈملە ئاپتورنىڭ ئوي - پىكرىنى تېخىمۇ روشەن، تېخىمۇ ئېنىق ھەم ئىسپاتلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. شۇڭا ھەرقانداق شەخس سۆزىنى ئىسپاتلىق ئىپادىلەش ئۈچۈن، باشقا كىشىلەرنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئۆز ئەينى بويىچە كۆچۈرۈۋېلىپ، ئۆز سۆزىدە ئىشلىتىدۇ. كوچۇرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ ئالدىدا، ئاخىرىدا ۋە ئوتتۇرىسىدا كېلىۋېرىدۇ. مەسىلەن:

ئارىدىن يەنە بىرسى لوقما سالدى:

— گۈلخاننىڭ خېتىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئاق بولاق ئەك پارچىسى جەرەن بولاقا كەتتى. (ئەخمەت تۇردى)

— دوختۇرنىڭ بۇيرۇغى ئىدى، قايتا يۇقۇملىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بىرنەچچە ۋاقىت تاقاش كېرەك ئىكەن، مەيلى، ئەمدى سىزنىڭچە بولسۇن، — دېدى گۈلخان ماسكا بىلەن كوزىنىكىنى يانچۇغىغا سېلىپ. (ئەخمەت تۇردى)

قوياتتى تىنىمسىز ئۆز - ئۆزى:
"بۇ نىمە ئۈچۈن؟!" — دەپ بىھساپ سوراق.
غەلىتە ئىشلارنىڭ ئاچچىق ئازاۋى
قەلبىنى تىلاتتى بولۇپ تىغ - پىچاق.

(سۇلتان ماخمۇت)

كوچۈرمە جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1. كوچۈرمە جۈملە ئەسلىدە ئىگىسى قانداق ئېيتقان بولسا، ئاپتور تەرپىدىن ئۆز ئەينى بويىچە (مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىن ھېچقانداق ئۆزگەرتىشسىز) كوچۈرۈپ قوللىنىلغان بولىدۇ.

2. كوچۈرمە جۈملە ئاپتور سۆزىنىڭ ئىچىدە خۇددى جۈملىنىڭ بىر بۆلىكىدەك سىنتاكسىسلىق رولىدا كېلىدۇ. شۇڭا كوچۈرمە جۈملىلەر ئاپتور سۆزىدىكى كېڭەيگەن بۆلەك دەپمۇ قارىلىدۇ.

3. كوچۈرمە جۈملە ئېغىزدا ئۆزىگە خاس ئىنتوناتسىيە، يېزىقتا تېگىشلىك تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئاپتور سۆزىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

## § 87 - ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى

ئاپتور ئۆز پىكرىنى ئىپادىلەشتە شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، مەزمۇنىنى ساقلاپ قالغان ھالدا قوللانغان باشقا شەخسلەر گېپى ئۆزلەشتۈرمە جۈملە دېيىلىدۇ. مەسىلەن:

ماۋ جۇشى ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىنىڭ لازىملىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى. (جۇئېنلەي)

ئۆزلەشتۈرمە جۈملىلەر تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

1. ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى گىرامماتىكىلىق تۈزۈلۈش شەكلىنى ساقلاپ قالالمايدۇ، بەلكى ئۇ ئاپتور سۆزىگە ئۆزلىشىپ، ئاپتور سۆزىنىڭ (جۈملىسىنىڭ) بۆلىكىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. لېكىن ئەسلىدىكى پىكىرنىڭ مەزمۇنى ساقلانغان بولىدۇ.

2. ئۆزلەشتۈرمە جۈملە ئەسلىدىكى ئىنتوناتسىيە مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قالالمىغاچقا، يېزىقتا تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ.

كوچۇرمە جۇملە تىۋەندىكى سىنتاكسىسلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇلىدۇ:

1) كوچۇرمە جۇملىنىڭ خەۋىرىنى ئىسىملاشقان سۇپەتداشلار شەكلىگە ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسىنى ئۇلاش ئارقىلىق:

ستالىن: "ئۇستقۇرۇلما پەقەت ئىقتىساتنىڭ ۋاستىچىلىكى، بازىسنىڭ ۋاستىچىلىكى ئارقىلىقلا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن پەقەت ۋاستىلىك هالدا ئالاقىدار بولۇپ تۇرىدۇ" دىگەن ئىدى.

ستالىن ئۇستقۇرۇلما پەقەت ئىقتىساتنىڭ ۋاستىچىلىكى، بازىسنىڭ ۋاستىچىلىكى ئارقىلىقلا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن پەقەت ۋاستىلىك هالدا ئالاقىدار بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى.

2) كوچۇرمە جۇملىنىڭ خەۋىرىنى هەركەت نامىغا ئۆزگەرتىپ، ئۇنىڭغا شەخس ۋە چۇشۇم كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇش ئارقىلىق:

ئۇ ئۆز سۆزىدە: "ئاكتىپ ئامىللارنى تولۇق ئىشقا سالايلى" دەپ كۆرسەتتى.

ئۇ ئۆز سۆزىدە ئاكتىپ ئامىللارنىڭ تولۇق ئىشقا سېلىنىشىنى تەلەپ قىلدى.

3) كوچۇرمە جۇملىنىڭ خەۋىرىنى شەخس بىلەن تۇرلەنگەن سۇپەتداشلارغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۈچۈن باغلىغۇچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق:

ئالىم ئاكا: "ئوغلۇم 7 ياشقا كىرىپ قالدى" دەپ ئۇنى مەكتەپكە بەرگەن ئىدى.

ئالىم ئاكا ئوغلى 7 ياشقا كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مەكتەپكە بەرگەن ئىدى.

4) ئاپتور سۆزىنىڭ تەركىۋىگە قارىغاندا دىگەن سۆزنى ياكى چە قوشۇمچىسىنى قوشۇش ھەمدە كوچۇرمە جۇملىنىڭ خەۋىرىنى مەجهۇل دەرىجىدىكى سۇپەتداشقا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق:

گېزىت مۇنداق يازىدۇ: "بۇ يىل دىخانچىلىقتىن مول هوسۇل ئېلىندى." گېزىتنىڭ يېزىشىغا قارىغاندا، بۇ يىل دىخانچىلىقتىن

مول ھوسۇل ئېلىنغان ياكى گېزىتنىڭ يېزىشىچە، بۇ يىل دىخان-
چىلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىنغان.

يۇقۇرقى مىساللاردىن شۇنى كورۇش مۇمكىنكى، كوچۇرمە جۇم-
لە ئوزلەشتۇرمە جۇملىگە ئايلاندۇرۇلغاندا، كوچۇرمە جۇملىلەرنىڭ
تەركىۋىدىكى بولەكلەردە ئوزگىرىش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى
ئاپتور سوزىنىڭ تەركىۋىدىمۇ ئوزگىرىش يۈز بېرىدۇ، لېكىن
مەزمۇندا ئوزگىرىش بولمايدۇ.

# يىگىرمە بەشىنچى باپ تىنىش بەلگىلىرى

## 88 - § تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ رولى

پىكىرلىشىش ۋاستىسى بولغان تىل ئىككى خىل شەكىلدە ئىكە، بۇنىڭ بىرى؛ جانلىق تىل، يەنە بىرى، يېزىق تىلى. تىلنىڭ بۇ ئىككى خىل شەكلىنىڭ رولى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن قوللىنىلىش شارائىتى ۋە دائىرىسى ئوخشىمايدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىشلىتىلىش ئورۇنلىرى ۋە ئالاھىدىلىكلىرى بولىدۇ.

جانلىق تىلدا جۈملىدىكى سۆزلەر شۇ سۆزلەرنىڭ ئايرىم ئېيتىلىشىغا قارىغاندا بىرمۇنچە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان بولىدۇ، يەنى جانلىق تىلدا جۈملىدىكى سۆزلەر ئۇرغۇ، ئىنتوناتسىيە، پائۇزا ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق ئوي - پىكىر چۈشىنىشلىك، تەسىرلىك ئىپادىلىنىدۇ. جانلىق تىلدا ئۇرغۇسىز، ئىنتوناتسىيىسىز ۋە پائۇزىسىز سۆزلەنگەن سۆز ۋە جۈملىلەر چۈشىنىشكە قىيىن، زېرىكەرلىك بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ھازىر يېزىق تىلىنىڭ جانلىق تىلغا قارىغاندا سالماقلىقراق رول ئويناۋاتقانلىقى ۋە كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىش شارائىتىغا ئىگە ئىكەنلىكى تېخىمۇ روشەن كۆرۈلمەكتە. يېزىق تىلىنىڭ بۇنداق رولى گىراماتىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرگە ئاساسلانغان تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

تىنىش بەلگىلىرى ئوي - پىكىرنى توغرا، ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىپادىلەشتە، جۈملە ۋە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھەمدە ئۇلارنىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتىكى ئالاھى-

دىلىكلىرىنى كۆرسىتىشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، تىنىش بەلگىلىرى ئوي - پىكىرنى قىسىم، بۆلەكلەرگە ئاجرىتىش ۋە ئۇنىڭ مەنە، تۈزۈلۈش جەھەتتىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھەم پەرقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرىدۇ. شۇڭا، يېزىقى مەلۇم دەرىجىدە قېلىپلاشقان مىللەت ئۆزىنىڭ يېزىق تىلىدا تىنىش بەلگىلىرىنى قوللىنىشنىڭ بەلگىلىك قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە ئەمەل قىلىدۇ.

ئۇيغۇر - يېزىق تىلىدا يېقىنقى دەۋرگىچە تىنىش بەلگىلىرى، ئاساسەن قوللىنىلمىغان. پەقەت ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە قېلىپلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېقىنقى دەۋردىن بۇيان، بولۇپمۇ ئازاتلىقتىن كېيىن، گىرامماتىكىلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەر ئاساسىدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان تىنىش بەلگىلىرى قوللىنىلىشقا باشلىدى. لېكىن ھازىر تىنىش بەلگىلىرىنى بەلگىلەش ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلىش جەھەتتە بىر قىسىم مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ، تىل تەتقىقاتىدىكى مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى. نۆۋەتتە ئۇيغۇر يېزىق تىلىدىكى تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئىشلىتىلىش قائىدىلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش زۆرۈر.

## 89- § ئۇيغۇر تىلىدىكى تىنىش بەلگىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئاساسىي ئىشلىتىلىش قائىدىلىرى

تىنىش بەلگىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش قائىدىلىرى شۇ مىللەتنىڭ تىلىدىكى جۈملە، جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، مەزمۇنى، شۇنىڭدەك جانلىق تىلدىكى ئىنتوناتسىيە، پاۋزا، ئۇرغۇ ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئاساس قىلىشى لازىم. مانا بۇ، تىنىش بەلگىلىرىنى بەلگىلەش ۋە قوللىنىشتا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋە تۈپ پىرىنسىپ.

ھازىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا قوللىنىلىۋاتقان تىنىش بەلگىلىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

| | |
|---|---|
| 1. چېكىت (.) | 8. يالاڭ پەش (' ') |
| 2. سوئال (؟) | 9. قوش تىرناق (« ») |
| 3. ئۈندەش (!) | 10. يالاڭ تىرناق (‹ ›) |
| 4. پەش (،) | 11. تىرناق ( ) |
| 5. چېكىتلىك پەش (؛) | 12. سىزىقچە ( - ) |
| 6. قوش چېكىت (:) | 13. سىزىق ( — ) |
| 7. قوش پەش (" ") | 14. كۆپ چېكىت (......) |

بۇلار رولىغا قاراپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ: بىرى، جۈملە ۋە جۈملە تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان تىنىش بەلگىلەر؛ يەنە بىرى، جۈملە ۋە جۈملە تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان تىنىش بەلگىلەر.

جۈملە ۋە جۈملە تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنە ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدىغان تىنىش بەلگىلەر:

## 1. چېكىت

ئاددىي ۋە مۇرەككەپ شەكىلدىكى بايان جۈملىلەر ۋە رەقەملەر بىلەن ئىپادىلەنگەن دەرىجە سانلارنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تۇراخۇن دەريا بويىغا باردى. بۇ يەردە يۇرت ئىچىگە سۇ كېلىدىغان چوڭ ئۆستەڭنىڭ سېمونت - بېتون تۇمىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئاپپاق بىناسى قەد كۆتىرىپ تۇراتتى.

(قېيۇم تۇردى)

## 2. سوئال

ئاددى ۋە مۇرەككەپ، شەكىلدىكى سوئال جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تىلنى نېمە ئۈچۈن ئۆگىنىش كېرەك ۋە ئۆگەنگەندىمۇ ناھايىتى زور ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش كېرەك؟

ئەگەر سوراق مۇرەككەپ جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى ھەر بىر ئاددى جۈملىنى ئالاھىدە تەكىتلەش توغرا كەلسە، مۇنداق جۈملىلەرنىڭ ھەر بىرىدىن كېيىن سوئال بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ھازىرقى ھەركەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟ ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرى قانداق؟ بۇ ھەركەتكە قانداق يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك؟ مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىي مەسىلىلەر.
(ماۋ زېدۇڭ)

## 3. ئۈندەش

ھەرخىل شەكىلدىكى ئۈندەش جۈملىلەر ۋە كوتىرەڭگۇ ئاھاڭدا ئېيتىلغان بۇيرۇق جۈملىلەردىن كېيىن ئۈندەش بەلگىسى قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئەي زەرەپشان، زەرەپشان، سېنى نېمىشقىمۇ ئالتۇن - زەر ئاقىدىغان دەريا دېيىشكەن! سەندە ئېقىۋاتقىنى قان - يېرىنىڭ، يۈرەكنىڭ زەرداپ سۈيى ئەمەسمۇ!؟ (قېيۇم تۇردى، «كۈرەشچان يىللار»)

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى ياشىسۇن!

بەزى جۈملىلەر بىرلا ۋاقىتتا ھەم سوراق، ھەم ئۈندەش مەزمۇنىدا بولىدۇ. مۇنداق جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا سوئال بەلگىسى بىلەن ئۈندەش بەلگىسى قاتار (قايسى جەھەت كۈچلۈك بولسا، شۇ بەلگە ئالدىغا) قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

— مېنىڭ ئېتىمۇ توختى، ئايىغىم يەرگە تەككەندىن تارتىپ ساڭا ھەقسىز ئىشلەۋاتىمەن، زادى قايسىمىز قەرزدار؟! — دەپ بايغا ئىككىلىمىتۇ. (قېيىيۇم تۇردى: «كۈرەشچان يىللار»)

## 4. قوش تىرناق ۋە يالاڭ تىرناق

جۈملە ئىچىدە كەلگەن كىتاپ، گېزىت، ژورنال ۋە ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

پارتىيىنىڭ سەممى غەمخورلۇغىدا «شىنجاڭ ئۇسمۇرلىرى» گېزىتى ھەر مىللەت ئۇسمۇرلىرى بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشتى.

قېيىيۇم تۇردىنىڭ «كۈرەشچان يىللار» رومانى نەشردىن چىقتى.

قوش تىرناق ئىچىدە كەلگەن كىتاپ، گېزىت، ژورنال ۋە ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى يالاڭ تىرناقنىڭ ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

بىز يولداش ماۋ زېدوڭنىڭ «‹يېزىلارنى تەكشۈرۈش› كە كىرىش سۆز ۋە ئاخىرقى سۆز» دىگەن ئەسرىنى قايتا ئۆگەندۇق.

## 5. قوش پەش ۋە يالاڭ پەش

ئاپتور سۆزىنىڭ ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە جۈملە ۋە كۆچۈرمە سۆزلەر قوش پەش ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

يولداش ستالىن: "تىل تەپەككۇر بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولىدۇ، ئۇ، ئادەمنىڭ تەپەككۇر قىلىش پائالىيىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى، بىلىش پائالىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى سۆزلەر ۋە سۆزلەردىن تۈزۈلگەن جۈملىلەر بىلەن خاتىرىلەيدۇ ۋە مۇقىملاشتۇرۇپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت جەمىيىتىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلىدۇ." دىگەن ئىدى.

كۆچۈرمە جۈملىنىڭ ئىچىدە كەلگەن كۆچۈرمە جۈملە ۋە كۆچۈرمە سۆزلەر يالاڭ پەش ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

يولداش ستالىن تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتىنى سۆزلەپ كېلىپ: "تىل ماتېرىيالىدىن خالى بولغان، تىلنىڭ 'تەبىئىي ماددىسى' دىن خالى بولغان ياپ - يالىڭاچ پىكىرلەر مەۋجۇت ئەمەس. 'تىل — پىكىرنىڭ بىۋاستە رېياللىقى' پىكىرنىڭ چىنلىقى تىلدا ئىپادىلىنىدۇ." دېگەن ئىدى.

## 6. سىزىق

سىزىق بەلگىسى مەزمۇن جەھەتتىن تەڭ دەرىجىدىكى ئىزاھلانغۇچى بىلەن ئىزاھلىغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياكى مەزمۇن جەھەتتىن تەڭ دەرىجىدىكى ئىگە قىسىم بىلەن خەۋەر قىسمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تىلنىڭ گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي لۇغەت فوندى — تىلنىڭ ئاساسى ۋە تىل خۇسۇسىيىتىنىڭ ماھىيىتى.

ئىنسان تاشقى ئالەمگە باغلىق — تاشقى ئالەم ئىنسانىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

ئىشچىلارغا، كادىرلارغا، ئوقۇغۇچىلارغا — بارلىق كىشىلەرگە يېڭى دەۋردىكى باش ۋەزىپىنى ئوبدان چۈشەندۈرۈش لازىم.

## 7. كۆپ چېكىت

كۆپ چېكىت ئاپتور پىكرىنىڭ تولۇق ئىپادىلەنمىگەنلىكىنى، بەزى پىكىرلەر (سۆز، جۈملىلەر) نىڭ قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە بولۇپ، تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا قوللىنىلىدۇ:

ا) ئاپتور سۆزىنىڭ قالدۇرۇلغان قىسمىنى ۋە نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئۈزۈندىنىڭ قالدۇرۇلغان قىسمىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

يولداش ستالىن تىلنىڭ رولىنى سۆزلەپ كېلىپ: "تىل شۇنداق ۋاستە ۋە قورالكى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز ئارا

يىگىت ئالماشتۇرىدۇ، ئالاقىدە قىلىشىدۇ، بىر بىرىنى چۈشىنىشىدۇ...»
دېگەن ئىدى.
2) سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزىدىكى تەكرارلىنىش، توختىلىش ۋە دۇدۇقلاشنى كۆرسىتىش ئۈچۈن كۆپ چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
ئۇ مەگدىگەن ھالدا قولىدىكى قەلەمنى ئەپسىز تۇتۇپ تۇرۇپ:
— مەن ..... مەن ..... يېزىشنى بىلمەيمەن، — دېدى. (لۇشۈن)
3) دىيالوگلاردا جاۋاپسىز قالدۇرۇلغان ئورۇنلار كۆپ چېكىت بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. مەسىلەن:
دۈشمەن ئەسكەرلىرى بالىنى سوراق قىلىشقا باشلىدى:
— ئېتىڭ نىمە؟
— .....
— سەن بۇ يەرگە نىمە ئۈچۈن كەلدىڭ؟
— .....

## جۈملە ۋە جۈملە تەركىۋىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان تىنىش بەلگىلەر

### 8. پەش

پەش — كۆپ قوللىنىلىدىغان تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرى، ئۇ تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ:
1) مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن پەش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:
يېرىم كېچە، ھەممە ياق جىمجىت، يالغۇز ئەنە بىر ئۆيدە چىراق، بىر جەگچى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن كىتاپ ئوقۇپ ئولتۇرار شۇ چاغ. (ئىمەت جاپپار)
2) جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنىڭ ئارىسىغا پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:
قاۋۇلاخۇن ئېگىز بويى، چوڭ كۆز، قاپقارا بۇرۇتلىرى ئۆزىگە

ياراشقان خۇشخۇي ئادەم ئىدى.

3) جۈملە بىلەن گىرامماتىكىلىق باغلىنىشى يوق سۆزلەر جۈملىدىن پەش ئارقىلىق ئايرىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

پاھ، نىمە دىگەن ئوماق بالىلار بۇ!

بۇ مەسىلە، دەرۋەقە، ئەمدىلىكتە كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولۇپ قالدى.

4) جۈملىدە نىگە بولۇپ كەلگەن ئۇ، بۇ ئالماشلىرىنىڭ ئۆزىدىن كېيىنكى سۆزلەرگە ئېنىقلىغۇچى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلاردىن كېيىن پەش قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

بۇ، مەسلىكە ئەتراپلىق قارىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

## 9. چېكىتلىك پەش

مۇرەككەپ جۈملىلەر تەركىۋىدىكى مەزمۇن جەھەتتىن يېقىن چوڭ قىسىملارنى ئايرىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، چېكىتلىك پەش قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

دەريا بولسا كۆز يەتمەيدىغان كەڭلىككە يېيىلىپ، گاھ تۇرۇلۇپ ئۇركەشلەپ، گاھ ئۇركەش دولقۇنلىرى ئەتراپقا قاراپ قىرغاق چېقىپ، دولقۇنلىنىپ ئاقماقتا؛ دەريانىڭ يۈزى خۇددى چوڭ - چوڭ نەپەس ئېلىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆكرىكىدەك بىر كۆتىرىلىپ، بىر پەسلەيتتى. (قېيۇم تۇردى: «كۈرەشچان يىللار»)

## 10. قوش چېكىت

قوش چېكىت ئالدىنقى ئوي - پىكىر بىلەن كېيىنكى ئوي - پىكىرنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە بولۇپ، تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا قوللىنىلىدۇ:

1) ئومۇملاشتۇرغۇچى سۆز ۋە ئومۇملاشتۇرغۇچى جۈملىلەردىن

كىيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

دانىلىق ئىرانئەتلەر: بۇغداي، قوناق، شال ۋە باشقىلار ناھايىتى ئوخشىدى.

زىددىيەت ئىككى خىل بولىدۇ: خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت، دوس - دۇشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت.

2) كوچۇرمە جۇملىنىڭ ئالدىدا كەلگەن ئاپتور سوزىدىن كىيىن قوش چېكىت قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

تەمتىرەپ - ئاڭگىراپ قالغان دىخان:

— غوجام، مىنى بۇ پالاكەتتىن قۇتقۇزسىلا، ئاتىمۇ، نويۋاقىمۇ ئۇتتۇم، — دەپ ئىختىيارسىز تىزلىنىدۇ. (قېيۇم ئۇردى: «كۆرەشچان يىللار»)

## 11. تىرناق

1) ئىزاھات ئورنىدا كەلگەن سوز ۋە جۇملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن:

ئەگەر قايتۇرۇپ ھىساپلىسام، ئوتكەن يىگىرمە يىل ئىچىدە پەقەت ئىككى قېتىم ئويۇن (چاڭچىلە) كوردۇم. (لۇشۇن)

2) سەھنە ئەسەرلىرىدە پىرسوناژلارنىڭ ھىس - تۇيغۇ ۋە يۇرۇش - تۇرۇشلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سوز - جۇملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

3) كوچۇرۇلگەن ياكى نەقىل ئېلىنغان جۇملىلەرنىڭ قەيەردىن ئېلىنغانلىقى ياكى كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى كورسىتىدىغان سوز - جۇملىلەر تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ.

## 12. سىزىقچە

1) جۇپ سوزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىزىقچە قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

ئەدەبىيات - سەنئەت، شەك - شوبھە، ئوپۇل - توپۇل.

2) ھە، دە يۇكلىمىلەرنىڭ ئالدىغا سىزىقچە قويۇپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

جانىۋارلار تولۇمدەك سەمرىپتۇ ـ دە.

پاھ، بۇ نىمە دېگەن كوركەم، خۇش پۇراق گۈل ھە ـ!

3) سوزلەرنى قۇردىن قۇرغا بولۇپ كوچۇرۇشتە سىزىقچە قوللىنىلىدۇ.

现代维吾尔语
编著者：那斯肉拉
编　辑：阿布勒米提斯地克
马木提沙比提
（维吾尔语）
新疆人民出版社出版
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
850×1168毫米32 开本$11\frac{1}{8}$ 印张
1980年10月第一版 1981年2月第一次印刷
印数：1—8.200册
统一书号：M7098.39 定价：0.60 元